«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物


XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ



ئۇستاز ئەدىب، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى
تەتقىقاتچىسى مەرھۇم ئابدۇللا تالىپ
ئەپەندى (1924 ـــ 2005.5.28)

ـــ مۇرادىل ئابد فوتوسى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化


2

2007

ISSN 1008-6498

03>

9 771008 649003



**شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان، ئاخبارات نەزەرىيىچىسى مۇختار مەخسۇت ئەپەندى**

ۋەكىللىك ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن: «ئاشىقلار سىرى»، «تەنھا قېيىق» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى: «ئاخبارات يېزىقچىلىق ماھارىتى»، «مۇخبىرلىق سەنئىتى» ناملىق تەتقىقات كىتابلىرى: خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان كىتابلاردىن «غەربكە ساياھەت» (رومان، 2 قىسىم)، «يېڭى ئەسىر: مۇتەپەككۇرلار ساداسى»: خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن كىتابلاردىن «ئىلاھە چوققىسى» (شېئىرلار توپلىمى)، «كاتىبات يېزىقچىلىقى»، «بالىلارنى ئورتاق تىلدا تەربىيىلەيلى»، «يېزىقچىلىق» (2 قىسىم) نەشر قىلىنغان.

●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق●

## بۇ ساندا

### چىن ئىنسان ھەققىدە قىسسە

بۇركۇت چۈجىلىرىنىڭ پەرۋازى ............(ئوچېرك) ............ياسىنجان سادىق چوغلان 2

### تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى ............ ............ شەمشىقەمەر ئەبەيدۇللام قاتارلىقلار 18
پاراسەت ............ ............ ماموتجان نۇرمۇھەممەت تەرجىمىسى 26

### تىكەنلىك گۈللەر

60 ياشتا ئويلىغانلىرىم ............ ............ نۇرمۇھەممەت توختى 27

### ئەدىبلەر شەجەرىسى

يىللار ۋە ئەقىدە ............ ............ .يالقۇن روزى 33

### خانىم - قىزلىرىمىز نېمە دەيدۇ

ھەق گەپ قىلغان ئوغلانغا بارىكاللا ............ ئانىقىز مۇھەممەتىيىت 36

### قىرتاق پاراڭلار

ھايات ............ .ئەسقەر ئەھمىدىي تەرجىمىسى 39
كەينىمدىكى غەيۋەتلەر ............ يۇسۇپجان مۇھەممەت تۇغيان تەرجىمىسى 39
ئىككى مەسەل ............ ئابلىز ساقى پەزىلەتشاھ تەرجىمىسى 40
بارغانسېرى ئوخشاپ قېلىش ............ ئابلەت ئابلىز سەردارىي تەرجىمىسى 40
... نىڭ باھاسى ............ ئەزىز تۇردى ئاقھون تەرجىمىسى 40
ئادەمىي سالام - سەھەت ئىلىك ئېلىشقا، خالسانە ياردەم بارىكاللا - رەھمەتكە تەشنا
بولماقتا ............ .سېيت تىلىۋالدى تەرجىمىسى 41
ئوغلۇمنىڭ ھەيرەتلىرى ............ پولاتجان ۋېلاخۇن ئېلى 42
بۇرۇنقىغا يۇز كېلەلمەيدىغان بەزى «تەرەققىيات»لىرىمىز... (فېليەتون)............ .مەمتىمىن ئابلىز 43
ئاۋۇتكامنىڭ ئىلتىماسى............ (« ») ............ .ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 44
دادامنىڭ ساراڭلىقى............ (« ») ............ روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ 45

### ھېكايە تېخى ئاخىرلاشمىدى

چۈش ۋە ئامانەت ............ .ئاينۇر دولقۇن 47

### مەنمۇ قارىشىمنى قويۇپ باقاي

بىزگە زورلۇرى قەتئىي ئېنىقلىق ............ .ئابلەت مۇھەممەت 52

### تەقدىرلىك تەدبىرلەردە

ئىشسىزلىقمۇ ياكى ئىقتىدارسىزلىقمۇ؟ ............ ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي 75

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: بەھرام قۇربان سىنتاش (تەكلىپلىك)؛ ژۇرنال نامىنى يازغۇچى: سولايمان ئىسمائىل (تەكلىپلىك).

**بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا دىكتورى: قۇربان ماموت**


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 56- يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2007- يىل 2- سان
( ئومۇمىي 284- سان )

باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى** ( قوشۇمچە )
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش
مۇھەررىر:
**قۇربان ماموت**
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

تەكلىپلىك مۇھەررىر:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىستىر ئاسپىرانتى )




# چىن ئىنسان ھەققىدە قىسسە

*ئىبادەت ئەسلى خەلققە خىزمەت قىلىش،*
*مەسچىت، جاينامازدا ئەمەس بۇ ئىش.*

*— شەيخ سەئدى شىرازى*

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ بىرلا مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلدى. غايە ئۈچۈن قىلىنغان بۇ كۈرەش ـ مېھنەتلەر ئەتىنىڭ پارلاق، گۈزەل يولىنى ئاچتى، بۈيۈك ئارمانلارنىڭ مەنزىلىنى كۆرسەتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، تارىخنىڭ ئىنئامى يەنىلا غايىلىك، ئىرادىلىك كىشىلەرگە مەنسۇپ بولۇپ كەلدى.

تارىختىن بېرى ئىككى ئەزىم دەريا ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئەزىزانە قەشقەر بېشىدىن تالاي ئىسسىق ـ سوغۇق، بوران ـ چاپقۇننى ئۆتكۈزۈپ، خۇددى مۇقەددەس، بۇزرۇكۋار ئانىغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈللۈكى، كۆيۈمچانلىقى، چىدام ـ غەيرىتى بىلەن ساخاۋەتلىك ئىللىق باغرىدا كۈرمىڭلاپ ئەلسۆيەر، ۋاپادار، مەردۇ ـ مەردانە ئەزىمەتنى بېقىپ ئۆستۈردى. ئاشۇ مەرد ئوغلانلار ئۆز نۆۋىتىدە پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلاپ ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ـ مىللەت ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتتى. ھالال مېھنەت ئەجرىدىن خۇش پۇراق گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ، ئانا قەشقەرنىڭ چېكىسىگە قىستى. ھەئە، ھەممىمىزگە تولىمۇ ياققان «سوۋغات» دېگەن ناخشىدا ئېيتىلغانغا ئوخشاش:

*بىر تال گۈل سورىساڭ،*
*بىر قۇچاق بېرەي...*
...

ھەقىقەتەن بۇ ناخشا مەردۇ ـ مەردان ئوغلانلارنىڭ ناخشىسى. بۇ ناخشىنى ئېيتماق ئاسان بولغان بىلەن، چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ، دېگىنىگە ئەمەل قىلىپ ئېيتماق تولىمۇ تەس. بېلىگە شىجائەت كەمىرىنى مەھكەم باغلاپ، خالىس نىيىتى بىلەن بوزغا ئۇرۇق چېچىپ، ھالال مېھنىتى بىلەن ئازغان ـ تىكەنلەر ئارىسىدىن گۈل

ئۆستۈرۈپ، گۈلزارلىق بەرپا قىلالىغانلارلا ئەنە شۇنداق بىر تال گۈل سورىغانلارغا بىر دەستە، بىر قۇچاق گۈل بېرەلەيدۇ. ۋەتەن باغرىنى خۇش پۇراق، تۇزىماس گۈللەرگە پۈركىيەلەيدۇ.

## 1

2006-يىل ئۆكتەبىر.

بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەن ئەزىزانە قەشقەر خەلقىنىڭ چېھرىدە ئاللىقانداق بىر خۇشاللىق، پەخىرلىك تۇيغۇلار جىلۋە قىلاتتى. ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، قېرىلار ھەتتا ئاياللار، بالىلار قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ پۇتبول مەيدانىغا سەلدەك ئاقاتتى. ھەئە، مۇشۇ كۈنلەردە قەشقەر شەھىرىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پۇتبولچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا «ئاپتونوم رايون بويىچە ‹ئىسكەندەر لوڭقىسى›نى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى»-ئەزىمەتلەر مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىۋاتاتتى. ئاشخانىلار، كوچا ئاپتوبۇسلىرى، يول دوقمۇشلىرى، ئاۋات رەستىلەر ھەتتا خالتا كوچىلاردا ھەرخىل تەبىقىدىكى كىشىلەر ئوخشاش بىر تېمىدا سۆزلىشەتتى. قىزغىن مۇنازىرە قىلىشاتتى. ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ياقلاپ، قىزىرىشىپمۇ قالاتتى تېخى.

— سىلىچە، «ئىسكەندەر لوڭقىسى»نى قايسى كوماندا ئالار؟

— قايسى كوماندا ئالاتتى، چوقۇم «ئەمەن» پۇتبول كوماندىسى ئالىدۇ.

— كېسىپلا ھۆكۈم چىقىرىۋەتتىلىمۇ قايداغ؟

— قايداغ دەيدىلا؟

— «ئەمەن» پۇتبول كوماندىسىدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ ماھارىتىگىمۇ گەپ كەتمەيدۇ. نەچچە كۈندىن بېرى ئوينىغان مۇسابىقىسىنىمۇ كۆرۈۋاتىمىز. لېكىنزە، باللار تېخى كىچىك، قانىتى قاتمىدى. ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىغىچە بەرداشلىق بېرەلمەسمىكىن.

— باغلىشامدۇق. «ئىسكەندەر لوڭقىسى»نى چوقۇم «ئەمەن» پۇتبول كوماندىسى ئالىدۇ. كوماندىدىكى باللار كىچىك بولغىنى بىلەن ماھارىتى تولىمۇ يۇقىرى ئىكەن.

— مېنىڭمۇ ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى «ئەمەن» پۇتبول كوماندىسىغا بولغان ئىشەنچىم ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇ باللارنى ھەرگىز كىچىك كۆرمىسىلە، ماھارىتى چوڭلاردىن يۇقىرى ئىكەن.

— دېگەنبىلەن يەتتە يېشىدىن باشلاپ مەخسۇس پۇتبولدا تەربىيىلەنگەن باللار- دە، ئۇلار.

— «ئەمەن» پۇتبول كوماندىسى بۇ قېتىمقى«ئىسكەندەر لوڭقىسى»نى ئالالىسا، غېنىھاجىمنىڭمۇ ھاردۇقى چىقاتتى دېسىلە.

— غېنىھاجىممۇ ئاز زېھنىنى سەرپ قىلمىدى بۇ باللارنى تەربىيىلەشكە.

— ئاشۇ باللارنى تەربىيىلەشكە پۇلنىمۇ ئايىماي خەجلىدى دېسىلە.

— شۇنچە يىلدىن بېرى 30نەچچە بالىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن بەل قويۇۋەتمەي خىراجەت ئاجرىتىش ئاسان ئىش ئەمەس جۇما.

— بىز جېنىمىزدا بىر- ئىككى بالىمىزنى ئوقۇتۇش ئۈچۈنمۇ خېلى ھەرەج تارتىمىز دېسىلە.

— غېنىھاجىم ھەقىقەتەن ئەزىمەت ئىكەن.

— دادىسى رەھمەتلىك چوڭ بولغاندا غېنى باتۇردەك ئادەم بولسۇن دەپ ئاشۇنداق ئىسىم قويغان بولغىيتتى ھەقچان.

— خېلى - خېلى بېسىم - قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپتۇ.

— تەربىيىلىگەن باللىرىنى باشقا كوماندىلارغا ئېپقاچقان ئىشلارمۇ بولاپتىمىش.

— ئاشۇنداغ نامەردلىكمۇ بولاپتىمۇ تېخى.

— بولمايچۇ ئەمىسە.

— ھەي ي... تەييارغا ھەييار ئادەملەر كۆپ جۇما.

— ئازغىنا پايدا- مەنپەئەت ئۈچۈن...

— χχ نى سېتىشتىنمۇ يانمايدۇ بەزى نائەھلىلەر.

— ئۇنداقلارنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ.

— غېنىھاجىم ئۈچۈن بۇ بىر ئۆۋالچىلىققۇ؟

— لېكىن غېنىھاجىممۇ چىداشلىق، كەڭ قورساق، مەرد كىشى. بۇنچىلىك ئىشلار ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى.

— شۇڭا«ئەمەن» پۇتبول كوماندىسى مانا مۇشۇنداق سەۋىيىلىك كوماندا بولاپ يېتىشىپ چىقتى. بۇ نۆۋەت ئۇلارنىڭ «ئىسكەندەر لوڭقىسى»نى قولغا كەلتۈرۈشىدە گەپ يوق جۇما.

— «مەردنى مەيداندا سىنا»دەپتىكەن. قالغىنىنى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە كۆرىمىزغۇ.

— شۇنداق، نەتىجە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە مەلۇم بولىدۇ.

— ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىنى چوقۇم كۆرەيلى جۇما.

— چوقۇم كۆرىمىز.

... ...

نەتىجە، شان — شەرەپكە ئىنتىلمەيدىغان ئادەم يوق. ھەركىم ئۆز ھالال ئەجىر — مېھنىتىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. غېنىھاجىممۇ ھەم شۇنداق. قەشقەر شەھىرىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ‹ئىسكەندەر لوڭقىسى›نى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى» باشلانغاندىن بېرى غېنىھاجىم تۈزۈك ئارام ئالمىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ نەچچە مىليونلۇق سودىسىنىمۇ، ئىللىق ئائىلىسىنىمۇ، ھەرقاچان يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرىدىغان كۆيۈمچان ئايالى، سۆيۈملۈك — ئوماق پەرزەنتلىرىنىمۇ ئۇنتۇغاندى. ئېسىيادى مۇسابىقىدە، مۇسابىقە مەيدانىدىكى توپنى قارشى كوماندىنىڭ ۋاراتاسىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن يولۋاستەك جاسارەت كۆرسىتىپ، شىددەت بىلەن ئېلىشىۋاتقان «ئەمەن» پۇتبول كوماندىسىدىكى شاكىچىك ئەزىمەتلەردە ئىدى. مۇسابىقە جەريانىدا كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن، كوماندا ئەزالىرىنىڭ يارىلىنىپ قېلىشىدىن ۋايىم يەيتتى. قارشى كوماندا ئەزالىرىنىڭ قەستەن پۇتلىشى، ئىتتىرىۋېتىشى، سوقۇۋېتىشى، جەينەكلىشى، دەسسەپ - تېپىۋېتىشى نەتىجىسىدە كوماندا ئەزالىرىنىڭ موللاق ئېتىپ يىقىلىپ چۈشكىنىنى كۆرسە، ئولتۇرغان ئورنىدا تىپىرلاپ كېتەتتى. يىقىلىپ چۈشكەن ئاشۇ شاكىچىك ئەزىمەتلەرنىڭ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئارسلاندەك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ يۈگۈرگىنىنى كۆرگىنىدە جىددىيلىك

قاپلىغان چېھرىدە قايتا ھاياجان جىلۋە قىلاتتى؛ ئۆتكۈر چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق بالقىيتتى. ھەئە، كۆيۈمچان، مەسئۇلىيەتچان غېنىھاجىم شۇ دەقىقىلەردە مۇكاپات لوڭقىسىنىڭ غېمىدە ئەمەس، كوماندا ئەزالىرىنىڭ غېمىدە پۇچۇلىناتتى. يېنىدا بىللە ئولتۇرۇپ «ئەمىن» پۇتبول كوماندىسىغا مەدەت بېرىۋاتقان جانجىگەر بۇرادەرلىرى غېنىھاجىمنىڭ چىرايىدىكى بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ، كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن چاقچاق قىلاتتى:

ــ نېمانچە جىددىيلىشىلا، غېنىھاجىم. خاتىرجەم بولسىلا، مۇكاپات لوڭقىسىنى چوقۇم«ئەمىن» پۇتبول كوماندىسى ئالىدۇ. كۆڭۈللىرىنى توق تۇتۇپ خاتىرجەم ئولتۇرسىلا ئارتۇقچە غەم قىلماي.

غېنىھاجىم كۆزلىرىنى پۇتبول مەيدانىدىن ئۈزمەي تۇرۇپ، مىيىقىدا كۈلگىنىچە خاتىرجەم جاۋاب بېرەتتى:

ــ ئەلۋەتتە لوڭقىمۇ مۇھىم. كوماندىمىزنىڭ «ئىسكەندەر لوڭقىسى»نى قولغا كەلتۈرۈشىگە ئىشەنچىم كامىل. ئەمما، ئەنسىرەۋاتقىنىم بۇ ئەمەس، باللارنىڭ بىخەتەرلىكى. ئۆزىدىن سەككىز ـ ئون ياش چوڭ ئادەملەر بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈۋاتىدۇ ئەمەسما. تاسادىپىي زەخىملىنىپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن. «ئەمىن» كوماندىسىنىڭ ئالدىدا يەنە تېخى نى ـ نى مۇسابىقىلەر بار ئەمەسما؟

يەڭگىلتەكلىك بىلەن چاقچاق قىلىپ سالغانلىقىنى ھېس قىلىشقان دوستلىرى غېنىھاجىمنىڭ بۇ كۆيۈمچانلىقى، ئىنسانىي پەزىلىتىدىن تەسىرلىنىپ خىجىل بولۇشۇپ دەررۇ غېنىھاجىمنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا تىرىشاتتى:

ــ راست دېدىلا. باللار ئامان ـ ئېسەن بولسا، كەلگۈسىدە مەملىكەتلىك ھەتتا دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىلىرىدە كارامەت كۆرسەتكىنىنى كۆرىمىز تېخى ئۇ شۇڭقارلارنىڭ.

مۇسابىقە ئارىلىقىدىكى قىسقىغىنا دەم ئېلىشتا ، مۇسابىقە ئاخىرلاشقاندا كوماندا ئەزالىرىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن غېنىھاجىم يىقىلىپ چۈشكەن كوماندا ئەزالىرىدىن ئەڭ ئاۋۋال ئەھۋال سورايتتى. زەخىملەنگەن ـ زەخىملەنمىگەنلىكىنى تەپسىلىي ئۇقۇشاتتى. كوماندا ئەزالىرىنىڭ جاۋابىدىن خاتىرجەم بولالماي دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلاتتى.

ــ باللىرىم، بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىڭلار، زەخىملىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار، پۇتلايدىغان، ئىتتىرىۋېتىدىغان... چېدىماسلىقلار سىلەردە قەتئىي كۆرۈلمىسۇن. روھىڭلار كۆتۈرەڭگۈ بولسۇن. شەخسىي قەھرىمانلىق قىلماڭلار. ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار، ـ دەپ جېكىلەيتتى غېنىھاجىم.

مانا بۈگۈن ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە.

«ئەمىن» پۇتبول كوماندىسى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى 1 ـ دوختۇرخانا كوماندىسى«ئىسكەندەر لوڭقىسى»نى تالاشماقتا. ئەمدىلا 16ياشقا قەدەم قويغان «ئەمىن» پۇتبول كوماندىسىدىكى شاكىچىك ئەزىمەتلەر ئۆزىدىن تۆت ـ بەش ياش ھەتتا يەتتە ـ سەككىز ياش چوڭ ئاكىلىرى بىلەن مۇسابىقىلەشمەكتە. تۈمەنلىگەن تاماشىبىنىنىڭ چېھرىدە ھاياجان، كۆزلىرىدە جىددىيلىك؛ ئالقىش ـ بارىكاللا سادالىرى، مەدەتلەر، ئەپسۇسلۇق غۇدۇراشلار ئەتراپنى بىر ئالغان. غېنىھاجىم بولسا كۈندىكىدىن بەكرەك سالماقلىق بىلەن ئولتۇراتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ چېھرىدىن ھاياجان بالقىيتتى. ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن«ئەمىن» پۇتبول كوماندىسىدىكى ھەربىر ئەزىمەتنىڭ ئۇششاق ھەرىكەتلىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

«ئەمىن» پۇتبول كوماندىسىدىكى شاكىچىك ئەزىمەتلەر ناھايىتى ياخشى ماسلىشىپ توپ تېپىۋاتاتتى. ئىنكاسىنىڭ تېزلىكى، چاقماقتەك ھۇجۇمغا ئۆتۈشلىرى، پىلانلىق ھۇجۇم تەشكىللەشلىرى، چاققان، ماھارەتلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن قارشى تەرەپ كوماندا ئەزالىرىنى ئالداپ مۇداپىئە كۆرۈشلىرى ، سەزگۈرلۈك بىلەن ئارقا، يان تەرەپلەرگە پاس بېرىشلىرى، ئۆتكۈرنەزەرلىرى بىلەن مەيداندىكى بوشلۇقلارنى كۆزىتىپ، قارشى تەرەپ كوماندىسىنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىشلىرى مۇسابىقە كۆرۈپ ئولتۇرغان پۇتبول مەستانىلىرىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەتتى. توپ «ئەمىن» كوماندىسىدىكى ئەزىمەتلەرنىڭ ھېلى بېشىدا، ھېلى كۆكرىكىدە، ھېلى پۇتىدا سەكرەيتتى. پىشقان بۇ ماھارەتلەرنى كۆرگەن تاماشىبىنلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي چۇقان سالاتتى، بارىكاللا ـ ئالقىش ياڭرىتاتتى. ھۇجۇمچىلاردىن ئۆمەر ھېسامىددىن، ئادىل قۇربان، ئالىم تەۋەك شىددەتلىك ھۇجۇملىرى بىلەن قارشى كوماندا ئەزالىرىنى ئامالسىز قالدۇرسا، ۋاراتارنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىپ، كۈچلۈك بېسىم پەيدا قىلاتتى. ئوتتۇرا مەيداندىكى ھەسەن نەبى، خالمۇرات، مىرزاھىدلار چاقماقتەك ھەرىكەتلىرى بىلەن ئوتتۇرا مەيداننى پۇختا كونترول قىلىپ، ئۈنۈملۈك ھۇجۇم تەشكىللەيتتى. مۇھەممەت يۈسۈپ، ئىمىنجان، سادىقھاجى، ساتتار قاتارلىق مۇداپىئەچىلەر ئورنىنى پۇختا ئىگىلەپ، قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ، مۇستەھكەم مۇداپىئە سېپىلى ھاسىل قىلغانىدى. قارشى تەرەپنىڭ ھەرقېتىملىق تەشكىللىگەن ھۇجۇمى بۇ شاكىچىك ئەزىمەتلەرنىڭ مۇداپىئە سېپىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە ئامالسىز قالاتتى. 9 ـ نومۇرلۇق ھۇجۇمچى ئۆمەر ھېسامىددىن ۋاراتاغا تۈنجى توپنى كىرگۈزۈپ، كوماندا ئەزالىرىنىڭ روھىنى قالتىس كۆتۈردى. بۇنىڭ بىلەن قارشى كوماندا ھۇجۇمنى تېخىمۇ تېزلەتتى. مۇسابىقە بارغانسېرى جىددىيلەشتى. تاماشىبىنلار ئارىسىدا چۇقان ــ سۈرەن ئەۋجىگە چىقتى...

تەمكىنلىك بىلەن مۇسابىقىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان غېنىھاجىمنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈكۈرلەيتتى. مۇسابىقە ئاجايىپ كەسكىن داۋاملىشىۋاتاتتى. مانا، 3 ـ نومۇرلۇق مۇداپىئەچى مۇھەممەت يۈسۈپ ئالدىنى توسقان رەقىبىنى ئەپچىللىك بىلەن ئالداپ، چاقماقتەك تېز ھەرىكەت بىلەن ۋاراتاغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. تاماشىبىنلار: «غەيرەت قىل!»، «قاتتىق تەپ!»، «تېز بول!» دېگىنىچە چۇرقىراشماقتا ئىدى. دەل مۇشۇ ھەل قىلغۇچ پەيتتە قارشى كوماندا ئەزاسى قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ مۇھەممەت يۈسۈپنى پۇتلىۋەتتى. يولۋاستەك ئېتىلىپ ماڭغان مۇھەممەت يۈسۈپ تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ موللاق ئېتىپ يىقىلدى.

تاماشىبىنلار نارازىلىق بىلەن چۇرقىراشتى:

— پۇتلىۋەتتى.

— چىدىماسلىق قىلدى.

— قائىدىگە خىلاپلىق قىلدى.

— ...

رىپىرى مۇھەممەت يۈسۈپكە جازا توپ تېپىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى.

مۇھەممەت يۈسۈپ ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ، ۋاراتا بىلەن ئارىلىقتىكى بوشلۇقنى توغرا مۆلچەرلەپ توپنى ئۈستىلىق بىلەن قاتتىق تەپتى. ئۇنىڭ پۇتىدىن قاڭقىپ چىققان توپ ۋاراتاغا ئۇچقاندەك كىرىپ كەتتى. قارشى تەرەپ ۋاراتارى ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ بۇ توپنى توسۇۋېلىشقا ئامالسىز قالدى.

تاماشىبىنلار قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. غېنىھاجىم يەنە بىر قېتىم قاتتىق ھاياجانلاندى، ئەمما ئۇ باشقا تاماشىبىنلارغا ئوخشاش سەكرەپ كەتمىدى، ۋارقىرىمىدى. گەرچە ئىچ-ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان بىر خۇشاللىق پۈتكۈل ۋۇجۇدىدا غەليان كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تەمكىن تۇتتى.

جاھاننىڭ تالاي ئىسسىق-سوغۇقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، نۇرغۇن خۇشاللىقمۇ، كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز خاپىلىقلارغىمۇ دۇچ كېلىپ باققان غېنىھاجىم پىشقان ئەركەكلەرگە خاس ئەنە شۇنداق سالماق خاراكتېر يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇ كىچىككىنە خۇشاللىقتىن تېرىسىگە پاتماي كېرىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان، ئازراق كېلىشمەسلىكتىن ھەسرەت چېكىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان خاراكتېرى ئاجىز-چاكىنا ئادەملەردىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنەتتى. خۇشاللىقنىمۇ، خاپىلىقنىمۇ ئالدىراپ بىلىندۈرمەيتتى.

مۇسابىقە قىقاس-چۇقان ئىچىدە داۋاملاشماقتا. غېنىھاجىمنىڭ ئۆتكۈر نەزەرى يەنىلا مۇسابىقە مەيدانىدا.

تۇيۇقسىز غېنىھاجىمنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ ئېغىپ كەتتى. يۈرىكىدىن كىرگەن بىر ئاغرىق پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى قاقشاتتى. ھەئە، شۇ دەقىقىدە «ئەمىن» كوماندىسىنىڭ ۋاراتارى ئالىم رازىق قارشى تەرەپ ھۇجۇمچىسى تەپكەن شىددەتلىك توپنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن شۇنداقلا سەكرەپ توپ بىلەن تەڭ يەرگە مۆللاق ئېتىپ چۈشتى. توپ ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى، ئەمما ئۇڭ قولىنى خېلىلا ئاۋايلاپ قالدى. تەمكىن ئولتۇرغان غېنىھاجىمنىڭ يۈرىكى شۇ سەۋەبتىن جىغىلدىغانىدى.

«ئاپلا، ئالىمنىڭ قولىغا بىر ئىش بولغانمىدۇ؟...»

غېنىھاجىم خىيالىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمەي ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، ۋاراتاغا قاراپ يۈگۈردى. بۇ چاغدا «ئەمىن» پۇتبول كوماندىسىنىڭ باش ترېنېرى نۇرئەلى شىرخان مۇئەللىم ئاللىقاچان ئالىم رازىقنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغانىدى. دوختۇر ئالىم رازىقنىڭ قولىنى بىر قۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن، مۇسابىقىدىن چېكىنىش تەكلىپىنى بەردى.

— ئۇنداق بولسا ۋاراتارنى ئالماشتۇرايلى، — دېدى غېنىھاجىم نۇرئەلى شىرخان مۇئەللىمگە قاراپ.

— خۇش بولاي ھاجىم دادا، مېنى ئالماشتۇرۇۋەتمىسە، مۇسابىقىنى داۋاملاشتۇرالايمەن.

ئالىم رازىقنىڭ بۇ قەتئىي جاۋابى غېنىھاجىمنىمۇ، نۇرئەلى شىرخان مۇئەللىمنىمۇ ئويلاندۇرۇپ قويدى.

ئالىم رازىقنىڭ ۋاراتارلىق ماھارىتى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىدى. «ئەمىن» پۇتبول سىنىپىدىكى بارلىق ساۋاقداشلىرى ئۇنى بىرازىلىيە دۆلەتلىك پۇتبول كوماندىسىنىڭ ۋاراتارى دىداغا ئوخشىتىپ«دىدا»دەپ چاقىرىشاتتى. شۇ تاپتا مۇسابىقىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا يەنە 20مىنۇت قالغانىدى. ناۋادا ئالىم رازىقتەك ماھارەتلىك ۋاراتارنى ئالماشتۇرۇۋەتسە، مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسىگە تەسىر يېتىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى پۇتبول مۇسابىقىسىدە ۋاراتارنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. غېنىھاجىم بۇنى ئوبدان چۈشىنەتتى، ئەلۋەتتە. ئەمما شۇ دەقىقىدە غېنىھاجىم مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسىنى دەپلا بۇ ئۆمىدلىك مايسىنىڭ ئېغىر زەخىملىنىپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى. شۇ تاپتا ئالىم رازىقنىڭ ئەمەس كۆيۈمچان غېنىھاجىمنىڭ قولى ئاغرىۋاتاتتى.

— ئالىمنى ئالماشتۇرۇۋەتسەك كوماندا ئەزالىرىنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يېتىپ قالارمىكىن. گاھىدا كەيپىياتمۇ مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەپ قالىدۇ، — دېدى نۇرئەلى شىرخان مۇئەللىم.

— ئالماشتۇرۇۋېتەيلى! — دېدى غېنىھاجىم كەسكىنلىك بىلەن، — مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسىدىن ئادەم مۇھىم. بىر لوڭقىنى دەپ ئالمىجاننى نابۇت قىلىۋەتسەك بولمايدۇ.

— ھاجىم دادا...

كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ئالىم رازىق غېنىھاجىمغا يالۋۇرۇش نەزەرى بىلەن تىكىلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ سەبىي كۆزلىرىدە ئاجايىپ بىر قەھرىمانلىق، جاسارەت نۇرلىرى بالقىيتتى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ھېس قىلغان غېنىھاجىم تەڭقىسلىقتا قالدى.

— ئالىمنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچىسى باردەك قىلىدۇ. مېنىڭچە، ئۇ چوقۇم بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، — دېدى نۇرئەلى شىرخان مۇئەللىم.

ئەزەلدىن بۇ ياش، ئىقتىدارلىق، تەلەپچان ترېنېرنى ھۆرمەتلەپ كەلگەن غېنىھاجىم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يېرىشقا ئامالسىز قالدى.

— كوماندا ئەزالىرىنى مۇسابىقىگە چۈشۈرۈش، ئالماشتۇرۇش سىلىنىڭ ھوقۇقلىرى، مەن بۇنىڭغا ئارىلىشۋالمايمەن. سىلى شۇنداق دەپ قارىسىلا ئىختىيارلىرى.

غېنىھاجىم ئۆزئورنىغا قايتىپ كەتتى.

رىپىرى مۇسابىقىنى داۋاملاشتۇرۇش بۇيرۇقى بېرىپ پۇشتەك چالدى. ئەنە شۇ ئەڭ ئاخىرقى 20 مىنۇت غېنىھاجىمغا 20 يىلدەك ئۇزاق تۇيۇلدى. ئۇ ئاشۇ 20مىنۇت ئىچىدە كۆزىنى ئالىم رازىقتىن بىر دەقىقە نېرى قىلمىدى. ئېسىدە ئالىم رازىقنىڭ يارىلانغان قولىدا ئىدى. ئالىم رازىقنىڭ چەكسىز چىدام بىلەن كۆرسەتكەن جاسارىتىگە ئىچ-ئىچىدىن ئاپىرىن ئوقۇيتتى. ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن ئون يىل ئاۋۋال نۇرغۇن تاپا-تەنە، توسقۇنلۇق، پىتنە-پاساتقا بەرداشلىق بېرىپ ئۇيغۇر پۇتبولچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن 500مىڭ يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ، كەلگۈسىنىڭ پۇتبول سىنىپى ئاچقانلىقىغا يەنە بىر قېتىم پەخىرلىنىۋاتاتتى.

ئاخىرى مۇسابىقە ئاخىرلاشتى. «ئەمىن»پۇتبول كوماندىسىدىكى شۇئىقارلار نۆلگە قارشى ئىككى نەتىجە بىلەن قارشى كوماندىنى يېڭىپ « ئىسكەندەر لوئىقىسى»نى قولغا كەلتۈردى. پۇتكۇل مەيداندا گۇلدۇراس ئالقىش ياڭرىدى. دوستلىرى، تونۇشلىرى ۋە ناتونۇش كىشىلەر غېنىھاجىمنى مۇبارەكلەشتى. ئەمما بۇ ئالقىش سادالىرى غېنىھاجىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. شۇتاپتا ئۇنىڭ ئېسىيادى بايا يارىلانغان ۋاراتار ئالىم رازىقتا قالغانىدى. ئۇ دەرھال ئالىم رازىقنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قولنى تەكشۈرتتى. ئۇنىڭ ئوڭ قول بېغىشىدىن بىر تال كىچىك سۆڭەك سۇنغانىدى. ئەمما بۇ شاكىچىك ئەزىمەتنىڭ چېھرىدە قىلچىلىك ئازابلىنىش تۇيغۇسى كۆرۈنمەيتتى.

ئەزەلدىن شۇنداق بوپكەلگەن. يىگىتنىڭ ئەجرىدە يىگىت يېتىلىدۇ. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بوۋىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ: ئىتقا ئارسلان باش بولسا، ئىتلار ئارسلانسىمان بولىدۇ، ئارسلانغا ئىت باش بولسا، ئارسلانلار ئىتسىمان بولىدۇ، دەپ مىڭ يىل ئىلگىرىلا خۇلاسە چىقارغان. غېنىھاجىمنىڭ يىگىتلىك جاسارىتى «ئەمىن» پۇتبول سىنىپىدىكى ھەربىر بوغۇننىڭ قەلبىدە يارقىن سىيما بوپقالغانىدى.

## 2

قەشقەر شەھىرى «چاسا»كوچا ئىش باشقارمىسىغا تەۋە «ئۆرۈك بازىرى»مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىمىن ئاكا بىلەن نۇخان ھاجىم مەرىپەتپەرۋەر، ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاق، قولۇم-قوشنىلارغا ياردەم بېرىشنى، قىيىنچىلىقتا يولۇققانلارغا باشپاناھ-مەسلىھەتچى بولۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان ئېسىل پەزىلەتلىك بىلەن مەھەللە جامائىتىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن مۆتىۋەر كىشىلەر ئىدى. بۇ كۆيۈمچان، مېھرىبان ئاتا-ئانىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان ئالتە پەرزەنت — ئابلىكىمھاجى، غېنىھاجى، يۇسۇپھاجى، ئىسلامھاجى، دولقۇنھاجى ۋە ئامانگۈلھاجىلار ئۆزلىرىگە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى ئۆرنەك قىلىپ ئىشچان، ھالالچى، ھايالىق چوڭ بولغانىدى. بۇ بالىلارنىڭ ئىجىل-ئىناقلىقى، بىر-بىرىگە ھۆرمەت-ئىززەت بىلدۈرۈشى ئىمىن ئاكا بىلەن نۇخان ھاجىمنى قەۋەتلا سۆيۈندۈرسە، قولۇم-قوشنىلارنى بەكمۇ ھەۋەسلەندۈرەتتى. قەشقەردىن ئىبارەت رىقابەتكە تولغان قايناق سودا مۇھىتى بۇ بەش نەپەر يىگىتنى زېرەك، چاققان، سودا-تىجارەتكە ماھىر قىلىپ تاۋلاۋاتاتتى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا مەملىكەت مىقياسىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش شامىلى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم كىشىلەرنى ئالدىن بېيىتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىقتىساد ئېڭىغا ئىگە سەزگۈر كىشىلەر تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ بىلەن سودا دېڭىزىغا چۆشۈشكە باشلىدى.

قەشقەر ۋىلايەت سېمونت زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتقان غېنىھاجىممۇ مەركەزنىڭ يارىتىپ بەرگەن پايدىلىق پۇرسىتى، زامان تەقەززا چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، «تۆمۈر تاۋاق»نىڭ مېھرىدىن دادىللىق بىلەن كېچىپ، بۇ قايناق سودا دېڭىزىغا جاسارەت بىلەن شۇڭغىدى.

جاھاندا ھېچقانداق ئىشنىڭ ئاسىنى يوق. بولۇپمۇ ھەرقانداق ئىشنىڭ بېشى قىيىن. بىز ھەردائىم ئەتراپىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك سودا-تىجارەت قىلىپ پۇل تاپقانلىقىنى، كۆزگە كۆرۈنگەنلىكىنى، كاتتا ئۆيلەرنى سېلىپ، ئېسىل پىكاپلاردا ئولتۇرغانلىقىنى، سودا-تىجارىتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە يۈرۈشۈپ، روناق تېپىپ بېيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز ياكى باشقىلاردىن ئاڭلايمىز. بۇنداق چاغلاردا كىملەرنىڭدۇر كۆزى قىزىرىدۇ، ئۇلارغا ھەۋەس قىلىدۇ، ئۇلارنى دوراپ تىجارەت قىلماقچى بولىدۇ. ئەمما سېمونت زاۋۇتىدىكى مۇقىم خىزمىتىدىن، ئايدا كېلىدىغان مۇقىم مائاشىدىن ئىبارەت «تۆمۈر تاۋاق»تىن ۋاز كېچىپ، سودا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن غېنىھاجىم بولسا، يۇقىرىقىدەك باشقىلارنىڭ پۇل تاپقىنىنى كۆرۈپلا كۆزى قىزىرىپ، بىردەملىك ھەۋەس سەۋەبىدىن سودا قىلىش قارارىغا كەلمىگەنىدى. ھەئە، غېنىھاجىم دورامچىۇق، قىزغانچۇق ئەمەس ئىدى. گەرچە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاران 5-يىللىقىغىچە ئوقۇيالىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا جەمئىيەتنى، بازارنى كۆزىتەلەيدىغان، پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت-فاڭجېنلىرىنى تەھلىل قىلىپ چۈشىنەلەيدىغان ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە ئىقتىسادىي كاللا بار ئىدى. شۇڭا ئۇ شاراقلىتىپ پۇل تېپىۋاتقانلارنى دوراپ، قەدەمنى قارىغۇلارچە چوڭ ئېلىشتىن ساقلاندى. بۇ مەزگىلدە دادىسى ئىمىن ئاكا قازا قىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئانىسى نۇخان ھاجىم بۇ مېھرى ئىسسىق ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى — يۆلەنگەن تېغى، بۆلەنگەن بېغى بوپقالغانىدى. سېمونت زاۋۇتىدىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ تىجارەت قىلىش قارارىغا كەلگەن غېنىھاجىم قارارىنى ئەڭ ئاۋۋال ئانىسى نۇخان ھاجىمغا ئېيتتى.

— راستىنلا تىجارەت قىلىش قارارىغا كەلدىڭمۇ، بالام، — سورىدى نۇخان ھاجىم ئالدىدا ھۆرمەت بىلەن قول باغلاپ تۇرغان ئوغلىغا سىناش نەزەرى بىلەن قاراپ.

— شۇنداق، ئانا، — دېدى غېنىھاجىم ئىشەنچ بىلەن، — سىلى ماقۇل كۆرسىلە خىزمەتنى تاشلاپ تىجارەت قىلايمىكىن دەيمەن.

نۇخان ھاجىم بىر پەس خىيال سۈرۈپ قالدى. دېمىسىمۇ غېنىھاجىمنىڭ شۇچاغدىكى 80نەچچە يۈەن مائاشىنى ئاز پۇل دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پۇل ئائىلىنىڭ ئايدا كىرىدىغان مۇقىم كىرىمى ئىدى. ئەمما تىجارەتنىڭ بولسا ئۆزىگە تۇشلۇق خېيىمخەتىرى بار ئىدى. مۇقىم خىزمەت، مۇقىم كىرىمنىڭ مېھرىدىن كەچمەك ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

— بوپتۇ، بالام، ئۆزلىرىگە ئىشەنچلىرى بولسا تىجارەت قىلسىلا. سىلى دېگەن ئوغالبالا - ئەركەك. قورقۇنچاق، بېلى بوش ئادەم ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئاچىقالمايدۇ. تەۋەككۇلچىلىكمۇ ياخشى ئىش. خۇدايىممۇ تەۋەككۇلچى بەندەمگە بېرىمەن، دەپتىكەن.

نۇخان ھاجىم ئەزەلدىن ئوغۇللىرىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىغا ھۆرمەت قىلاتتى. پەقەت پايدىلىق ئىش قىلىمەن دېسىلا، باشقىلارغا زىيان سېلىش بەدىلىگە پايدا كۆرىدىغان ئىش قىلمىسىلا قوللايتتى. ئۇ، بۇ قېتىممۇ ئوغلى غېنىھاجىمنىڭ قارارىغا ئەنە شۇنداق ھۆرمەت قىلدى.

— سودا-تىجارەت دېگەن زىل ئىش. پايدىنى كۆزلەپ سودىغا ھارام ئارىلاشتۇرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمىسىلا، ئادىللىق، كەڭ

قورساقلىق سودىدىكى پەزىلەتلىرى بولسۇن. خۇدايىم سودىلىرىڭغا بەرىكەت بېرەر. ھەرۋاقىلىق نامىزىمدا سىلىگە دۇئا قىلىپ تۇرىمەن، بالام، — دېدى نۇخان ھاجىم تىلىكىنى بىلدۈرۈپ.

شۇنداق قىلىپ غېنىھاجىم تۇنجى قەدەمنى ئۇششاق تىجارەت — چەرچەن مال ئېلىپ-سېتىشتىن باشلىدى.

چەرچەن مالچىلىق جاپاسى تولا، پايدىسى ئاز تىجارەت. ئەمما غېنىھاجىم قىلچىلىك ۋايسىمىدى. كەلتۈرگەن ماللىرىنىڭ سۈپىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. پايدىنى كۆزلەپ سۈپىتى ناچار ماللارنى كەلتۈرۈپ، خېرىدارلارنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئىشلاردىن قاتتىق ساقلاندى. ئاز پايدا، ئەرزان باھا، يۇقىرى سۈپەت، ئىللىق مۇئامىلە ئۇنىڭ تىجارىتىگە خېلىلا بەرىكەت ئاتا قىلدى. دۇكىنىدا خېرىدارلىرى ئۆكسىمىدى. قىسقىغىنە ئىككى يىل ئىچىدە سودا-تىجارەتكە ئوبدانلا پىشتى. تىجارەتنىڭ ئېپى-جېپىنى بىلىۋالدى، ماھارەت ئىگىلىدى.

قەشقەر شەھىرىدە چەرچەن مال تىجارىتى قىلىۋاتقان بۇ يىگىت كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئانچە چېلىقىپ كەتمىگىنى بىلەن، دائىملىق خېرىدار-چۈپىقەتلىرىنىڭ، مال تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ زور ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ، تىجارەت قىلغان بازارنى، ۋەزىيەتنى كۆزىتەتتى، خېرىدارلارنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئىگىلەيتتى. پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى تەھلىل قىلاتتى. تۈرلۈك سودا ئۇچۇرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. غېنىھاجىم ئەنە شۇ تەرزدە قەشقەردە تۇرۇپ قوشنا ۋىلايەت - شەھەرلەر، ئاپتونوم رايون، ئىچكى ئۆلكىلەر ھەتتا چەت ئەللەرنىڭ بازارلىرىغا ئۈن-تىنسىز كۆز تىككىشكە باشلىغانىدى.

شۇنداق، سودا دېگەن دېڭىز. سەن دېڭىزغا چۈشتۈڭمۇ، بولدى، بىر تال ياغاچقا ئېسىلىۋېلىپ لەيلەپ يۈرسەڭمۇ، بىرەر قېيىققا چىقىۋېلىپ پالاق ئۇرساڭمۇ ياكى پاراخوتتا ئويقۇنلار يېرىپ رىقابەتچىلىرىڭ ئالدىدا ئۈزۈپ ماڭساڭمۇ بولىدۇ. ئەمما سەل-پەللا بىخۇدلۇق قىلساڭ رەھىمسىز دولقۇنلار سېنى يالماپ كېتىشى، يوشۇرۇن خادا تاشلار كېمەڭنى چۆكتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل-پاراسەت، جىدام-غەيرەت، شىجائەت كېرەك. بىر نانغا، بىر ۋاقىتلىق تويۇپ يېگەن تاماققا شۈكۈر قىلىپ ئۆتۈش ھەقىقىي ئىنساننىڭ پەزىلىتى ئەمەس. ئەلۋەتتە، شۈكۈر-قانائەتمۇ مۇھىم، ئەمما قەلبىگە بۈيۈك ئارمانلارنى پۈككەن كىشى شۈكۈر-قانائەتنىڭ مەنىسىنى قورساق تويغۇزۇپ كۈن ئۆتكۈزۈش، دەپ چۈشەنمەيدۇ. غېنىھاجىممۇ دەل كېيىنكىلەرگە مەنسۇپ ۋۇجۇدىغا مىللىتىمىزنىڭ سودىغا ماھىر خاراكتېرى مۇجەسسەملەنگەن جاسارەتلىك يىگىت ئىدى.

ئۇ، كۆزنى قەشقەرنىڭ سىرتىغا تىككەندىن كېيىن ئىككىلىنىپ ئولتۇرمىدى. ئاۋۋال ئۈرۈمچى ئاندىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە دادىللىق بىلەن قەدەم باستى.

يول ماڭغانسېرى ئېچىلىدۇ، غەلىبە ھەرقاچان غالىبلارغا مەنسۇپ. ئۈرۈمچى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە زور ئىشەنچ بىلەن قەدەم باسقان بۇ ئۇيغۇر يىگىتى ھەرقەدەمدە دۇچ كەلگەن تۈرلۈك توسالغۇ-قىيىنچىلىقنى ئەقىل-پاراستىگە تايىنىپ يېڭىپ، ھالال لەۋزى، سەممىيىتى بىلەن باشقىلارنى قايىل قىلىپ، ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، تىجارەت يوللىرىنى بارغانسېرى كېڭەيتتى. بۇ جەرياندا تالاي جاپاغا بەرداشلىق بەردى. ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولغاندا مەغرۇرلانمىدى. ئوڭۇشسىزلىقلار ئالدىدا ھەسرەت چەكمىدى، تەمتىرىمىدى، سالماق - تەمكىن بولدى، ئۆتكۈر ئەقلى - تەپەككۇرى بىلەن ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، توسالغۇلارنى يېڭىش ئۈچۈن چارە-ئامال ئىزدىدى. ئەمما ھېچكىمگە دەرد تۆكمىدى، يىغلىمىدى، ۋايسىمىدى. قەشقەردە يولغا تەلمۈرۈپ، غېمىنى يەپ ئولتۇرغان كۆيۈمچان ئانىسى نۇخان ھاجىمغا كۈندە دېگۈدەك تېلېفون قىلىپ، ئەھۋال سوراپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرۇشنى ئېسىدىن چىقارمىدى. مۇھىم مەسىلىلەردە، چوڭ ئىشلاردا ئاكا-ئىنىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. ئاكا-ئىنىلىرىمۇ غېنىھاجىمنىڭ مەسلىھەتچىلىرى، ئەقىلدارلىرى ھەم كۈچلۈك قوللىغۇچىلىرى ئىدى. ئۇلار گاھى غېنىھاجىم بىلەن يىراق سەپەرلەردە بىللە بولاتتى. شۇڭلاشقىمۇ غېنىھاجىم قەشقەردىكى سودا-تىجارەتتىن ۋايىم يېمەيتتى. بۇ قېرىنداشلار ئىقتىسادىي جەھەتتە قىلچىلىك سېنىڭ-مېنىڭ دېيىشمەيتتى، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش خىيالىدا بولمايتتى. چوڭ سودىلاردا بىرلىكتە قارار چىقىراتتى.

— سالامەتلىكلىرىگە دىققەت قىلسىلا، بۇ تەرەپتىكى ئىشلاردىن غەم يېمىسىلە، — دەيتتى ئاكىسى ئابلىكىمھاجى.

— ئانامدىن، ئۆي ئىچىدىن خاتىرجەم بولسىلا، ئاكا، — دەيتتى ئىنىلىرى.

جاپالىق ئەجىر بىلەن تىكلىگەن ئىگىلىك ئاخىر شېرىن مېۋە بەردى. ئازغىنە دەسمايە بىلەن باشلىغان كىچىككىنە چەرچەن مال تىجارىتى كىچىكلىكتىن زورىيىپ، باشقا سودا-تىجارەتلەرگە ئورۇن بېرىپ كۆلەم ھاسىل قىلدى. ئۈرۈمچى، ئىچكى ئۆلكىلەردە سودا قىلىش جەريانىدا غېنىھاجىم مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى ئورۇنلارغا تىزىمغا ئالدۇرۇپ، خەلقئارالىق سودا قائىدىسى بويىچە نام-ئاتاققا ئىگە شىركەت قۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. چۈنكى شىركەت نامى تىجارەت ھەمشېرىكلىرىگە، ھەمكارلاشقۇچىلارغا، خېرىدارلىرىغا، مال تەمىنلىگۈچى ئورۇنلارغا بىخەتەرلىك، مۇقىملىق، ئىناۋەت تۇيغۇسى بېرەتتى. ھەم بۇ كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان سودا رىقابىتىدە رېئاللىقنىڭ تەلىپى، ئېھتىياجى ئىدى. مۇشۇ يىللاردا غېنىھاجىمنىڭ تىجارەت يوللىرى بارغانسېرى ئېچىلىپ چەت ئەللەرگە قەدەر كېڭەيگەن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە كۆلەم، ئىناۋەت ھاسىل قىلغانىدى. بۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن غېنىھاجىم «قەشقەر غەربىي ئاسىيا سودا شىركىتى»دېگەن نامنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ، رەسمىي ۋىۋىسكا ئاستى. كېيىن بۇ شىركەت نامىنى قايتا - قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق «ئەمەن سودا شىركىتى»گە ئۆزگەرتتى. بۇ نامنى ئۆزگەرتىشتە بىرىنچىدىن مەرھۇم دادىسى — پەدەرىي بۇزرۇكۋارى ئەمەن ئاكىغا بولغان ھۆرمىتى، سېغىنىشىنى، ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلىمىزدا «ئەمىن»دېگەن نامنىڭ خاتىرجەملىك- ئاسايىشلىقتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقانىدى.

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ «ئەلدىن ئەلگە نەپ» دەيدىغان ھېكمىتى بار. غېنىھاجىمنىڭ سودا ـ تىجارىتى كېڭىيىپ كۆلەم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، نەزەرىنى جەمئىيەتتىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارغا، ئاجىز ـ نامرات كىشىلەرگە قاراتتى. ھازىر ئۇ قۇرغان «ئوردىئالدى» سودا بازىرى، «ئەمىن» سودا سارىيىدا 51 نەپەر ياش خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ، 400 نەپەر تىجارەتچى بۇ سودا بازارلىرىدا دۇكان ئىجارە ئېلىپ مۇقىم تىجارەت قىلىپ ئۆزلىرى ۋە ئائىلىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىماقتا. كېيىنكى كەلگەندە غېنىھاجىم ساخاۋەت ئالقىنىنىمۇ كەڭرى ئېچىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشكەن، تۈرلۈك قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلغان كىشىلەر نۇرغۇن. ئۇنىڭ بۇ ساۋابلىق ئىشلارغا چىقارغان مەبلىغىنى بىرمۇ بىر قەغەز يۈزىگە يېزىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. پەقەت كىچىككىنە مىسال تەرىقىسىدە تۆۋەندىكى خاسىيەتلىك ئىشنى قەيت قىلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق:

2001 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇندا غېنىھاجىم يېكىرداش يېقىن دوستى، «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇھەررىرى، تونۇلغان شائىر ئابلەت ئىسمائىلغا تېلېفون قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەلۇم ساندا ئىقتىساد ئاجرىتىپ ساخاۋەت قىلىش نىيىتى بارلىقىنى بىلدۈردى.

— پۇللىرى يانچۇقلىرىغا يەنە ئۇسكىلى تۇرۇپتۇ ـ دە، ھاجىم، — دېدى بۇ ساخاۋەتچى دوستىنىڭ ياخشى نىيىتىدىن سۆيۈنگەن ئابلەت ئىسمائىل چاقچاق قىلىپ، — پۇل ـ مالنى تاپقانغا باي ـ زەردار ئاتالمايدۇ، چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ ساخاۋەت قىلالىسا ئاندىن ھېساب. خۇدايىم سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىگە مۇشۇنداق ساۋابلىق خىياللارنى پات ـ پات سېلىپ تۇرىدۇ زادى. بۇ قېتىم قايسى ساۋابلىق ئىشقا ساخاۋەت قىلاي دەۋاتىلا؟

— شۇڭا سىلىگە تېلېفون قىلىشىم، — دېدى غېنىھاجىم، — ۋاقىتلىرى بولسا كۆرۈشكەن بولساق.

— بۇنداق ياخشى ئىشقا ۋاقتىم بولمامدىغان، ھەرقانداق زۆرۈر ئىشىم بولسىمۇ، قويۇپ تۇرىمەن دېسىلە.

ئۇلار غېنىھاجىمنىڭ ئازادە ئىشخانىسىدا كۆرۈشتى.

— ئاچ سېخىي ئالقىنىڭنى بىر كۆرەي ، — دېدى ھاياجاندىن شېئىرىي ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئابلەت ئىسمائىل چاقچاق قىلغاچ ئىشىكتىن كىرىپ، — قەشقەردە پۇل تاپقان بايلار ـ سودىگەرلەر تولا، بەلكىم گاھى بىرلىرىنىڭ مال ـ دۇنياسى سىلىنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە جىق بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ساخاۋەتتە سىلىگە يېتىدىغانلىرى ساناقلىقلا. ئۆتكەندىمۇ خېلى نۇرغۇن ئىقتىساد ئاجرىتىپ بىرمۇنچە كىشىنىڭ غېمىنى يەڭگىللەتكەنىدىلە. بۇ نۆۋەت قانداقراق ئىش قىلىش خىياللىرى باركىن.

— سىلىنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلايمەن، — دېدى غېنىھاجىم.

ئابلەت ئىسمائىل كۆلكىسىنى يىغىشتۇرۇپ خىيالغا چۆمدى. شۇ تاپتا ئۇ، بۇ ساخاۋەت ئىگىسىنىڭ خەجلىمەكچى بولغان پۇلنى قانداقراق ئۇسۇلدا خەجلىسە ئۆزجايىغا ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى.

ئابلەت ئىسمائىل راست ئېيتىدۇ. بىزدە پۇل تاپقان كىشىلەر ھەقىقەتەن نۇرغۇن. پۇل تاپقاندىن كېيىن نامرات ۋاقتىدىكى دوست ـ يارەنلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان، غېرىب، ئاجىز، نامراتلارنى ئېسىگە ئالمايدىغان، ئۆز تەبىقىسىدىكىلەر بىلەنلا دوستلىشىدىغان، مەنمەنلىك تالىشىپ، بايلىقنى كۆز ـ كۆز قىلىشىپ ھەشەمەتچىلىك قىلىشىدىغان، ھاراقكەشلىك، قىمارۋازلىق، ئاشىنىدارچىلىق... قاتارلىق ناشايان ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرىدىغان، بۇنى تېخى ئابرۇي دەپ بىلىدىغان، نامراتلارنى، بىلىم ئىگىلىرىنى، ئالىم ـ زىيالىيلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، بىرەر قېتىممۇ بىلىم ئىگىلىرى، ئالىم ـ زىيالىيلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرمايدىغان، ئۇلار بىلەن سىردىشىپ ـ دوستلاشمايدىغان، ئىلىم ـ مەرىپەت دەرگاھلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، كىتابخانىنىڭ ئىشىكىنىڭ نەگە قارايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بايلار ھەم نۇرغۇن.

ئەمما غېنىھاجىم ئۇنداق ئەمەس. ئۇ ھەرقاچان زىيالىيلار جامائىتىنى ئۆزىگە دوست تۇتۇپ كەلدى. ۋاقىت چىقىرىپ ئۇلارنى ئىزدەپ كۆرۈشۈپ، بىرەر ۋاق تاماقنى بىللە يېگەچ مۇڭدىشىپ، دوستلۇقنى ئىزھار قىلىپ كەلدى. ئۆسمۈر ۋاقتىدا مەكتەپتە تۈزۈك ئوقۇيالمىغانلىق سەۋەبىدىن ئالالمىغان بىلىملىرىنى ئاشۇ زىيالىيلارنىڭ، ئالىم، شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ سۆھبىتىدىن ئېلىشقا، ئۆگىنىشكە ئىنتىلىپ كەلدى. قەشقەردە ساناقلىق جامائەت ئەربابى ھېسابلىنىدىغان، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە بەلگىلىك تەسىرى ـ ئابرويى بار شائىر ئابلەت ئىسمائىل ئاكا بۇ سۆزىمىزنىڭ كۈچلۈك دەلىلىدۇر، ئەلۋەتتە. شۇڭا غېنىھاجىم ھەرقانداق ساۋابلىق ئىشنى قىلماقچى، ئەل ـ يۇرتقا نەپ يەتكۈزمەكچى بولسا ئەنە شۇنداق ئەقىل ـ بىلىم، پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالىدۇ. ئىلىم ئىگىلىرىنى دوست تۇتۇشمۇ ئېسىل پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاجىزلارنىمۇ ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار نامراتلارنىمۇ يوقلاپ تۇرىدىلا، — دېدى ئابلەت ئىسمائىل ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ، — بۇ قېتىم باشقىچىراق ئىش قىلىپ باقامىلىكى.

— مىسالەن قانداق ئىش؟ — سورىدى غېنىھاجىم.

— دوختۇرخانىغا بېرىپ نامرات بىمارلارنىڭ خىراجىتىنى تۆلىۋەتسىلە. بۇنىڭدا ئاشۇ كېسەل ئازابىدا قىينىلىۋاتقان بىمارلارغا ھەم روھىي جەھەتتىن، ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلغان بولىلا. بىر قىسىم بىمارلار پۇلى بولمىغاچقا، دوختۇرخانىدىن تولۇق ساقىيالماي يېنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدىكەن.

— مەيلى، شۇنداق قىلايلى ئەمىسە، — دېدى غېنىھاجىم ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا.

— ئالدىراپ ماقۇل دەۋەتمىسىلە، — دېدى ئابلەت ئىسمائىل بۇ ساخاۋەتچى دوستى بىلەن يەنە چېقىشىپ، — بۇ ئىش نامراتلارغا ، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بەرگەنگە ئوخشاش ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس. نامراتلارغا ئاتىغان پۇللارنى مەلۇم ئۆلچەمدە تەكشى تارقىتىپ بەرگەن بىلەن، بىمارلارغا ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى تۆلەپ بېرىدىغان بولغاندىكىن دوختۇرخانا مالىيىسىگە تولۇق تاپشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەكچىمەنكى، بەزەن بىمارلارنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى كۆپ، بەزەن بىمارلارنىڭ ئاز. ھازىر دوختۇرخانىدا قىيىنچىلىقى بار بىمارلار

قانچە، ئۇلارنىڭ تۇلەشكە تېگىشلىك خىراجىتى قانچىلىك، بۇنى بىلمەيمىز. ئالدىراپ چىقىپ ئىشنى چالا قىلىپ قويساق ئوبدان بولمايدۇ.

— يانچۇقتا پۇلنى جىقراق سېلىپ چىقسىلا دېمەكچىمىدىڭىز ... سىلى، — دېدى غېنىھاجىم كۈلۈپ.

— كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىلا، — دېدى ئابلەت ئىسمائىل.

— بۇ تەرەپتىن خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى غېنىھاجىم تەمكىنلىك بىلەن ، — قىيىنچىلىقى بار بىمارلاردىن بىرسىمۇ چۈشۈپ قالمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قەشقەر ۋىلايىتى 1-دوختۇرخانىغا قاراپ يول ئالدى.

— ئاۋۋال كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى بولغان باللاردىن باشلايلى، — دېدى ئابلەت ئىسمائىل باللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى تەرەپنى ئىما قىلىپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن «باللار بايرىمى» ئەمەسمۇ.

ئۇلار ئاۋۋال باللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، ئارقىدىن ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، ئاندىن تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى... قاتارلىق كېسەللىكلەر ياتاقلىرىنى تولۇق ئارىلىدى. ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرى ، مەسئۇل دوختۇرلار بىلەن كۆرۈشتى. بىمارلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ھەقىقىي قىيىنچىلىقى بار، داۋالىنىش خىراجىتىنى تاپشۇرۇشقا ئامالسىز قالغان ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز... قاتارلىق بىمارلارنىڭ جەمئىي 37مىڭ يۈەن داۋالىنىش خىراجىتىنى نەق مەيداندىلا تاپشۇرۇۋەتتى.

داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ غېمىدىن خالاس بولغان بىمارلارنىڭ سولغۇن چېھرىدە جىلۋىلەنگەن مىننەتدارلىق، خاتىرجەملىك، تەبەسسۇمنى كۆرگەن غېنىھاجىم ھاردۇقى چىققاندەك يەڭگىللەپ قالدى. ئەمما ئابلەت ئىسمائىلنىڭ بۇ ساخاۋەتلىك ئىشنى گېزىت يۈزىدە خەۋەر قىلىش تەكلىپىنى سىلىقلا رەت قىلدى.

— بىزدە «ئوڭ قولۇڭ قىلغان ساخاۋەتنى سول قول بىلمىسۇن» دەيدىغان گەپ بار. بۇنچىلىك ئىشلارنى داۋراڭ قىلىپ يۈرمەيلى. خۇدايىم بۇيرىسا تەشۋىق قىلغۇدەك چوڭراق ئىشلارنىمۇ قىلارمەن، — دېدى غېنىھاجىم كەمتەرلىك بىلەن.

37 مىڭ ئېيتماققا ئانچە جىق سان ئەمەس. لېكىن بۇ سان پۇل بىلەن بىرلەشكەندە ھەرگىزمۇ كىچىك سان ھېسابلانمايدۇ. بىزدە «پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە، بىر ئۇچى يۈرەكتە» دەيدىغان گەپ بار. ئاشۇنچىۋالا پۇلنى بىر يولىلا چىقىرىپ ساخاۋەت قىلىش، بۇ ساخاۋەت بەدىلىگە ھېچنېمە تەمە قىلماسلىق ھەم كىشىلەرگە بىلدۈرۈشنى خالىماسلىق چوڭ جاسارەت تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. بىز بۇ يەردە غېنىھاجىمنىڭ 2003-يىلى مارتتا مارالبېشىدىكى يەرتەۋرەشتە ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقان قېرىنداشلارغا كۆمۈر، يوتقان-كۆرپە... قاتارلىق جىددىي ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئۆز قولى بىلەن ئاپىرىپ ھال سورىغانلىقىنى يېزىپ ئولتۇرمىدۇق. قايسىبىر يىلى ياغقان قاتتىق يامغۇردا ئۆيىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ قەيت قىلمىدۇق. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئادەم بۇ

كاتتا زەردارنىڭ ئۆيىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى، دېسە ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەقىقەتتىن بولغان ئىش. پاكىت شۇكى، غېنىھاجىم ھازىرغىچە ئاتەتتىكى، ئاددىي ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. بىر قىسىم بايلارنى دوراپ ئۆيىنى ئوردىدەك ھەشەمەتلىك قىلىپ ياسىۋالمىغان. ئەقىللىق ئوقۇرمەنلىرىمىز نامراتلارغا نەچچە تۈمەننىڭ يۈەنلەپ ئىقتىسادىي ياردەم قىلىپ تۇرغان غېنىھاجىمنىڭ ئۆزى ئولتۇرىدىغان، ئاشۇنداق يامغۇر ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئاددىي ئۆيىنى سېلىشتۇرسىلا ئۇنىڭ نەقەدەر ئاددىي - ساددا ئىكەنلىكىنى، ھاكاۋۇر، پوچى، ئىسراپخور، مەنمەنچى ئادەم ئەمەسلىكىنى ئاسانلا سېلىشتۇرۇپ بىلىۋالالايدۇ.

ئوغلىنىڭ دوختۇرخانىغا بېرىپ بىمارلارنى يوقلىغانلىقىنى، داۋالىنىش خىراجىتىگە چىقىشالمىغان بىمارلارنى غەمدىن خالاس قىلغانلىقىنى بىلگەن نۇخان ھاجىم ھاياجاندىن كۆزىگە لىق ياش ئالدى.

— خۇدايىم دۆلەتلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىلار، بالام. ياخشىلىق — ساخاۋەتنى ھەرقاچان ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلسىلا. ئەلنىڭ بىر قېتىم قىلغان دۇئاسى بىر ئۆمۈر قىلغان ئىبادەتتىن كاتتا بولىدۇ، — دېدى نۇخان ھاجىم سۆيۈنگەن ھالدا.

— باللارنى، ئانىلارنى يوقلىغانلىرى بەك ياخشى بوپتۇ، — دېدى كۆيۈمچان ئايالى گۆھەرنىسا غېنىھاجىمغا قايىللىق بىلەن قاراپ، — باللار بىلەن ئايال كىشى ھەقىقەتەن ئاجىز، ئۇلار كۆيۈنۈشكە موھتاج. ئۇلارنى غەمدىن، ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش سىلى-بىزنىڭ بۇرچىمىز.

مانا بۇ سەمىمىي قوللاش. مانا بۇ خالىس نىيەت. ئۆزىنىڭ بەختىنى باشقىلارنىڭ بەختى بىلەن بىرلەشتۈرۈش نېمىدېگەن ئېسىل پەزىلەت-ھە!

## 3

ھەرقاچان سودا-تىجارەت بىلەن يۇرت ئاتلاپ، چېگرا ئاتلاپ تۇرغان غېنىھاجىمنىڭ دىققەت نەزەرىدىن باشقا يۇرتلاردىكى يېڭىلىقلار،ئىلغار ئىدىيە - مەدەنىيەتلەر چەتتە قالمىدى. ئۇ، كۆرگەن-ھېس قىلغانلىرىنى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئەزىزانە يۇرتى قەشقەر بىلەن ، ئاشۇ يۇرتتىكى مېھرى ئىسسىق، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئىنتىلىشلىرى، ئارزۇ-ئارمانلىرى بىلەن سېلىشتۇراتتى. ۋۇجۇدىدا ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتچىلىك تۇيغۇسى تىنىمسىز تاشقىنلايتتى. بۇنىڭ تۇرتكىسىدە ئاستا-ئاستا بىخلىنىشقا باشلىغان ئارزۇ-غايىلىرى توختىماي شاخ ئايرىيتتى، خىيال سۈرۈشكە، پىكىر قىلىشقا ئۈندەيتتى.

ھەئە، غېنىھاجىم ئەمدى ئۆز تىلى بويىچە ئېيتقاندا پارچە-پۇرات ساخاۋەتلەردىن سىرت چوڭراق بىر ئىش قىلىشقا بەل باغلىغانىدى. يەسلى، دوختۇرخانا، مەكتەپ ياكى مەخسۇس بىر سېسترالار مەكتىپى قۇرۇش ھەققىدە توختىماي باش قاتۇراتتى. ئاشۇ ئىشلاردىن قايسىسىغا ئىش باشلاشنى بىلەلمەي قىينىلاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى زۆرۈر ئىدى. ئەمما بەشقولنى بىراقلا ئېغىزغا تىققىلى بولمىغاندەك، ھەممىنى بىر يولىلا قىلىپ بولالمايتتى.

ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرسە، بۇ خەيرلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا باشلىۋالغۇسى بار ئىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئىككى خىيال بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىردىنلا خىيالىغا پۇتبول كىرىۋالدى. ھەئە، ئۇ كىچىكىدىن تەنتەربىيىگە ھەۋەس قىلاتتى. بولۇپمۇ پۇتبولغا باشقىچە ئىشتىياقى بار ئىدى. ئارام ئالغان ۋاقىتلىرىدا تېلېۋىزور كۆرسە تەنتەربىيە قانىلىنى كۆرەتتى. ناۋادا مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا پۇتبول مۇسابىقىلىرى بېرىلىپ قالسا، ھەممە ئىشنى تاشلاپ مۇسابىقىنى تۈگىتىپ كۆرمىگىچە بولدى قىلمايتتى. مۇسابىقىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ۋۇجۇدىنى نۇرغۇن چېگىش خىيال چۇلغىۋالاتتى.

«نېمە ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ پۇتبولچىلىقى تولىمۇ ئاجىز، پۇتبولچىلىق سەۋىيىسى مەملىكەت سەۋىيىسىدىن تۆۋەن؟ ئۇيغۇرلارنىڭ بەدەن ساپاسى پۇتبولچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەملىكەتنىڭ ئالدىنقى سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈشكە ھەتتا دۇنياۋى پۇتبول چولپانلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا تامامەن يېتىدۇ. دېمىسىمۇ ھازىر پۇتكۈل ئاپتونوم رايونىمىزدا پۇتبول قىزغىنلىقى باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. مۇشۇ ئىشقا مەبلەغ سالسام قانداق بولار؟ بۇ ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ پۇتبولچىلىق سەۋىيىسىنى خەلقئارا سەۋىيىگە يەتكۈزۈپ، تەربىيىلىگەن ئاشۇ پۇتبول ئەزىمەتلىرى بىلەن مىللىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتسام قانداق بولار؟ مۇمكىن، تامامەن مۇمكىن. بىراق بۇ ئىشنى بىردەملىك ھېسسىياتقا تايىنىپ قىلغىلى، ئەرھاللا ئۇنىمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر پۇتبول مەكتىپى ئېچىش كېرەك. بۇ ئارزۇيۇمنى ھۆكۈمەت قوللارمۇ؟ ناۋادا قوللىدى دېگەندىمۇ ھازىرچە مەكتەپ سېلىشقا ئىقتىساد يېتىشمەيدۇ. قانداق قىلسام بولار؟ ھە، توغرا، ئاۋۋال ھۆكۈمەتنىڭ، مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىر پۇتبول سىنىپىغا مەبلەغ سالاي، مۇشۇ ئاساستا مەكتەپنىڭ ئۇلىنى قۇرۇۋالامدىمەن... »

غېنىھاجىم مانا شۇنداق ئارمانلىق خىياللار ئىلكىدە راسا بىر باش قاتۇرۇپ ئەتراپلىق پىلان تۈزۈۋالغاندىن كېيىن بۇ ئارزۇسىنى ئاۋۋال تۆت قېرىندىشىغا ـ ئاكا ـ ئىنىلىرىگە بىلدۈردى. ئۇ، قېرىنداشلىرىنى قايىل قىلىشقا ئانچە كۆپ كەتمىدى. ئەزەلدىن غېنىھاجىمغا ئوخشاش قەلبىگە ئەل ـ يۇرتنى پۈككەن، ئۆز خەلقىنىڭ غېمىنى يەپ كەلگەن، نەدە قىيىنچىلىق بولسا شۇ يەرگە ساخاۋەت قوللىرىنى سۇنۇپ تۇرغان بۇ قېرىنداشلار غېنىھاجىمنىڭ بۇ تەكلىپىنى دەرھال قوللىدى. ئۆزلىرىنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئەمدىكى گەپ ئۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلغان، كېچە ـ كۈندۈز غېمىنى يەپ دۇئا قىلىپ ئولتۇرغان ئاشۇ كۆيۈمچان، بۇزرۇكۋار ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشتا قالغانىدى. چۈنكى ئۇلار باشلىغان ھەرقانداق ئىشنىڭ ئانىسىنىڭ دۇئاسى بىلەن خەيرلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ـ پۇتبول دېگەن قانداق نېمە ئۇ، ـ سورىدى ياشانغان ئانا ئوغۇللىرىنىڭ مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن.

ـ پۇتىدا تېپىپ ئوينايدىغان توپ.

ئانا نارازى بولدى:

ـ ئويۇن ئوينايدىغان ئىشقىمۇ پۇل خەجلەپ يۈرىدىغان ئىشمۇ؟ ئۇنىڭ ئەل ـ يۇرتقا نېمە پايدىسى بار؟ باللار توپ ئويناپ ئويۇنقېپى بوپكەتمەمدۇ؟

ئاق كۆڭۈل ئانا ئوغۇللىرىنىڭ قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىشىنى ئەل ـ يۇرتنىڭ پايدىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ھۆكۈم چىقىراتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ پۇتبول سىنىپى ئېچىپ، مىللەتنىڭ كەلگۈسى پۇتبول ئەزىمەتلىرىنى تەربىيىلەش خىيالىنى ساددىلىق بىلەن باللارنى ئويۇن ئويناشقا تەشكىللەش، دەپ چۈشىنىۋالغانىدى.

ـ بۇ نوقۇلla ئويۇن ئەمەس، ـ دەپ چۈشەندۈردى غېنىھاجىم، ـ پۇتبولمۇ بىر تەنتەربىيە تۈرى. تەنتەربىيە بولغاندىمۇ ئەڭ كامالەتكە يەتكەن، بىر مىللەتنىڭ ساپاسى، جاسارىتىنى نامايان قىلىدىغان تەنتەربىيە تۈرى. ھازىر پۇتبول خەلقئارادا بىر دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم بوپقالدى. بىز پۇتبول سىنىپى ئېچىپ ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلىسەك، كەلگۈسىدە ئۇلار ئاپتونوم رايون، مەملىكەت ھەتتا دۇنياۋى سەھنىلەردە مۇسابىقىگە چۈشۈپ نەتىجىگە ئېرىشسە، بۇنىڭدىن مىللىتىمىزگە ئاجايىپ كاتتا شان ـ شەرەپلەر كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ ئەل ـ يۇرتقا پايدىلىق ئىش، ئانا.

باشقا ئوغۇللارمۇ غېنىھاجىمنىڭ سۆزلىرىنى تېخىمۇ ئاددىي ئىبارىلەر بىلەن چۈشەندۈردى.

گەرچە ئانا پۇتبولنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ، ئوغۇللىرىنىڭ بەس ـ بەستە چۈشەندۈرۈشلىرىدىن ئۇلارنىڭ تولىمۇ كاتتا، ئەل ـ يۇرتقا پايدىلىق ھەم ئېھتىياجلىق بىر ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىنى، بۇ ئىش كەلگۈسىدە ئەل ـ يۇرتقا كۆتمىگەن كاتتا شەرەپلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ـ بوپتۇ، ئۇنداق بولسا دېگىنىڭلارچە قىلىڭلار، باللىرىم. ياراتقان ئىگەم باشلىغان بۇ ئىشىڭلارنى خەيرلىك قىلسۇن، مۇرادىڭلار ھاسىل بولار.

نۇخان ھاجىم ئوغۇللىرىغا ئەنە شۇنداق دەپ ئىجازەت ۋە دۇئا بەردى.

قېرىنداشلىرىنىڭ قوللىشى، ياردىمىگە، ئانىسىنىڭ ئىجازەت ـ دۇئاسىغا ئېرىشكەن غېنىھاجىم تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنى ئىزدەشكە، ئۇلارغا مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى. ئەلۋەتتە بۇ ئىش ئۈچۈن غېنىھاجىم ئاز يول ماڭمىدى. كىملەرنىڭدۇر ئىشخانىسىغا تالاي قېتىملاپ بېرىش، زېرىكمەي دوكلات يېزىش، تېرىكمەي چۈشەندۈرۈش نەتىجىسىدە بۇ ئىشمۇ ئاخىرى خەيرلىك تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى.

ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ مائارىپ ـ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن سېكرېتارى ئوسمان داۋۇد ئەپەندى (ھازىر ج ك پ شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى) پارتىيە ـ ھۆكۈمەت نامىدىن غېنىھاجىمنى كۈچلۈك قوللىدى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقىنى ئېلىشقا،

يۇقىرى-تۆۋەن ماسلاشتۇرۇشقا كۈچ چىقاردى. شۇنداق قىلىپ، قەشقەر شەھىرى مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىرىنىڭ مەخسۇس ھەمكارلىشىشى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە پۇتبول سىنىپىغا ئوقۇغۇچى تاللاشقا كىرىشتى.

ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا يىراقنى كۆرۈشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان غېنىھاجىم تەكرار ئويلىنىش، دوست-بۇرادەرلىرى، مۇناسىۋەتلىك تەنتەربىيە مۇتەخەسسىسلىرىدىن مەسلىھەت ئېلىش ئارقىلىق پۇتبول سىنىپىغا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان يەتتە ياشلىق ئۆسمۈرلەرنى تاللاش قارارىغا كەلگەنىدى.

غېنىھاجىم ئۈچۈن ئوقۇغۇچى تاللاش خېلىلا تەسكە چۈشتى. ئۇنىڭ قەشقەر شەھىرىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن پۇتبول سىنىپى ئاچماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئاتا-ئانىلار باللىرىنى يېتىلەشكىنىچە كېلىپ غېنىھاجىمنى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا مەسئۇل مەشقاۋۇللارنى ئورۇۋېلىشتى. ھەممىسىنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرى ئوخشاش — باللىرىنى پۇتبولچى قىلىپ يېتىلدۈرۈش ئىدى. ئەمما پۇتبول سىنىپىغا تاللايدىغان ئوقۇغۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ، بولۇپمۇ بەدەن ساپاسى، سەزگۈرلۈك، چاققانلىق... قاتارلىق بىر قانچە تەرەپكە قويۇلىدىغان شەرتلەر تولىمۇ ئېغىر ئىدى. بۇ شەرتنى غېنىھاجىم مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەنە شۇنداق قاتتىق تۈزگەنىدى. چۈنكى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان خەيرلىك ئىش ئۈچۈن، قۇرۇلماقچى بولغان پۇتبول ئىمارىتىنىڭ ئۇلىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئىنچىكىلىمىسە، تەلەپ-شەرتلەرنى قاتتىق قويمىسا بولمايتتى. بولمىسا، تەربىيىلىگەن باللار كېيىن كارغا كەلمەي قالاتتى. باللىرىنى پۇتبول سىنىپىدا ئوقۇتۇشنى ئارزۇ قىلغان ئاتا-ئانىلارنىڭ بولسا، بۇ شەرتلەر بىلەن پەقەتلا كارى يوق ئىدى. ئۇلار پەقەت باللىرىنىڭ كەلگۈسىدە ياراملىق بىر پۇتبول چولپىنى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنىلا ئارزۇ قىلاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىممەتلىك ئارزۇسىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئاتا-ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ ياراملىق ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن شەرت-شارائىت، تەربىيىلىنىش پۇرسىتى ئىزدەيتتى.

غېنىھاجىم ئۆزىنى خىجىل قىلىپ تۇرۇۋالغان ئاتا-ئانىلارغا ئېرىنمەي ئۆزرە قوياتتى. قويۇلىدىغان تەلەپ-شەرتلەرنى تەكرار-تەكرار چۈشەندۈرەتتى. ھەتتا شۇ كۈنلەردە غېنىھاجىمنى بىر چەتكە تارتىپ، ناۋادا بالىسىنى پۇتبول سىنىپىغا قوبۇل قىلسا، نۇرغۇن پۇل ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئاتا-ئانىلارمۇ بولدى. بۇنداق تەلەپلەر ئالدىدىمۇ غېنىھاجىم سەۋرچان، تەمكىن بولدى. ئۆزىدە پۇتبول سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان باللارنى تەربىيىلەشكە يېتەرلىك خىراجەتنىڭ بارلىقىنى، بۇ خەيرلىك ئىشقا پۇل-مال ئارىلاشتۇرۇپ قويسا كېيىن خەلققە، ئەل-يۇرتقا جاۋاب قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى ۋە ئۇلارنىڭ تەلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلىۋەتتى.

ھەئە، پۇتبول سىنىپىغا تاللىماقچى بولغان باللارنىڭ بويى ئېگىزلىكىنى ئۆلچەيدىغان مېتىرنى قولىغا ئېلىۋالغان غېنىھاجىم ئوقۇغۇچى تاللاشقا ماسلىشىۋاتقان تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى، مۇتەخەسسىسلەر كۆرسەتكەن ھەر بىر بالىنىڭ بويى ئېگىزلىكىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلچەيتتى، تۈرلۈك سوئال سورايتتى، سەزگۈرلۈكى، ئىنكاسىنىڭ تېز-ئاستىلىقىنى ئەستايىدىل كۆزىتەتتى. ئۇ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 12 ناھىيە، شەھەر ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىگە ئېرىنمەي باردى. پۇتبول سىنىپىغا تاللىماقچى بولغان 35 ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئونمىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تەپسىلىي كۆزەتتى. غېنىھاجىم بۇ ئىلمىي ئىشلارنى زېرىكمەي قىلاتتى، تولىمۇ ئىنچىكىلەيتتى، كىچىككىنە ئۆتكەل، يوچۇقلارغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. ئۇ، بۇ كۈنلەردە تولىمۇ ئىنچىكە-ئەستايىدىل بوپكەتكەنىدى. بۇ ئىشلارنى جاپا-ئاۋارىچىلىك ھېس قىلمايتتى. تەلەپ-شەرتلەرنى توختىماي تەكىتلەيتتى. ئۇ ئەسلىدە پۇتبول سىنىپىدا ئوغلىنى تەربىيىلەشنى ئويلاشقانىدى. كۈتمىگەن يەردىن ئوغلى بىر قانچە شەرتتىن ئۆتەلمىدى. بۇ رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا غېنىھاجىم يەنىلا تەمكىن بولدى. سۆيۈملۈك ئوغلىنى پۇتبول سىنىپىدا تەربىيىلەش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچتى. قېرىنداشلىرىمۇ ئوغۇللىرىنى پۇتبول سىنىپىدا تەربىيىلەش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈشتى، ئەمما ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ شەرتكە چۈشمىدى. غېنىھاجىم ئۇلارنىمۇ پۇتبول سىنىپىغا قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. مۇشۇ سەۋەبلىك قېرىنداشلىرى ئۇنىڭدىن رەنجىگەن بولدى. ئەمما غېنىھاجىم سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى قايىل قىلىپ بۇ كەسكىن زىددىيەتنى ئاخىرى ھەل قىلدى.

شۇنداق قىلىپ جاپالىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ئاخىرلاشتى. باللارنى دەسلەپتە قەشقەر شەھەر 3-باشلانغۇچ مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇردى. كېيىن قەشقەر شەھىرى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قەشقەر شەھىرى 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە مەخسۇس مۇشۇ باللارنى تەربىيىلەيدىغان ئىككى قەۋەتلىك ياتاق، دەرسخانا، ئاشخانا، مۇنچا، ھاجەتخانا بىر گەۋدىلەشكەن ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى سالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن غېنىھاجىم 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلىدى. ئۇ ھەر قېتىم باللارنى يوقلاپ چىققىنىدا رەتلىك فورما كىيگەن باللارنىڭ تەلەپچان مەشقاۋۇللارنىڭ يېتەكلىشىدە پۇتبول ماھارىتى مەشق قىلىۋاتقانلىقىنى، خەنزۇ، ئىنگلىز تىللىرىنى يادلاۋاتقانلىقىنى كۆرسە ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنەتتى. خەجلىگەن نەچچە يۈز مىڭ يۈەنلەپ پۇلى كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى، تارتقان جاپالىرى، ئۇچرىغان تەنە-دوقلىرى ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى. ئەمما مۇشۇ قۇتلۇق ئىش سەۋەبلىك قەشقەردە پەيدا بولغان تۈرلۈك-تۈمەن پىتنە-پاسات، غەيۋەت-شىكايەت، زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلىنغان بەتنام-تۆھمەت يۈرىكىنى ئازابلايتتى.

ھەئە، غېنىھاجىمنىڭ ئۇيغۇر پۇتبولچىلىقىنى دۇنياۋى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆز خىراجىتىدىن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە پۇتبول سىنىپى ئاچماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەر قەشقەر شەھىرىگە شامالدەك تېز تارىدى. جىنسىغا خاس ئەركەك خاراكتېر يېتىلدۈرگەن، يۈرىكى ھەرقاچان ئەل-ۋەتەن، مىللەت غېمىدە گۇپۇلدەپ سوقۇپ تۇرىدىغان كۆپ قىسىم كىشى بۇ خەۋەردىن سۆيۈندى، ھاياجانلاندى. ئاھالىرى

غايىۋانە ، گاھىلىرى يۈزتۈرانە ھالدا غېنىھاجىمنى ماختىدى، رەھمەت ـ ھەشقالىلىسىنى بىلدۈرۈشتى، قايىللىقىنى، ياخشى تىلەكلىرىنى ئېيتىشتى. بىراق خاراكتېرى ناجىنس، ئىچىدە تۈگۈز قۇترايدىغان قىتىغۇر، كۆڭلى ـ كۆكسى ئەل ـ ۋەتەن، مىللەت غېمىدىن خالىي، ئۆز مەنپەئىتىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، ئۆزى بىرەر ئىشنى قىلالمايدىغان، ئەمما باشقىلارنىڭ قىلغان ئىشىنى ياراتمايدىغان، بۇ ئىشلاردىن قۇسۇر ئىزدەيدىغان بەزى كۆرەلمەسلەر ھەسەت ئوتىدا پۇچىلاندى، تىللىرىدىن زەھەر ياغدۇرۇشقا ئۈلگۈردى:

ـ ئىشۇ غېنى تۆگە پۇتبول سىنىپى ئاچامدىكەن. ھالىغا بېقىپراق ئىش قىلسىچۇ؟

ـ ئۇيغۇر پۇتبولچىلىقىنى دۇنياۋى سەۋىيىگە يەتكۈزەرمىش تېخى. ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپتۇ، ئۇنىڭ قولىدىن قانچىلىك ئىش كېلەتتى، قايىلىسىلا...

ـ مەكتەپ قۇرارمىش تېخى. چىم بىلىدۇ، مۇشۇ باھانىدا ئۆزىنى نىقابلىماقچى ھەقىچان.

ـ راست دەيدىلا. بىز گەزمال سودىسى قىلىۋاتقان چاغدا چەرچىنچىلىك قىلىۋاتقان ئىشۇ غېنەك ئەجەب ئەمدى قوپاپ نەچچە يۈز مىڭ كوي خەجلەپ مەكتەپ ئاچماقچى بولاپقاپتا. شۇنچىۋالا جىق پۇلنى نەدىن تاپقاندۇ، غايىب خەزىنىگە ئۇچراشمىغاندۇ؟

ـ چوقۇم ھالال تىجارەت قىلماي ھارامخورلۇق قىلغان گەپ. بولمىسا، تىجارەتنى بىزمۇ قىلىۋاتىمىز، نېمىشقا ئۇ بىزدىن جىق پۇل تاپىدۇ؟

ـ زادى بىر گەپ بار جۇما.

ـ «ئېگىز ئادەم ئەخمەق كېلىدۇ» دېسە ئىشەنمىگەنتىم، مانا بۇنىڭ راستلىقىنى ئىشۇ غېنى تۆگە ئىسپاتلاپ بەردى. ئىست، ئىست، شۇنچىۋالا پۇلنى سورۇۋەتكىچە راسا مېغىزىنى چېقىپ خەجلىمەي.

ـ بىر قانچە شەھەردە خوتۇنىدىن ئۈچ ـ تۆتنى نىكاھىغا ئېپقويسىمۇ جانىنىڭ راھىتى ئەمەسما، ھى ـ ھى ـ ھى.

ـ ئەخمەق دېگەن شۇنداغ بولىدۇ.

ـ قايىلاپ تۇرۇڭلار، بۇ ئىشنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر گەپ بار.

ـ ھازىر ئۇ باللارغا نەچچە يۈز مىڭ كوي خەجلەپ قويغىنى بىلەن، كېيىن ھەر بىرسىنى بىر مىليون كويدىن ساتقىلى بولارمىش.

ـ مانا دېمىدىممۇ تېگىدە بىر گەپ بار دەپ. پايدىنى كۆزلىمىسە ھەرگىز قىلمايدۇ بۇ ئىشنى.

ـ بىز تىجارەتتىن پايدا ئالالمىساقمۇ غېنىھاجىدەك ئادەم ساتىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمىز.

ـ بىز دېگەن ھالال تىجارەت قىلىمىز.

ـ ... ...

بۇ كۆرەلمەسلەر ئازسانلىق كىشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەسەتخور چاكىنىلارنىڭ يىلان تىللىرىدىن تامغان زەھەرلەر بىر ـ بىرىدىن ئاچچىق ئىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق پىتنە ـ پاساتلار بىلەن يۈرىكىدە ۋاراقلاپ قايناپ تۇرغان ئوغلانلارنى بېسىشقا ئۇرۇناتتى. خەلقنىڭ پايدىسىغا، مىللەتنىڭ شان ـ شەرىپىگە نەچچە يۈز مىڭ كويلاپ مەبلەغ سېلىۋاتقان بۇ ئوت يۈرەك ئەزىمەتنىڭ كەينىدىن توختىماي لالما ئىتتەك قاۋىشاتتى، غاجىشاتتى. ئۆزلىرىنى غېنىھاجىمدىن ئۈستۈن قويۇشقا، ئالىجاناب، مەرد، سېخىي، باي ـ زەردار كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. غېنىھاجىمنىڭ 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلەپ ئوقۇتۇش بىناسى سالغانلىقىنى ھەممە ئاشۇ باللارنىڭ تاماق، كىيىم ـ كېچەك، ئوقۇتۇش قوراللىرى... قاتارلىق تۈرلۈك چىقىمىنى قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ياراتمايۋاتاتتى. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ قەشقەردەك ھاجەتخانا قىس،ھەتتا يېقىنغىچە ئۆگزىلەرگە چېلەك قويۇپ تەرەت قىلىدىغان بىر شەھەردە ھاجىتى تۇيۇقسىز قىستاپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ راھەتلىنىۋېلىشى ئۈچۈن تۆت مىڭ يۈەن خەجلەپ بىرەر ھاجەتخانا سالمىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيتتى. ئەنە شۇ كۆرەلمەسلەرگە بىرەر كەم يانلىرىدىن خىراجەت چىقىرىپ بىرەر ھاجەتخانا سېلىپ قويسىلا، دەيدىغان بولسا، ئېنىقكى، ئاشۇ كىشىنى ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە تويدۇرۇۋېتەتتى. چۈنكى ئۇلار تىل ـ ھاقارەتتە بىشەم خوتۇنلاردىنمۇ ئۆتە يامان ـ زەھەر تىللىق كىشىلەر ئىدى.

بۇنداق ئىچى تار ـ كۆرەلمەسلەرنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىدىن غېنىھاجىم خەۋەر تېپىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان كىشىلەر بۇ پىتنىلەرنى يەتكۈزۈشكەنىدى. ئەمما ئۇ، بۇ پىتنىلەرگە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇش بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. تەمكىن ـ سالماق خاراكتېر، كەڭ قورساق پەزىلەت يېتىلدۈرگەن بۇ مەردانە ئوغلان ئۇنداق چۈپرەندىلەرنىڭ پىتنىلىرىگە رەددىيە بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى. دېمىسىمۇ، ئىت بىلەن تەڭ بولسا ئىت بولمامدۇ كىشى. دانالارنىڭ تۆھمەتكە بېرىدىغان جاۋابى سۈكۈت.

«ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا، ياخشى ئىشقا پۇتلاش تولا» دېگەنىدەك، غېنىھاجىمنىڭ باشلىغان بۇ ئەھمىيەتلىك ئىشى ئەنە شۇنداق ھەرخىل، چوڭ ـ كىچىك پۇتلاشلارغا دۇچار بولۇپ ئاستا ـ ئاستا يۈرۈشتى. ئەمما مەن بۇ گېپىم ئارقىلىق قەشقەردە ھەرقانداق ياخشى ئىشنى پۇتلايدىغان ئادەملەر كۆپ دېمەكچى ئەمەسمەن. بۇنداق دېيىشلا ئەمەس بۇنداق ئويلاشمۇ مېنى قارا يۈز قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى مىللىتىمىز ئارىسىدا ئاجايىپ كاتتا ئىشلارنى قىلغان ۋە ئاشۇ ئىشلىرى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلغان، ئەۋلادلارنى پەخىرلەندۈرگەن نى ـ نى ئالىملار ، ئەزىمەتلەر، ئوغلانلار مۇشۇ ئەزىزانە قەشقەردىن چىققان. ھەئە، قەشقەر ئەزەلدىن مەردۇ ـ مەردانىلەر ماكانى. ھېلىقىدەك چاكىنىلارمۇ بار، لېكىن ئازساندا .

باھادىر ـ ئەزىمەت ئۈچۈن ئەلۋەتتە ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان سورۇن كېرەك. غېنىھاجىم تۈرلۈك قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، زور ئىقتىسادىي مەبلەغ ئاجرىتىپ 30نەچچە بۈركۈت چۈجىسىنى تەربىيىلەشكە كىرىشۋېدى، 2006 ـ يىلى ئۆكتەبىردە قەشقەردىن يەنە بىر مەردۇ ـ مەردانە ئەزىمەت چىقىپ، ئاشۇ بۈركۈت چۈجىلىرىنىڭ پەرۋاز قىلىپ ماھارىتىنى نامايىش قىلىشى ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن 160مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلەپ كاتتا بىر سورۇن ھازىرلىدى. ئۇ بولسىمۇ قەشقەر شەھىرىدىكى تىجارەتچى يىگىت تۇرسۇنجان ئابدۇرەھىم بارلىق مۇسابىقە چىقىمىنى ئۈستىگە ئېلىپ،

قەشقەر شەھرىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پۇتبولچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئاپتونوم رايون بويىچە ‹ئىسكەندەر لوڭقىسى›نى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى» ئىدى. ھەئە، بىر ئەزىمەت پۇتبول ئەزىمەتلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىقتى. يەنە بىر ئەزىمەت ئاشۇنىڭغا ئوخشاش نەچچە يۈزلىگەن پۇتبول ئەزىمىتىگە بىر يەندىن، ئىككى يەندىن مارۇژنى سېتىپ تاپقان بارلىق ئىقتىسادىنى چىقىرىپ ماھارەت كۆرسىتىش سورۇنى ھازىرلاپ بەردى. مانا بۇنى مەردۇ - مەردانىلىك دەيمىز. يەنە كېلىپ قەشقەرلىكلەرنىڭ ئەجدادىدىن مىراس قالغان كاتتا ئەنئەنىسى دەيمىز.

مەن مەزكۇر ئوچېركنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا تۇرسۇنجان ئابدۇرەھىم بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدىم. «قەشقەر گېزىتى» مۇخبىرى خۇرەنىنىڭ «قەشقەر گېزىتى»نىڭ 2006 - يىل 9 - دېكابىر سانىغا بېسىلغان «قەشقەردىكى پۇتبول مەستانىلىرى»ناملىق ماقالىسىدىكى تۇرسۇنجان ئابدۇرەھىمگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەردىن پايدىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرگە قىسقىچە مەلۇمات بېرىشنى لايىق تاپتىم.

« تۇرسۇنجان ئابدۇرەھىم تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەرنىڭ ئېسىگە 2004 - يىلى قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە ۋېلىسىپىتلىك بېرىپ، پۈتكۈل شىنجاڭنى زىلزىلىگە سالغان ئاتا - بالا ئىككىيلەن كېلىدۇ. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە تۇرسۇنجان ئابدۇرەھىم 14ياشلىق ئوغلى ئىسكەندەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ‹ئىسكەندەر لوڭقىسى›نى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزدى.

تۇرسۇنجان ئابدۇرەھىم قەشقەر شەھرىدىكى شىنجاڭ بىناكارلىق — قۇرۇلۇش 6 - شىركىتى يېنىدا بىر مارۇژنى(مۇزقايماق)دۇكىنى ئاچقانىكەن. مۇخبىر 20 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، ۋىۋىسكىسىغا دۇنيادىكى پۇتبول چولپانلىرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن دۇكانغا كېلىپ، تۇرسۇنجان ئابدۇرەھىم بىلەن كۆرۈشتى.

— مەن تەنھەرىكەتنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى تۇرسۇنجان ئابدۇرەھىم مۇخبىرغا، — بولۇپمۇ پۇتبولغا شۇنداق ئىشتىياقىم بار. مەن كىشىلەرنى دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسىنى قانغىچە كۆرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن 46دىيۇيملۇق رەڭلىك تېلېۋىزوردىن بىرنى سېتىۋېلىپ مۇسابىقە باشلىنىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى دۇكىنىمنىڭ ئالدىغا قويدۇم. يەنە 300دانە ئۇستەل - ئورۇندۇق سېتىۋېلىپ دۇكاننىڭ ئالدىدىكى بوش ئورۇنغا تىزدىم. كىشىلەرنىڭ دۇنيا لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسىنى قىزىقىپ كۆرگەندىكى مەنزىرە شۇنداق كۆڭۈللۈك بولدى. ھەتتا سەممەن — چىنىباغ مېھمانخانىسىغا چۈشكەن چەت ئەللىكلەرمۇ ھەركۈنى دۇكىنىمغا كېلىپ مۇسابىقە كۆردى.

تۇرسۇنجان ئابدۇرەھىم قەشقەردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پۇتبولچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا «ئاپتونوم رايون بويىچە ‹ئىسكەندەر لوڭقىسى›نى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى»نى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى بېجىرگەن. ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچقان. ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئېلان بەرگەن ۋە ئالتۇن مېدال، لوڭقا، مۇكاپات قاتارلىقلارنى تەييارلىغان.

— مەن ئۆزۈمنىڭ پۈتكۈل شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور پۇتبول مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈپ قەشقەرلىكلەرنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى پۇتبول مۇسابىقىسىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقىمنى ئويلىسام چەكسىز ئىپتىخارلىنىمەن، — دەيدۇ تۇرسۇنجان ئابدۇرەھىم.

تۇرسۇنجان ئابدۇرەھىمنىڭ بىر دوستى مۇخبىرغا مۇنداق دېگەن:

— تۇرسۇنجان ئابدۇرەھىمنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇنچە كۆپ پۇلىمۇ يوق. ئالتە يىل ئىلگىرى ئۇ مارۇژنى دۇكىنى ئاچقاندا ئايالىنىڭ تويلۇق ئۈزۈك، ھالقا، زەنجىر، بىلەزۈك قاتارلىق زىبۇ - زىننەتلىرىنى سېتىۋەتكەن ھەمدە 20مىڭ يۈەن قەرز ئالغان. بىز بىرقانچە دوستى ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى پۇتبول مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشىنى ئانچە قوللاپ كەتمىگەنىدۇق. لېكىن ئۇ: ‹مەن پۇتبولنى ياخشى كۆرىمەن. مۇسابىقىنى چوقۇم ئۆتكۈزىمەن› دەپ تۇرۇۋالدى...»

«قەشقەر گېزىتى» مۇخبىرى خۇرەنىنىڭ يۇقىرىدىكى يازمىلىرىدىن تۇرسۇنجان ئابدۇرەھىمنىڭ ئانچە باي — زەردارلاردىن سانالمىسىمۇ، شىنجاڭ پۇتبولچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قانچىلىك زور ئىقتىسادىي بەدەل تۆلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ھەمدە ئۇنى ئەزىمەت دەپ تەرىپلىمەي، بارىكاللا ئېيتماي تۇرالمايمىز. مەن بۇيەردە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بۇۋىمىز ئەلشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ شاھانە ئەسىرى «مەھبۇبۇلقۇلۇپ»تىن بىرقانچە ھېكمەت كەلتۈرۈشنى لايىق تاپتىم.

«بېشىڭغا پەلەكتىن تاشلار ياغسىمۇ ئەل خىزمىتىدىن باش تارتما. ئەگەر ئۇ تاشلار بىلەن بېشىڭ يېرىلىپ، تاتۇق بوپقالسا، ئۇ بەخت - سائادەتنىڭ بەلگىسى بوپقالغۇسى»، «كىمكى ئۆز ئۆمرىنى ئەل خىزمىتىگە سەرپ قىلسا، گەرچە ئۆمرى كەتسىمۇ، مەڭگۈلۈك ئۆمۈرگە ئېرىشكەن بولىدۇ. ئۆزۈڭنى بۇ تۇپتىن يىراق تۇتما، بېشىڭ كەتسىمۇ بۇ مۇددىئانى ئۇنتۇما»، « بىراۋدا رۇستەمچە كۈچ - قۇۋۋەت، ھاتەمچە ھىممەت، قارۇنچە مال - دۇنيا بولسىمۇ، خەلقنىڭ رازىلىقىنى تاپماق بەكمۇ مۇشكۈلدۇر».

خوش، يەنىلا ئەسلىي گېپىمىزگە كېلەيلى.

«ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر»دەپ غېنىھاجىم ئۆز تىجارىتى ۋە مىڭبىر مۇشەققەتتە باشلىغان خەيرلىك ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىۋەردى. ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلىتى، قىلغان ساخاۋەتلىك ئىشلىرى يىراق - يېقىنغا پۇر كەتتى، ئەل - يۇرتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، دۇئاسىنى ئالدى. مۇناسىۋەتلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىگىچە ئۇنى قوبۇل قىلىپ، باشلىغان خەيرلىك ئىشىغا يۇقىرى باھا بەردى. ئارزۇ - تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇنى يۇرت - ماكانىغا مەبلەغ سېلىپ خەلققە، دۆلەتكە تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى ھامىددىن نىياز ئەپەندى رەھبەرلىك خىزمىتى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە «ئەمەن» پۇتبول سىنىپىغا كېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئالاھىدە يوقلاپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇرەھىم ھامىد ئەپەندى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر ئەپەندى رەھبەرلىك خىزمىتى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە «ئەمەن» پۇتبول سىنىپىغا كېلىپ ئوقۇغۇچىلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلارنى ياخشى ئوقۇپ، تىرىشىپ ماھارەت ئىگىلەشكە رىغبەتلەندۈردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئەپەندىمۇ غېنىھاجىمدىن «ئەمەن» پۇتبول سىنىپىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا «پەلەك شاھى»ئادىل ھوشۇر، «قۇملۇق مەلىكىسى»گۈلزۆھرە ئەبەيدۇللا، شۆھرەتلىك يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر، ناخشىچى زاھىر بورھان قاتارلىق ئاتاقلىق شەخسلەر ۋە سەنئەتكارلارمۇ قەشقەرگە كەلگەندە «ئەمەن» پۇتبول سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇلارنى پۇرسەتنى قەدىرلەپ ياخشى ئوقۇش، پۇختا ماھارەت ئىگىلەشكە رىغبەتلەندۈردى. غېنىھاجىم ئاشۇ تۆھپىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ خەلققە، ھۆكۈمەتكە پايدىلىق تەكلىپلەرنى سۇنۇپ، ئەل-ئاۋامنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرىنى پارتىيە-ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈشتە خەلق ۋەكىللىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.

خوش، غېنىھاجىم شۇنچىۋالا بېسىمغا بەرداشلىق بېرىپ، تالاي مۇشكۈلاتنى يېڭىپ، تىنجىماس تۆھمەت، پىتنە-پاساتلارغا پەرۋا قىلماي نۇرغۇن پۇل خەجلەپ قۇرغان «ئەمەن» پۇتبول سىنىپىدىكى سۆيۈملۈك كىچىك ئەزىمەتلەر قانداقراق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندۇ؟ شۇ تاپتا بۇ ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ كاللىسىدا شەكىللەنگەن سوئال، ئەلۋەتتە.

بۇيەردە مەن بۇ سوئالغا قىسقىلا سەھىپە ئاجرىتىشنى لايىق تاپتىم.

«ئەمەن» پۇتبول سىنىپىدىكى كىچىك ئەزىمەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرگەن شان-شەرەپلىرى:

2001-يىلى فېۋرالدا «قەشقەر شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ‹ئەمەن لوڭقىسى›نى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى»دا بۇ سىنىپتىن تەشكىللەنگەن ئىككى كوماندا مۇسابىقىگە قاتناشقان 11 كوماندا ئىچىدە يۇقىرى نەتىجە بىلەن 1-، -لىككە ئېرىشتى.

2002-يىلى مايدا «قەشقەر ‹يىپەك يولى› پۇتبول كۇلۇبى ئۇيۇشتۇرغان ‹بىخ لوڭقىسى›نى تالىشىش بويىچە پۇتبول مۇسابىقىسى»دا قەشقەر شەھىرىدىكى 21 باشلانغۇچ مەكتەپ كوماندىلىرى ئىچىدە بۇ سىنىپ تەشكىللىگەن ئىككى كوماندا يەنىلا 1-، 2-لىكنى قولغا كەلتۈردى.

2003-يىلى ئاپرېلدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭخۇا ئۆسمۈرلىرىنىڭ A دەرىجىلىكلەر پۇتبول ماھارەت مۇسابىقىسى»دا «ئەمەن» پۇتبول سىنىپى كوماندىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ۋاكالىتەن مۇسابىقىگە قاتنىشىپ 28 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون كوماندىلىرى ئىچىدە 3-لىكنى قولغا كەلتۈرگەن. يەنە شۇ يىلى مايدا «قەشقەر شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ‹بىخ لوڭقىسى›نى تالىشىش 2-نۆۋەتلىك پۇتبول مۇسابىقىسى»دا 28كوماندا ئىچىدە 1-بولدى.

2004-يىلى يانۋاردا ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ داڭلىق پۇتبول مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى بىلەن «ئەمەن» پۇتبول سىنىپىدىكى بالىلارنىڭ سەۋىيىسىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىش ئۈچۈن غېنىھاجىم ئوقۇغۇچىلىرىنى گۇاڭشى ئۆلكىسىنىڭ بېيخەي شەھىرىدە جۇڭگو پۇتبولچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان قىشلىق مەشىق ھەم مۇسابىقىگە قاتناشتۇردى. بۇ 45كۈن جەريانىدا «ئەمەن» پۇتبول سىنىپىدىكى شاكىچىكلەر سەككىز مەيدان دوستلۇق مۇسابىقىسى ئويناپ، ھەممە مەيداندا غەلىبە قىلىپ، جۇڭگو پۇتبولچىلىق مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى ھەم يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. (مۇشۇ قېتىمقى پائالىيەت ئۈچۈنلا غېنىھاجىم ئاشۇ 30نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ، تىرېنېرلارنىڭ يول، ياتاق، تاماق ۋە باشقا خىراجەتلىرى ئۈچۈن 150مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل خەجلىدى).

2004-يىلى مايدا «ئەمەن» پۇتبول سىنىپىدىكى شاكىچىكلەر «قەشقەر شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ‹بىخ لوڭقىسى›نى تالىشىش 3-نۆۋەتلىك پۇتبول مۇسابىقىسى»نىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر مۇسابىقە گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، 12 كوماندا ئىچىدە 1-بولدى.

2005-يىلى مايدا مارالبېشى ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن «قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 19ياشلىقلار پۇتبول مۇسابىقىسى»دا ئەمدىلا 15ياشقا كىرگەن بۇ شاكىچىك ئەزىمەتلەر 12كوماندا ئىچىدە 5-لىككە ئېرىشتى ھەمدە «ئەخلاق-پەزىلەت مۇكاپاتى»غا نائىل بولدى.

2005-يىلى ئاۋغۇستتا كورلا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 18ياشلىقلار پۇتبول مۇسابىقىسى»دا بۇ شاكىچىك ئەزىمەتلەر 14ۋىلايەت - شەھەر كوماندىلىرى ئىچىدە 2-لىككە ئېرىشتى.

2006-يىلى يانۋاردا گۇاڭشى ئۆلكىسىنىڭ ۋۇجۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «15ياشلىقلار (U—15) بويىچە مەملىكەتلىك پۇتبول مۇسابىقىسى»غا «ئەمەن» پۇتبول سىنىپىدىكى تاللانغان كىچىك باتۇرلار ئاپتونوم رايونىمىزغا ۋاكالىتەن قاتنىشىپ، 26 كوماندا ئىچىدە 1-لىكنى قولغا كەلتۈردى.

2006-يىلى ئۆكتەبىردە قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ‹ئىسكەندەر لوڭقىسى›نى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى»دا پۈتكۈل ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، چېمپىيونلۇق لوڭقىسىنى قولغا كەلتۈردى...

يۇقىرىدىكىلەر «ئەمەن» پۇتبول سىنىپىدىكى شاكىچىك ئەزىمەتلەر - يېتىلىۋاتقان بۈركۈت چۈجىلىرىنىڭ پەرۋازىدىن قولغا كەلگەن شانلىق نەتىجىلەر. بۇ قۇرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا پەخىرلەنمەي، ئۇلارغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە. ھەممىدە يېقىن

كەلگۈسىدە نەۋقىران يۇركۈتلەرگە ئايلىنىش، جۇڭگو ۋە دۇنيا پۇتبول سەھنىلىرىدە پەرۋاز قىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ يۇركۈت چۈجىلىرىنىڭ قانات-قۇيرۇقلىرىنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن غېنىھاجىمنىڭ بىھېساب ئەجىر قىلغانلىقى، قانچىلىك ئىقتىسادىي بەدەل تۆلىگەنلىكىنى ئاسانلا ھېس قىلالايمىز.

— ھەممىمىزگە مەلۇم، پۇتبول ئەزىمەتلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە بىر پۇتبول سىنىپىنى ئېچىش، بىر پۇتبول مەيدانىنى ياساش... بىلەنلا كۇپايىلەنگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنى پات-پات مۇسابىقىگە تەشكىللەش، باشقا كوماندىلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇش زۆرۈر. غېنىھاجىم مۇشۇ تەلەپلەرنى تولۇق قاندۇرۇش ئۈچۈن يىرىقى ئىچكى ئۆلكىلەر، ئۈرۈمچى، يېقىنى ئاقسۇ، ئاتۇش، پەيزاۋات، يەكەن، پوسكام... قاتارلىق جايلارغا باللارنى ئاپىرىپ مۇسابىقە ئويناتقۇزدى. گاھى يۇرتلارغا ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىككى-ئۈچ قېتىمدىن ئاپىرىپ، ئەكەلدى. ھېسابلاپ باقسىلا 30 نەچچە بالىنىڭ مۇشۇنچىۋالا چىقىمى ئۈچۈن قانچىلىك خىراجەت كېتىدۇ؟ سىلىگە دېسەم، غېنىھاجىم بۇ پۇللارنى خەجلەشكە رازى، قىلچىلىك ئويلىنىپ ئولتۇرمايدۇ، — دېدى «ئەمەن» پۇتبول سىنىپىنىڭ باش مەشقاۋۇلى، قەشقەر شەھىرى 1-ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ياش تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى نۇرئەلى شىرخان مۇئەللىم.

— غېنىھاجىم پۇتبول سىنىپى ئاچقاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلغان زېھنىنى سودا-تىجارەتكە سەرپ قىلغان بولسا، نەچچە مىليونلاپ پايدا ئالاتتى. شۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيا سودىسى داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. غېنىھاجىم سودىدا زىيان تارتىپ تۇرۇپمۇ، ئۇيغۇر پۇتبولچىلىقىغا قاراتقان زېھنىنى چېچىشنى خالىمىدى ھەم بۇ ئىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى، — دەيدۇ قەشقەر شەھىرى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىمى، كۆزگە كۆرۈنگەن فوتوگراف ئادىلجان ئابدۇقادىر.

نەتىجە جاپالىق ئەجىردىن كېلىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرنىڭ كەينىدە چوقۇم كۆيۈمچان بىر ئايال بولىدۇ. بىز بۇ يەردە غېنىھاجىمنىڭ دىلكەشى، كۆچلۈك قوللىغۇچىسى، ۋاپادار جۈپتى ھالالى گۆھەرنىسانى تىلغا ئېلىپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس، دەپ ئويلىدۇق. گەرچە زىيارەت جەريانىدا غېنىھاجىم «ئايالىنى داڭلىغان بىرىنچى ئەخمەق»بوپقېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، پەزىلەتلىك گۆھەرنىسانىڭ غېنىھاجىمنى قانچىلىك قوللىغانلىقى، مەدەت بەرگەنلىكىنى پەرەز قىلمىقى تەس ئەمەس.

## 4

2006-يىلى كەچ كۈزدە ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى «ئەمەن سودا شىركىتى» ۋە «ئەمەن» پۇتبول سىنىپىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، كۆزگە كۆرۈنگەن فوتوگراف ئادىلجان ئابدۇقادىرنىڭ ئالدىن ئالاقىلىشىپ ئۇرۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قەشقەر شەھىرىدىكى بىر چايخانىدا غېنىھاجىم بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم.

ئېگىز بوي، ئاددىي-ساددا كىيىنىۋالغان غېنىھاجىم كەمتەرلىكى ۋە كەم سۆزلىكى بىلەن مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئادەتتە زىيارەت ئوبيېكتلىرى زىيارەت قىلغۇچىنى كۆپرەك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈنمۇ ئىمتىياۋۇر ئىش-پائالىيەتلىرىنى يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىشكە ئالدىرايدۇ. ئەمما مېنى ھۆرمەتلەپ تۆردە ئولتۇرغۇزۇپ قويغان مىليونېر غېنىھاجىم بۇنىڭ ئەكسىچە بىر ئېغىز سوئالىمغا بىر ئېغىزلا جاۋاب بېرىپ، گېپىنى ئاياپ تەمكىنلىك بىلەن ئولتۇراتتى. مېنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەي چوڭچىلىق - ھاكاۋۇرلۇق قىلىۋاتامدىكىن دەي دېسەم، چاي ئىستاكىنىمغا ئۆز قولى بىلەن پات-پات چاي جىقلاپ قويۇشلىرى بۇ گۇمانىمنى شۇ يەردىلا يوققا چىقىرىۋېتەتتى.

— ھاياتلىرىدىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىقلىرى قايسى؟ — سورىدىم خىيالچان ئولتۇرغان غېنىھاجىمنى گەپكە سېلىش ئۈچۈن.

— پۇتبول سىنىپى قۇرۇلۇپ 2-يىلى قەشقەر شەھىرىدە يىگى يىلنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆزۈنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە پۇتبول سىنىپىدىكى بارلىق ئوقۇغۇچىنى قاتناشتۇردۇم. بۇ مۇسابىقىگە قەشقەر شەھىرىدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەردىن نەچچە مىڭ ماھىر قاتناشقانىدى. ماھىرلار ئاخىرقى پەللىگە يېقىنلاشقاندا ئەڭ ئالدىدا بىر توپ ئۆسمۈر چېپىپ كېلىۋاتىدۇ. قارىسام، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پۇتبول سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەن. خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش كەلگىنىنى تۇيمايلا قاپتىمەن...

— يەنچۇ؟ — سورىدىم غېنىھاجىمنىڭ جاۋابىدىن ئانچە قانائەت ھاسىل قىلماي.

— 2001-يىلى فېۋرالدا «قەشقەر شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ‹ئەمەن لوڭقىسى›نى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى»دا «ئەمەن» پۇتبول سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن 2 كوماندا مۇسابىقىگە قاتناشقان 11كوماندا ئىچىدە يۇقىرى نەتىجە بىلەن 1-، 2-بولدى. بۇ، پۇتبول سىنىپى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوينىغان تۇنجى مۇسابىقىسى ئىدى...

— يەنچۇ؟

— 2003 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەرنىڭ مەملىكەت بويىچە پۇتبول مۇسابىقىسىدا...

مانا بۇلار غېنىھاجىمنىڭ خۇشاللىقى. ئۇ سودا-تىجارەت جەريانىدا رىقابەتچىلىرىنى ئادىللىق بىلەن يېڭىپ ئېرىشكەن سودا توختاملىرىنى، چەت ئەللەردىكى كاتتا شەھەرلەردە بولغان زىيارەتلىرىنى خۇشاللىق ھېسابلىمامدۇ ياكى ئاشۇ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، تالاي پىتنە-پاسات، ھاقارەتكە بەرداشلىق بېرىپ، نۇرغۇن ئىقتىساد ئاجرىتىپ قۇرۇپ چىققان پۇتبول سىنىپىدىكى ئۈمىدلىك بوغۇنلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ھاياتىدا ئېرىشكەن ھەرقانداق نەتىجىلەردىن، خۇشاللىقلىرىدىن ئۈستۈن

قويامدۇ، بۇنى بىلمىدىم. ئەمما شۇنىڭغا ئىشەندىمكى، غېنىھاجىم شۇتاپتا قىلچە ياسالمىلىق قىلماي راست گەپنى قىلىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ پايدىسىنى ئەمەس، مىللەتنىڭ پايدىسىنى، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ مىللەتكە شەرەپ كەلتۈرۈش يولىدا ئېرىشكەن كىچىككىنە نەتىجىلىرىنى ھەرقانداق خۇشاللىقتىن ئۈستۈن قويۇۋاتاتتى.

— ھاياتلىرىدا ئەپسۇسلىنىدىغان ئىشلارمۇ بارمۇ؟

غېنىھاجىم بىر دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— مانا ئۆزلىرىمۇ كۆردىلە، «ئەمەن» پۇتبول سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى، ماھارىتى مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ئوخشاش ياشلىقلار ئارىسىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. ئەمما مۇناسىۋەتلىك كەسپىي باشقۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ قوللىشى، مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشى ئانچە يېتەرلىك ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، شۇنچە ئەجىر سىڭدۈرۈپ تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلىرىمىدىن بەش نەپەر بالىنى ئۆزۈم ئەڭ ئىشەنگەن كىشىلەر، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئازغىنە پۇلغا بۇزۇپ، مېنىڭ رۇخسىتىمنى ئالمايلا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى پۇتبول كۇلۇبلىرىغا ئوغرىلىغان ھېسابتا ئېلىپ كەتتى. مۇشۇ ئىشنى ئويلىسام، بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن. ئۇ باللار تېخى كىچىك، ئاق-قارىنى پەرق ئەتكۈچىلىكى يوق. ئۇلارنىڭ نەدىلا بولسۇن ياخشى تەربىيىلىنىش شارائىتىغا ئىگە بولاپ، كەلگۈسىدە مۇنەۋۋەر پۇتبول چولپانلىرىدىن بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ ھەقىقەتەن ئەپسۇسلانغۇدەك ئىش ئىدى. بولۇپمۇ غېنىھاجىمدەك يۈرىكى پۇتبول ئىشقىدا كۆيۈۋاتقان ساخاۋەت ئىگىسى ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

ئويلىنىپ قالدىم: بىراۋ ئاجايىپ كاتتا باغ بىنا قىلىش ئۈچۈن يۇرت- يۇرتتىن نۇرغۇن سورتلۇق كۆچەتنى تاللاپ، باغقا سېلىپ، ئاشۇ باغقا ئۆزى ئىشەنگەن بىر كىشىنى باغۋەن قىلسا، ئۇ باغۋەن كۆچەتلەر مېۋىگە كىرەي دېگەن چاغدا ئاشۇ كۆچەتلەرنى قومۇرۇپ ئوغرىلىقچە باشقا يەرگە يۆتكىۋالسا، كىمنىڭ يۈرىكى ئېچىشمايدۇ- ھە! ئەقىدە ئىنسانىنىڭ ئالىي پەزىلىتى. ئازغىنە مەنپەئەتنى دەپ پەزىلەتسىزلىك قىلغان كىشىلەرنى ھامان تارىخ ۋىجدان سوتىغا تارتماي قالمايدۇ.

— ئاشۇنداق ئازساندىكى پەزىلەتسىز كىشىلەر مىللىتىمىزنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزىدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى ئىشەنچنى سۇسلاشتۇرىدۇ، — دېدىم غېنىھاجىمغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن.

— ھېچقىسى يوق. پۇتبول سىنىپىدىكى باشقا ئوقۇغۇچىلار ئاشۇ كېتىپ قالغانلاردىنمۇ ماھارەتلىك، — دېدى غېنىھاجىم ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ، — مانا بۇ قېتىمقى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ‹ئىسكەندەر لوڭقىسى›نى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى» ھەممىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مەن مىللىتىمىزنى سۆككەن، ئەيىبنى ئاچقان، كىچىككىنە نۇقسانلىرىنى دەپ ئاغرىنغان كىشىلەرنى ياقتۇرمايمەن. چۈنكى ھەرقانداق مەدەنىيەتلىك، كاتتا مىللەتنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق كەمچىلىكى بولىدۇ. ئەمما مىللىتىمىز توپىدا شۇنداق بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەل سۆيگەن رەھبەرلىرى، ئالىم-زىيالىيلىرى، دىنىي ۋە پەننىي ئىلىمدا كامىل، خەلقچىل ئۆلىمالىرى، ساخاۋەتچى باي-زەردارلىرى يارىمايدۇ، بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن پىتنە-پاسات تارقىتىدۇ، قىلغان ئەمگەكلىرىدىن، ئىشلىرىدىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ.

مەن قايىللىق ئىلكىدە غېنىھاجىمغا نەزەر تاشلىدىم. مانا بۇلار باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاران 5- يىللىقىغىچە ئوقۇيالىغان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سۆزلەر ئىدى. ئۇ مۇشۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پۇلدىن باشقىنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم قاراقورساق باي-زەردارلاردىن روشەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئەل سۆيگەن قايسىبىر رەھبەرلىرىمىز كەينىدىن ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ئۈچۈن توقۇلغان چاكىنا لەتىپىلەر، ئالىم-زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى، نەتىجىلىرىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن زەھەرخەندىلىك بىلەن تارقىتىلغان پىتنە-پاساتلار، ھالال ئەجرىدىن تاپقان پۇللىرىنى ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خەجلىگەن مەرىپەتپەرۋەر باي-زەردارلارغا چاپلانغان تۆھمەتلەر بىر-بىرلەپ يادىمدىن كەچتى. غېنىھاجىم ئاشۇ مەنىلىك ئاددىي خۇلاسىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ۋىرۇسسىمان داغنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەرگەنىدى.

— ئاينى ئېتەك بىلەن توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇنداق پىتنىخورلار قۇياشقا قاراپ قاۋىغان ئىتقا ئوخشاش قاۋاپ قېلىۋېرىدۇ، سىلى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنسىلىلا بولىدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئارزۇلىرىنى ئاڭلاپ باقسام بولارمۇ؟

— «ئەمەن» پۇتبول سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماھارىتىنى تېخىمۇ كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن چەت ئەلدىن مەشقاۋۇل تەكلىپ قىلىشنى ئويلىشىۋاتىمەن. بۇ پىلانىممۇ پات يېقىندا رويابقا چىققۇسى. كەلگۈسىدە ئاشۇ 30نەچچە ئوقۇغۇچىدىن ئاز دېگەندىمۇ بەش-ئالتە نەپىرى دۇنيا پۇتبول سەھنىسىدە توپ تېپىپ خەلقىمىزگە ، ۋەتىنىمىزگە شان-شەرەپ كەلتۈرسە، ئارمىنىم يوق. بۇ ئارقىلىق پەن-تېخنىكىدا ئارقىدا قالغان، ناخشا-ئۇسسۇلدىن باشقىغا ئانچە ھەۋەس قىلىپ كەتمەيدىغان سۆيۈملۈك مىللىتىمنى مەملىكەتكە، دۇنياغا تونۇتۇش، مۇشۇنداق ئىشلار ئۈچۈن ئىمكانىيىتىمنىڭ يېتىشىچە مەبلەغ ئاجرىتىش، ئەمەلىيەتتە بۇ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم. مىللىتىمىنىڭ ھەربىر ۋىجدانلىق ئەزاسى ئۆزىدە مۇشۇنداق مەسئۇلىيەتنى ھازىرلىشى كېرەك.

غېنىھاجىمنىڭ بۇ جاۋابىدىن يەنە بىر قېتىم ھاياجانلاندىم. ئۇ كەلگۈسىدە مەكتەپ، دوختۇرخانا سالىمەن، كۆۋرۈك-يول ياسايمەن دېگەندەك دەبدەبىلىك سۆزلەرنى دېمىدى. دېگەن بولسىمۇ بولۇۋېرەتتى. چۈنكى ئۇنداق ۋەدىلەرنىڭ ئىجراسىنى كېيىن ھېچكىم سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايتتى. ئەمما سەممىي، راست سۆزلۈك، دېگىنىگە ئەمەل قىلىپ كەلگەن بۇ لەۋزى ھالال ئەزىمەت ئەمەلىي

گەپ قىلىۋاتاتتى. كىممۇ ئۇنى كەلگۈسىدە ئۇنداق ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلمايدۇ دېيەلەيدۇ. يۈرىكىدە ھەرقاچان ئەل- ۋەتەن، خەلق-مىللەت ئىشقى يېلىنجاپ تۇرغان بۇ ئوغلان خەلققە پايدىلىق، ئەمما تېخى ھېچكىم قىلىپ باقمىغان نۇرغۇن ئىشنى داۋراڭسىز كۆڭلىگە پۈككەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ھازىرچە داۋراڭ سېلىشنى خالىمىدى. قىلىۋاتقان ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاشۇ بوغۇنلارغا چەت ئەلدىن مەشقاۋۇل تەكلىپ قىلىشمۇ ھېچكىم قىلىپ باقمىغان ئىش. تېخى بۇنىڭغا ئاز خىراجەت كەتمەيدۇ.

شۇ دەقىقىدە يېڭىشەھەر ناھىيە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ مۇپەتتىشى، شائىر، يازغۇچى دوستۇم قۇربان ئەمەت ئېيتىپ بەرگەن بىر ھېكايەت خىيالىمدىن لىپ قىلىپ كەچتى.

... بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پۈتكۈل تەسەررۇپىغا جاكارچى چىقىرىپ شۇنداق پەرمان جاكارلاپتۇ: كىمكى ھېچكىم قىلالمىغان ئىشنى قىلىپ ماھارەت كۆرسەتسە، ئۇنىڭغا ھېسابسىز ئىنئام بېرىمەن.

پەرماننى ئاڭلىغان كىشىلەر ئوردا ئالدىغا كېلىپ ماھارەت كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ ھەركىمنىڭ كۆرسەتكەن ماھارىتىگە تۇشلۇق ئىنئام بېرىپتۇ. ئەنە شۇنداق كۈنلەردە بىر كىشى پادىشاھقا ئۆزىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

— ئىجازەت، — دەپتۇ پادىشاھ.

ھېلىقى كىشى يەرگە بىر تال يوتقان يىڭنىسىنى سانجىپ، ئۆزى بىر غالتەك يىپنى ئېلىپ ئۆگزىگە چىقىپتۇ-دە، غالتەكتىكى يىپنىڭ ئۇچىنى يەرگە سىيرىلدۇرۇپ يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇنى تاماشا قىلىپ تۇرغان خالايىق ئۇ كىشىگە ئالقىش-بارىكاللا ياغدۇرۇپتۇ. بۇ ماھارەتنى كۆرگەن پادىشاھ ماھارەت ئىگىسىگە 100تىللا ئىنئام بېرىشنى ھەم ئۇنى 100دەررە ئۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ بۇ پەرماننى ئاڭلىغان خالايىق ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي ھەيران قېلىشىپتۇ. قالتىس ماھارىتى بىلەن 100تىللا ئىنئام ھەم 100دەررە جازاغا ئېرىشكەن كىشى بولسا زارلاپ تۇرۇپ پادىشاھقا ئەرز قىپتۇ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، مەن بۇ يۇرتتا ھېچكىم قىلالمىغان شۇنداق قالتىس ماھارەتنى كۆرسەتسەم 100تىللا ئىنئام بېرىپ تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا مېنى 100دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇيلا.

پادىشاھ جاۋاب بېرىپتۇ:

— توغرا، سېنىڭ شۇنداق قالتىس ماھارەت كۆرسەتكىنىڭ راست. سەندىن باشقا يەنە بىر ئادەم ئۆگزىدە تۇرۇپ يەردىكى يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن يىپ ئۆتكۈزەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇ ماھارىتىڭ ھەقىقەتەن 100تىللا ئىنئامغا لايىق. ئەمما بۇنداق ماھارەتنىڭ ئەل- يۇرتقا نېمە پايدىسى بار؟ يىڭنە ئىش قىلىدىغان ھەرقانداق بىر ئادەم ئاۋارە بولۇپ ئۆگزىگە چىقىپ، يەردىكى يىڭنىنىڭ تۆشۈكىگە يىپ ئۆتكۈزمەيدۇ. بەلكىم بۇ ئىشنى ئىككى قولىدا ئاسانلا پۈتتۈرىدۇ. ئەل-يۇرتقا پايدىسى يوق بۇ ماھارەتنى ئۆمرۈڭنى زايە قىلىپ شۇنچە يىلدىن بېرى ئۆگەنگىنىڭگە ۋە بۇ ماھارەتنى كۆرسىتىمەن دەپ شۇنچىۋالا خالايىقنىڭ ۋاقتىنى زايە قىلغىنىڭغا 100دەررە جازا لايىق.

ئەسلى گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، غېنىھاجىم 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىكى «ئاتۇش - ئىكساق دېھقانلار پۇتبول كوماندىسى»دىن كېيىن ئەجدادلارغا ۋارىسلىق قىلىپ (مەسئۇل مۇھەررىردىن) ئەزىزانە قەشقەردە ھېچكىم قىلمىغان خەيرلىك ئىشنى قىلدى. قىلغاندىمۇ ئەل-يۇرتقا پايدىسى تېگىدىغان قالتىس ئىشنى قىلدى. مانا بۇنى ھەقىقىي ئىنساني كامىللىقتا خاس ماھارەت، ئىمانى ئەركەك ئەل ئوغلانىغا مۇناسىپ جاسارەت دەيمىز.

— مېنى قايىل قىلىدىغىنى غېنىھاجىمنىڭ ئەنە شۇنداق مەرد-مەردانە پەزىلىتى، — دېدى باياتىن بېرى سۆھبىتىمىزگە ئۆزىنىڭ قىسقا ئەمما پەلسەپىۋىلىككە تويۇنغان مېغىزلىق قاراشلىرىنى پات-پات قىستۇرۇپ ئولتۇرغان قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ سابىق مۇھەررىرى شەۋكەت ھاجىم، — غېنىھاجىم ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئېسىل ئىشنى، كاتتا ئىشنى قىلدى. قەشقەردە پۇل تاپقان بايلار ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس. ئاشۇ بايلارمۇ غېنىھاجىمغا ئوخشاش مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە، ياش ئەۋلادلارنىڭ ئىستىقبالىغا مەبلەغ سالىدىغان، پۇل خەجلەيدىغان ئۈنۈمى بار ئىشلاردىن بىرنى قىلسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. چۈنكى ساخاۋەت قىلدىم، دەپ دىۋانىغا پۇل بېرىپ باي قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. چۈنكى دىۋانىغا ھەرقانچە پۇل بەرسىڭىزمۇ يەنىلا دىۋانىلىقىنى قىلىۋېرىدۇ.

كۆڭۈلدىكى گەپنى قىلغاندا، پۇل، مال-دۇنياغا مەپتۇن بولمايدىغان ئىنسان يوق. ئەمما ھالال مېھنەت ئەجرى بىلەن ھېسابسىز قىيىنچىلىق، تۇسالغۇ، جاپا-مۇشەققەت ئارىسىدا مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىپ تاپقان ھالال پۇللىرىنى چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ مىننەتسىز، تەمەسىز ھالدا ئەل-يۇرتى ئۈچۈن خەجلەيدىغان كىشىلەر ساناقلىقلا. چۈنكى باشقىلارغا ئەمەس ئۆزى ئۈچۈن پۇل خەجلەشكە توغرا كەلسىمۇ «يانچۇق بىلەن قولنىڭ ئارىلىقى ئالتە ئايلىق مۇساپە» تۇيۇلىدۇ. غېنىھاجىم بولسا ئەل-يۇرت ئۈچۈن پۇل خەجلەشكە كەلگەندە بۇنداق مۇساپىنى بىر نەچچە دەقىقىگە قىسقارتىۋېتەلەيدۇ. ئەل-يۇرت ئىشىغا كەلگەندە ئۇ ئەنە شۇنداق سېخىي-مەردانە.

بىز تەڭرىتاغلىرى ئېتەكلىرىدىكى بۇ قەدىمىي-خىسلەتلىك تۇپراقتا غېنىھاجىمدەك مەرىپەتپەرۋەر يولباشچىلارنىڭ كۆپلەپ چىقىشىنى ھەم غېنىھاجىمنىڭ باشلىغان ئىشلىرىنىڭ ئارمان ساھىلىغا تېزراق يېتىپ بېرىشىنى چىن يۈرىكىمىزدىن تىلەيمىز.

ھەئە، ھالال يۈرۈشۈۋاتقان سودا - تىجارىتىڭىزمۇ بەرىكەت تىلەيمىز، ئەلۋەتتە.

2006-يىل نويابىر، يەكەن

---

ئاپتور: تونۇلغان يازغۇچى، يەكەن دەريا باشقارمىسىنىڭ خادىمى(M1)



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئىشلەي دېسەڭ ئىش تاپىنىڭ ئاستىدا، ئىزدىسەڭ ئاسماندا.

— شەمشىقەمەر ئەبەيدۇللام

---

ئاپتور: موگغۇلكۈرە ناھىيە «ئارمان»تاللا بازىرىنىڭ يېتەكچىسى

## تەپەككۇرىمدىكى چاقچاقلار

▲ۋاقت ئېتىڭ ئويغانغان كۈن، دەل روھىڭدا يېڭىلىنىش بولغان كۈندۇر.

▲ 21 ـ ئەسىردە دانالىقنىڭ مەنىسىنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن چۈشەندىم: بىرى، ئىقتىدارلىق بولۇش؛ يەنە بىرى، نەپسىنى ئەقىلگە بويسۇندۇرۇش.

▲ قايىللىقتىن مايىللىق شەكىللىنىدۇ، مايىللىقنىڭ يېرىمى مۇھەببەت، يېرىمى ھۆرمەت.

## تەپەككۇر گۈزى

— بۇۋىئائىشە ئابدۇرەشىد

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئەدەبىيات مۇئەللىمەسى

## تەپەككۇرۇمدىن تارالغان ھىدلار

▲ بەختنىڭ مۇقىم فورمىلاسى يوق، گەپ، ئۇنى قانداق چۈشىنىشىڭىزدە.

▲ چاقچاق، «راست»نىڭ «يالغان» بىلەن ئىپادىلىنىشىدۇر.

▲ ئوخشايدىغان نەرسىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىنى، ئوخشىمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ئوخشاشلىقىنى تېپىش ئەقىل ـ پاراسەت دېيىلىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىراۋنى خىجىل قىلساڭ ھەممىنىڭ لەنىتىگە قالىسەن؛ خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرساڭ ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىسەن.

— ئايتولدى

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئۆزىگە سوت ئاچالايدىغان ئادەم، كەلگۈسىگە نىشان بەلگىلىيەلەيدۇ ۋە ئۆمرىگە ھۆكۈم چىقىرالايدۇ.

▲ ھەرىكەت ھامان ئىككى سىۋەبتىن: بىرى، ئۈمىد، يەنە بىرى، ئۈمىدسىزلىكتىن.

— نۇربىيە تۇرغۇن

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مىللىتىمىزنىڭ ھىدايەت مەشئىلى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئىبارەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە كىرمەكچى بولساڭ، ئالدى بىلەن «تەپەككۇر دەرۋازىسى»دىن ئۆتكىن.

▲ ئىنسانلىق تەبىئىتىنى يوقاتقان ئادەم — غالجىرلاشقان ئىت.

▲ دۇنياغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سەن بىر ئادەم، لېكىن باشقا بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سەن بىر دۇنيا.

▲ پاك ياشا، ساق ياشا، شۇندىلا سەن «پادىشاھ».

— ئابدۇرەشىد مۇتەللىپ قادىرى

ئاپتور: قورغاس ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىنگلىز تىلى مۇئەللىمى

* * *

▲ تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۈچۈن ھازا تۇتۇپ مۇسىبەت كىيىملىرى بىلەن سۈكۈتتە تۇرۇپ، تىلاۋەت قىلىپ كەتسە، بىز ئۈچ نەزىرىدىن يىل نەزىرىگىچە ھازىدارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قورساق تويغۇزۇپ كېتىدىكەنمىز.

▲ ئۆزى بۇزۇق بىرنى بۇزسا، تىلى بۇزۇق مىڭنى بۇزىدۇ.

— ئېلى توختى (ئەينەك)

ئاپتور: باي ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى

▲ كۈنلىرىڭنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى ئويلىساڭ، ھەردائىم كاللاڭدا ھەر بىر كۈننى«بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنۈم»دەپ ھېسابلىغىن.

— گۈلبوستان ئابدۇسالام

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى ئىنستىتۇتى تەييارلىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ھەسرەت — مەزگىلسىز ئۈششۈك.

▲ كىتابتا تۈنۈگۈننىڭ ئىزى، بۈگۈننىڭ ئۆزى، ئەتىنىڭ بېشارىتى بار.

— ئادىلجان ئالىم ساداقىي

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆلۈشكۈن — بوۋاقىغا، تۈنۈگۈن — دادىغا، بۈگۈن — ئۆزۈڭگە، ئەتە — بالاڭغا، ئۆگۈن — نەۋرەڭگە ئوخشايدۇ.

▲ مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى «بىز» بىلەن باشلىنىپ، «مەن»بىلەن ئاخىرلاشقان.

— ئابدۇقەييۇم ئەيسا

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

## تەپەككۇر غورىلىرى

▲ قىزلار يىگىتلەر ئالدىدا مۇنداق ئىككى سەۋەبتىن يىغلايدۇ: بىرى، سۆيۈر قاچىسى توشقانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىرى، تەڭ تۇرالمىغىنى ئۈچۈن.

▲ رىقابەت دەۋرىدە ھەر بىر ئادەم شاللىنىش ۋە تاللىنىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل تەقدىرنىڭ چوقۇم بىرىگە دۇچار بولىدۇ.

▲ قانائەت — بىر بولسا بايلىق، بىر بولسا خارلىق.

— گۈلزار ئابدۇۋەلى

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە چاھارباغ بازار گۈلباغ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

## كەل، مۇڭدىشايلى

▲ ياش تۆك، لېكىن دۈشمەنلىرىڭ كۆرۈپ قالمىسۇن؛ قاقاقلاپ كۈل، كۈلكەڭنى دۈشمەنلىرىڭ كۆرمەي قالمىسۇن.

▲ سۈكۈت قىلىشنى بىل، ئەمما رەزىللىكنىڭ ئالدىدا ئەمەس.

▲ قىش جىمجىتلىقى كىشىگە ئۆلۈم جىمجىتلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا يېڭى بىر ھاياتلىق كۆمۈلگەن.

▲ ۋاقىت سېنىڭ سوئاللىرىڭغا ئەڭ توغرا جاۋاب بېرىدۇ.

▲مەھكۇملۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى — باشقىلارنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ئۆز قەلبىگە تەسەللى تېپىشتۇر.

▲ ئۆزىنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ بولالمايۋاتقانلار، باشقىلارغا تەسەللى بېرەلمەيدۇ.

▲ ھەقىقەت دەپسەندە قىلىنىۋاتسا سۈكۈت قىلىۋاتقانلارنىڭ ئۆلگەندە ياتىدىغان گۆرى بىلەن ئۇخلايدىغان كارىۋىتى ئوخشاش.

▲ بىز ئۆزىمىز ياخشى كۆرۈپ قالغان ئادەم ئالدىدا بەكلا ئاجىز بوپقالىمىز.

— ياسىنجان ئەمەت

ئاپتور: خوتەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ھازىر خۇاڭخې پەن-تېخنىكا ئىنستىتۇتى تەييارلىق سىنىپىدا

## قاناتلانغان قەلب سۆزلىرى

▲ ئەخلاقسىز ئادەم — يىلتىزى سېسىغان دەرەخ.

▲ شامال قاتتىق ھۆركىرىسە دەرەخ سۇنىدۇ، ئادەم قاتتىق ھۆركىرىسە ئەقىل ئۆلىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق پۈتتۈرگەن ئىشىنىڭ ھامان بىر

يەرلىرى چالا.

▲ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ، ھالاكىتىمۇ شەھەردىن باشلىنىدۇ.

▲ كۆتكەن كۈننىڭ كەلمىكى تەس، كەتمىكى ئاسان.

— تۇرسۇنجان ئابدۇروسۇل بىخ

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ ئاچچىقى يوق ئادەم — تەمسىز مېۋە.

▲ تەبىئەتتە تۆت پەسىل، يەرشارىدا تۆت تەرەپ، ئادەمدە تۆت خىل مىزاجنىڭ بولۇشى، ئەمەلىيەتتە ياشاشقا بېرىلگەن ئىنىق تەبىردۇر.

▲ كىيىم ـ كېچەك، تۆمۈر ـ تەسەكنىڭ قىممىتى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كېمىيىپ بارىدۇ ياكى يوقىلىدۇ. لېكىن كىتاب ـ ماتېرىيالنىڭ قىممىتى بارغانچە ئېشىپ بارىدۇ.

▲ قىزلارنىڭ كۆلكىسى مەڭزىدە، يىغىسى لېۋىدە بولىدۇ.

▲ ئادەمگە يول قويۇۋەرسەڭ قۇل، مەسلىگە يول قويۇۋەرسەڭ دۆت بوپقالىسەن.

## تەپەككۇر چېقىنلىرى

▲ قېرىلار تۈنۈگۈننىڭ، ياشلار بۈگۈننىڭ، بوۋاقلار ئەتىنىڭ شاھىتىدۇر.

▲ تارىختىن ساۋاق شۈكى، قورقۇنچاقلار كۆپ ئەلدە ھەممە نەرسىنىڭ مۇڭگۈزى ۋە تىكىنى بار.

▲ يول قويۇش مەردلەرنىڭ خىسلىتى، نامەردلەرنىڭ تۇزىقىدۇر.

▲ ئېتىقاد سۇسلاشقان ئەلدە ھاجىمنىڭ سەللىسى يوغان، قىز ـ چوكانلارنىڭ گىرىمى قېنىق بولىدۇ.

▲ شەھەر — دېھقانلارنىڭ كۆزىنى تورلاشتۇرغۇچى، شەھەرلىكلەرنىڭ كۆزىنى ئاچقۇچى رەڭلىك تېلېۋىزوردۇر.

▲ «تاللاپ ـ تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ» دېگەن گەپ، تاللاش ئىقتىدارى يوق كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىن چىقىرىلغان ئۆلمىي يەكۈن.

▲ئوغۇل شىر سۈپەت بولسا، قىز گۈل سۈپەت بولۇر.

▲ تارىخىي ئىسىملار ئۆتمۈشتىكى دەرد ـ ھەسرەت بىلەن كەلگۈسىدىكى ئارزۇ ـ ئارماننىڭ يۇغۇرۇلمىسىدۇر.

▲ «ئازسانلىق كۆپ سانلىققا بويسۇنۇش پرىنسىپى» سىياسىيغا، سايلامغا ئۇيغۇن كەلگىنى بىلەن، رېئال تۇرمۇشقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

▲ يول قويۇش قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىۋەرسە، كىچىك بالىنىڭمۇ ئادەمنى ئېشەك ئېتىپ مىنگۈسى كېلىدۇ.

▲ ئاتا ـ ئانىسى يۈزلۈك بالا يۈزسىز كېلىدۇ.

▲ بىرلىك يوق يەردە ياشىغۇچى خەلقنىڭ قەددى ـ قامىتى قاچان قارىساڭ ئەگرى دەرەختەك ئوخشاش پۈكۈكلۈك تۇرىدۇ.

▲ئاجىزلارنىڭ تاكتىكىسىمۇ، تالاپىتىمۇ شىكايەتتۇر.

▲ بىرلىك يوق يەردە قىممەت يوق، قىسمەت كۆپ بولىدۇ.

▲ «ھەركىمنىڭ ئۆزىگە توغرا» دېگەن گەپ مۇسابىقە مەيدانىدا رېپېرىنىڭ، سوت مەيدانىدا بولسا قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ ئالدىدا ئاقمايدۇ.

▲ ماھارەتلىك شەخس بولساڭ ھاقارەتلىك شەخس بولمايسەن.

▲ ئىت، بۆرى، قولۇڭدا بىر نەرسە بولسا، يەنە بۆرى، قولۇڭدا ھېچنېمە بولمىسا بەك قاۋايدۇ.

▲ ئادەمنىڭ بەختى ئوقۇغان مەكتەپتىن ئەمەس، بەلكى ئىشلەتكەن مېڭىدىن كېلىدۇ.

▲ ئادەم ئاغزى بىلەن ئۆزىگە ھەم دوست، ھەم دۈشمەن تاپقۇچىدۇر.

▲ ئۆز يۇرتىدا دوستى يوق ئادەم باشقا يۇرتتىن كۆپ دوست تۇتىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ يۈزى، بۆرى، نومۇستىن، يەنە بۆرى، چىدىماسلىقتىن قىزىرىپ كېتىدۇ.

▲ ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ تۇرغۇچىلاردۇر.

▲ گەپ قىلدىڭ، ئۆزۈڭنى چۈشەندۈرۈپ قويدۇڭ؛ گەپ تىڭشىدىڭ، ئۆزۈڭنى چۈشىنىپ يەتتىڭ.

▲ سەن قانچە تېز چۈشەنگەن نەرسە، شۇنچە تېز ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

▲ سىلىق ـ سىپايە، يۇمشاق گەپ قىلغان ئادەم بىر بولسا ئاق كۆڭۈل، بىر بولسا ئالاكۆڭۈل ئادەمدۇر.

▲ مۇھەررىرلەرنىڭ دىيانىتى ساپ بولسا، كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ ئىناۋىتى كۆپ بولىدۇ؛ بۇنىڭ ئىسپاتى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدۇر.

▲ نادانلار ۋە ئاجىزلار سەۋر قىلىپ، ئاقىل ۋە باتۇرلار سەۋەب قىلىپ ياشايدۇ.

▲ خىق پۇراپ بولغان گۈلنىڭ پۇرىقى يوق.

— ئابدۇغېنى توختى

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە بايئاۋات يېزا گۈلباغ كەنتىدە

* * *

▲ بەش خىل ئادەمدىن ھەزەر ئەيلە: 1. مۇھەببەت ۋە نەپرىتى نائېنىق ئادەمدىن، 2. ھەددىدىن زىيادە كۆڭۈلچەك ئادەمدىن، 3. مەسئۇلىيەتسىز ئادەمدىن، 4. ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىشكە ئۇستا ئادەمدىن، 5. سۆكۈت ئىچىدىكى ئادەمدىن.

— ئىپارقىز تۇرسۇن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ياشلىقتىكى كۆلپەتتىن، قېرىلىقتىكى ھەسرەت يامان.

— ئابلىمىت ئىبراھىم قىيان

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ پېنسىيەدىكى ئاشپىزى

▲ مائارىپتىكى شەكىللۋازلىق ئوقۇتقۇچىلارنى خاتىرە يېزىشقا زورلاپ سىنىپتىن، ئوقۇغۇچىلارنى يادقا ئېلىشقا ئۈندەپ ئەمەلىيەتتىن ئايرىۋەتتى.

▲ جاپادىن قورقمىغانلار ئالتۇن ئىزدەيدۇ، ئۆلۈمدىن قورقمىغانلار ھەقىقەت.

— توختى ناسىر

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ھۈنەر - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

## ئاۋات ناھىيە 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىق 7 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەپەككۇرلىرىدىن

▲ سىز پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويغانلىقىڭىزنى ھېس قىلغان ۋاقتىڭىز، دەل بۇ پۇرسەتتىن باشقىلار پايدىلىنىپ بولغان ۋاقىتتۇر.

— رىسالەت ئابىددىن

▲ ئۆتمۈش — ئارمان، بۈگۈن — پۇرسەت، ئەتە — ئارزۇ.

— خانزۆھرە ئەنۋەر

▲ بىز ئانا ۋۇجۇدىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ بىر بېكەتتىن قوزغىلىپ، ھاياتلىق يولىدىن ئىبارەت ئۇزاق مۇددەتلىك، جاپا — مۇشەققەتلىك سەپەرنى داۋام قىلىپ، قەبرىستانلىقتىن ئىبارەت ئاخىرقى بېكەتتە توختايمىز. دېمەككى، بىز ئادەملەر قوش بېكەت ئارىسىدىكى يولۇچى.

— ئەنۋەرجان ئەھمەت

▲ ئىشقىي مۇھەببەت بەزىدە ساق ئادەمنى ساراڭ، ساراڭ ئادەمنى ساق قىلىدۇ.

— ئەزىمەت ئابدۇقادىر

▲ ھەرقانداق ئادەمگە ئۆزىنى كۆرستىش پۇرستى ئۆمرىدە ئاز دېگەندە بىر قېتىم كېلىدۇ.

— تۇنىياز ئوسمان

▲ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ قىلىش مۇمكىن، لېكىن توسۇپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

▲ ئەقىللىق ئادەمنى كاللىسى باشقۇرسا، ئەقىلسىز ئادەمنى پۇتى باشقۇرىدۇ.

— ئابدۇغەنى نۇرىددىن

* * *

▲ بىر مىنۇت — بىر تامچە قان.

— غەنىزات ئۇيغۇر

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

▲ ئەمەلدارلار مەنسەپ تۇتقاندا قەدىرلىنىدۇ، ئالىملار ۋاپات بولغاندا.

— ئابلىكىم ئابدۇخېلىل

---

ئاپتور: كورلا شەھىرى «ئىتتىپاق» سودا بازىرى ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى 26 - دۇكىنىدا

▲ قىزلار ئەخلاقىي پەزىلىتى بىلەن پۇراقلىق گۈل؛ ئوغۇللار غۇرۇر - ۋىجدانى بىلەن يېقىلماس ئابىدە.

▲ باشقىلارنى بەك چۈشىنىشنى ئويلاپ كەتمە، ئۇنىڭدا سەن يەنە قىزىقىدەك جايلار قالسۇن.

— ئارزۇگۈل مۇھەممەتروزى

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر پەن - تېخنىكىسى ۋە ئۇچۇر ئىلمى فاكۇلتېتى 2005 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بۇرۇن يازغان ئەسەرلىرىدىن كېيىنچە ئۆزى قۇسۇر تاپالىغان يازغۇچى تەرەققىي قىلىۋاتقان يازغۇچىدۇر.

— ئەكبەر جاپپار دەردى

---

ئاپتور: قەشقەر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىنىڭ ساقچىسى

▲ قىزلىرىنى باشقۇرمىغان ئاتا — گۇناھكار، ئايالىنى باشقۇرمىغان ئەر — جىنايەتچى، سىڭىللىرىنى باشقۇرمىغان ئاكا — خىيانەتچىدۇر.

— ھەمەجان ھېكىم ھارماس(پارسا)

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە شاپتۇل يېزا كىچىك ئاقئېرىق كەنتىدە، دېھقان

▲ ئۆز ئورنۇڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى تەپسىلىي كۆرۈپ باق.

— زەينەپگۈل غوپۇر (بىگانە ياپراق)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر پەن - تېخنىكىسى ۋە ئۇچۇر ئىلمى فاكۇلتېتى 2004 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەسلىدە ئىنسانلار ئارىسىدا ياش ۋە جىنس پەرقىدىن باشقا پەرق مەۋجۇد ئەمەس.

— مېھرىبان مىجىت

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئاخبارات 2003 - يىللىق 11 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇغانلار، شۇ دەۋردىكى كىشىلەرگە قارىغاندا بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدىغان تەپەككۇرغا ئىگە بولمىسا، ئىجتىمائىي پەننىڭ ھاياتىي كۈچى ئۆلگەن بولىدۇ.

▲ سۆيگۈ - مۇھەببەتكە ئېرىشكەن ۋاقىتتا بەخت تۇيغۇسىدىن دۇنياغا قايتا تۇغۇلغاندەك ھېس قىلساڭ، سۆيگۈ — مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغان چېغىڭدا، ئازابتىن ئۆزۈڭنى بۇ دۇنياغا يەنە بىر قېتىم تۇغۇلغاندەك ھېس قىلىسەن.

▲ بېكىنمە بولساڭ، ھەقىقەت ئۈستىدە سەپسەتە سۆزلەيسەن.

▲ ھاراقكەش ئەر ئايالى ۋە پەرزەنتىگە نىسبەتەن يېرىم مەسئۇلىيەتنى يوقاتقان ئەردۇر.

— مېھرىبان نىياز چوغلۇق

---

ئاپتور: شايار ناھىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

## مەن ئىزدىگەن ھەقىقەتلەر

▲ كۆزنى تىزگىنلەش ئۆزنى تىزگىنلەشتۇر.

▲ قىلىچ ئۆتمىگەن ئادەمگە گەپ ئۆتىدۇ.

▲ تۆۋەننىڭ يۇقىرىغا بەرگەن باھاسى ياخشى ئىشلەنگەن ئېلانغا ئوخشايدۇ.

▲ باراۋەرلىك ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى يەنە بىر ئارتۇقچىلىق.

▲ ئىشەنچ ـ بارسا كېلەر يول؛ تەۋەككۈلچىلىك ـ يا كېلەر ياكى كەلمەس يول؛ ئۆلۈم ـ بارسا كەلمەس يول.

ـ تۇرسۇن قاسىم

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنت قارايىغاچ مەھەللىسىدە، دېھقان

## تۇنجى تەپەككۇر

▲ ھاياتلىقتا ئۈچ خىل ئادەم «ئۇستا» تومۇرچى: 1. ئايال، 2. ساقچى، 3. كىچىك بالا.

▲ تىلەمچىگە ئوخشاپ قالماي دېسەڭ، باشقىلارنىڭ كۆزىگە بېزىرىپ قارىما.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى «تەپەككۇر مېۋىلىرى» نىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى بىلمەكچى بولساڭ، باشقىلارنى ئويلاندۇرۇپ قايىل قىلالىغۇدەك بىر جۈملە ئىبارە كەلتۈرۈپ باق.

▲ مەنپەئەت ئالدىدا دۈشمىنىگە ئادىل مۇئامىلە قىلالىغان ئادەم ھەقىقىي ئىنسابلىق ئادەم.

ـ قەمەرىددىن قادىر

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئېلىشقۇ بازار ئويباغ كەنتىدە، دېلىكا

## ئەقلىدىن تەرمىلەر

▲ تارىختىن مەلۇمكى، ساتقۇن ـ مۇناپىقنى ھەر ئىككىلا تەرەپ ئېتىۋەتكەن.

▲ سائەتنىڭ ئۈچ ئىسترېلكىسى بار: بىرى، ۋاقىتنى، بىرى پۇرسەتنى، يەنە بىرى، ئەجەلنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

▲ ۋاقىت پۇرسەتنىڭ ھەم ئەجەلنىڭ ئەلچىسى.

▲ يەرشارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشىنى سېزەلمىسەڭ، سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ ئايلىنىشىدىن كۆرۈۋال.

▲ بىر كۆرۈپ كۆيدۈم دېسە، ئالدانما؛ ئىككى كۆرۈپ سۆيىمەن دېسە، يولاتما؛ ئۈچ كۆرگەندە قۇچاقلىسا، بۇلغانما.

▲ كۆز ـ مۇھەببەتنىڭ ئەلچىسى، سۆز ـ ۋەكىلى، يۈز ـ بەلگىسى، سۆيۈش ـ رىشتىسى.

▲ دېھقان شەھەردە تۇرسا پىشقان خىشتەك جاراڭلاپ تۇرىدىغان بولىدۇ، زىيالىيلار يېزىدا تۇرسا خام خىشتەك ئېزىلىپ تۈگىشىدۇ.

▲ تىلنىڭ قۇلۇپى ـ ئەقىل، دىلنىڭ قۇلۇپى ـ سىر.

▲ ئۆگەنمەي ئۆتكەن بىر كۈنۈم ـ ئېچىلماي توزىغان بىر گۈلۈم.

▲ سەھەردە ئويغانغان شۇ كۈنى، باھاردا ئويغانغان يىلبويى ئالدىراش.

▲ تۆت خىل ئادەم خاتىرجەم ياشىيالمايدۇ: 1. يالغانچى، 2. قەرزدار، 3. ئوغرى، 4. پاھىشىۋاز.

▲ كۆزۈڭگە تەلمۈرگەن ئايالدىن، ھەمىيانغا تىكىلگەن بالىدىن ھەزەر قىل.

▲ نىكاھسىز جىنسىي لەززەت بىر تال تاماكىغا ئوخشايدۇ، تاماكىنى چېكىپ بولۇپلا تاشلايدۇ، كېتىدۇ.

▲ نادان ئەرنىڭ ئۆيىدە خوتۇن، بېشەم خوتۇننىڭ ئۆيىدە ئەر مەھبۇس.

▲ ئىدىيىدە يۈكسىلىش بولمىسا ئىسلاھات، پەن ـ تېخنىكىدا يۈكسىلىش بولمىسا، تەرەققىيات بولمايدۇ.

▲ پەرزەنت ـ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ساپا ـ سۈپىتىنى كۆرسىتىدىغان ئىسترېلكا.

▲ سودىگەرنىڭ تىلى، زىيالىينىڭ قولى، دېھقاننىڭ دىلى يۇمشاق.

▲ بىلىدىغانلىرىڭنىڭ تولىمۇ ئازلىقىنى ھېس قىلساڭ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى دائىم ئوقۇ.

▲ شۇم خەۋەر بوراندەك تېز ھەم كەڭ تارايدۇ؛ خۇش خەۋەر ئېرىگەن قار سۈيىدەك سۈس ـ ئاستا تارايدۇ.

ـ ياقۇپ ھەمدۇللا، رىزۋانگۈل

---

ئاپتورلار: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىملىرى

* * *

▲ خۇراپاتلىق ـ مىللەتنىڭ تاڭ ئاتماس كېچىسى.

▲ پۇل تېپىش ئېگىلدۇرسە، خەجلەش كېرىلدۈرىدۇ.

ـ ئەھمەتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنتىدە

## ئەقىل ئۇنچىلىرى

▲ خاسلىقنى يوقاتقان ئادەمدە قىممەت، ئورتاقلىقنى يوقاتقان ئادەمدە كۈچ بولمايدۇ.

▲ كۆپ ھالدا خاسلىقنىڭ سەۋەبىدىن باشقىلارنىڭ ساڭا ئېھتىياجى چۈشىدۇ، شۇنداقلا مۇشۇ خاسلىق چىقىش يولۇڭ بوپقالىدۇ.

▲ نادانلىقتىن قۇتۇلاي دېسەڭ ئۆزۈڭنى ئىزدە، ئۆزۈڭنى چۈشەن؛ ئەخمەقلىقتىن قۇتۇلاي دېسەڭ دۈشمىنىڭنى ئىزدە ۋە ئۇنى چۈشەن.

▲ بىلىم قىممەتكە، سېخىيلىق ھۆرمەتكە، جاسارەت شەرەپكە ئىگە قىلىدۇ.

ـ مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قورallıق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

* * *

▲ دەردمەن ئادەمنىڭ كۆزى سۆزلەيدۇ، ئويۇنچى ئادەمنىڭ ئاغزى.

— ئوسمان ئەھمەتجان ئوغلان

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە قاراقاش بازىرى تانايپېشى كەنتىدە، دېھقان

▲ سەن جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن ھالقىپ كەتكەن بولساڭ، جەمئىيەت ساڭا تەرەققىي قىلمايۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

— ئادىلجان تۇردى ئىزھارىي

---

ئاپتور: بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى 1-ئوتتۇرا مەكتەپ 3-يىللىق 10-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## نازۇك تۇيغۇلار

▲ باي بولغانلىق قۇللۇقتىن قۇتۇلغانلىق ئەمەس، بەلكى نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلىق. چۈنكى روھىي جەھەتتىكى قۇللۇق ھەقىقىي قۇللۇق ھېسابلىنىدۇ.

▲ چىرايىڭدۇر قوياشقا ئەنداز، بىراق قوياش قىلمايدۇ پەرداز.

▲ مىللەتنى دۇنياغا تونۇتىدىغىنى تىل، تىلنى دۇنياغا تونۇتىدىغىنى بولسا كۆپ تىللىق قەلەم.

— قۇربانجان توختى ھۆرمىتىي

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە مۇش يېزا ئاشلىق پونكىتىنىڭ خادىمى

## تامچىدىكى نۇر

▲ بىرگە نادانىنىڭ، بىرگە دانانىڭ دۈشمىنى ئەڭ كۆپ بولىدۇ.

▲ ئاتا-ئانا ئەجرى — ھەركىم ئاتا-ئانا بولغاندىلا جاۋابىنى تاپىدىغان تېپىشماق.

▲ مۇھەررىر قەلەمكەشنىڭ بەزىدە ئامىتى، بەزىدە ئاپىتى بوپقالىدۇ.

▲ ئۆزۈن مەزگىللىكچە پاكىز تۇرغان كىتابلار بىر بولسا ناھايىتى قەدىرلەنگەن، بىر بولسا پەقەتلا ئېتىبارغا ئېلىنمىغان كىتابلاردۇر.

▲ ساڭا خۇشامەت قىلىپ چىدىغان ئادەم ئاسىيلىق قىلىپمۇ چىدايدۇ.

▲ غالىبىيەتچىلەرنىڭ كەسپىي ۋە ئىنسانىي ئەخلاقىغا باھا بېرىشتە ئۇنىڭ نام قازانغاندىن كېيىنكى ئىپادىسىگە باق.

▲ مەڭگۈ ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى — ئەجدادقا سادىق، ئەۋلادقا قاتتىق بولۇشتۇر.

▲ نامەردلەر — باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى ئۆزى ئۈچۈن پۇرسەت بىلىدىغان ئادەملەردۇر.

▲ شەخسىيەتچى، بۆلگۈنچى، مەزھەپچى، ئۆز قوۋمىغا رەھىمسىز بولساڭ، بۈگۈنكى ئىراقلىقلارنىڭ كۈنىگە قېلىشىڭدا گەپ يوق.

▲ ئەجەل كەلگەندە پوش، كەتكەندە خوش دېمەيدۇ.

▲ مۇنداق ئىككى خىل سوئالغا جاۋاب بېرىش قىيىن ئىكەن: بىرسى، ئاڭلاپ باقمىغان ھەتتا ئويلاپمۇ باقمىغان ئىشلار ھەققىدە سورالغان سوئال؛ يەنە بىرى، ئىنسانلارغا ئورتاق، ئەڭ ئەقەللىي ئىشلار ھەققىدىكى ئورۇنسىز سوئال.

▲ ھەقىقەتتىن ئادەم بولۇشنى ئىستىسەڭ ئېۋەن تاپماي ئىبرەت تاپ.

— تۇرغان ئوسمان

---

ئاپتور: ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ناخشا-ئۇسسۇل، دراما ئۆمىكىدە ئاكتيور

* * *

▲ ھازىرقى بەزى ياشلارنىڭ ئەبجەش تىللاردا سۆزلىشىپ، چاكىنا كىيىملەرنى كىيىۋېلىشىغا قاراپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن «كىيىم» تىكىپ كىيگۈزۈپ قويغۇم، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئېغىزلاندۇرغۇم كېلىدۇ.

— تۇرغۇنجان ھۆسەن

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە بېھشباغ يېزا رادىئو-تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇرۇمدىن ئۈنچىلەر

▲ توقلۇقتىن شوخلۇق، يوقلۇقتىن خورلۇق پەيدا بولىدۇ.

▲ چاقىرىلمىغان مېھمان — ئۆي ئىگىسىنى سىنايدىغان ئەڭ ياخشى نامزات.

▲ ئەڭ ئاسان رەنجىيدىغان ئادىمىڭ — ئەڭ يېقىن ئادىمىڭ.

▲ پىكىر بىردەكلىكتە چىقىپ، ھەرىكەت بىردەكلىكتە چىقمىسا، ئۇنداق ئۇيۇشۇش خۇددى قۇم دۆۋىسىگە ئوخشايدۇ.

▲ دەرد ئىچىڭدىن، جاپا تېشىڭدىن قېرىتىدۇ.

▲ دوستۇڭنىڭ رەنجىشى، بىر يولۇڭنىڭ ئازايغانلىقىدىن بېشارەت.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، بىر خائىننىڭ كۆلكىسى بىر جاننىڭ بەدىلىگە كەلگەن بولىدۇ.

▲ خائىننىڭ ھەسرىتى ئۆزى ئۈچۈن، قەھرىماننىڭ ھەسرىتى ئەل ئۈچۈن.

▲ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، خائىنلىقنىڭ يەنە بىر تەرىپى.

▲ «يېتىپ ئۆلگىچە ئېتىپ ئۆل» ئوغۇللارغا جەڭ مەيدانىنى، قىزلارغا بوزەك قىلىنىۋاتقان ۋاقتىنى ئەسلەتسۇن.

▲ دوستۇڭنىڭ سوۋغىتىنى قەرز بىل، دۈشمىنىڭنىڭ سوۋغىتىدىن ھەزەر قىل.

▲ كەلمىگەن خەۋپتىن ئەنسىرەش دانانىڭ، كەلگەن خەۋپتىن ئەنسىرەش قورقۇنچاقنىڭ ئىپادىسى.

▲ ئەرنىڭ ھۆرمىتى بولمىغان ئۆيگە مېھمان بولۇپ بارما.

▲ ئوغلۇڭنىڭ دەردىگە دەرمان بولالايسەن،
قىزىڭنىڭ دەردىگە مەلھەم تاپالامسەن؟

▲ قىزىڭنى ئېپىەتلىك، ئوغلۇڭنى غۇرۇرلۇق قىلاي دېسەڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى ئوقۇت!

▲ سەكراتتا ياتقىنىڭدا ئەۋلادىڭغا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ توپلىمىنى مىراس ئەيلە!

▲ بالاڭدىن رەنجىگىچە ئۆزۈڭدىن رەنجى.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ قۇدرىتىدىن قورقماي، خائىنىڭنىڭ ھىيلىسىدىن قورق.

▲ كۆز نۇرۇڭ يەتمىگەن يەر يىراق ئەمەس، غەيرىتىڭ يەتمىگەن يەر يىراق.

▲ يەڭگەڭگە بېقىپ ئاكاڭدىن ياردەم سورا.

▲ تارىختىن ساۋاق شۇكى، قەھرىمان كۆپ ئەلدە ئالقىش، خائىن كۆپ ئەلدە تەشۋىش كۆپ.

▲ نادانىڭ تىلىدىن، خائىننىڭ تىغىدىن ھەزەر قىل.

— ئەسقەر ھوشۇر

ئاپتور: بورتالا شەھىرى چىندىل يېزا رادىئو-تېلېۋىزىيە پونكىتىنىڭ مەسئۇلى

* * *

▲ ئۆن-تىنسىز ئىش قىلغۇچىلار پىلە قۇرتىغا ئوخشسا، داۋراڭ سېلىپ ، ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغانلار قاغىلارغا ئوخشايدۇ.

▲ غەلبىدىن سۆيۈنگەن چېغىڭدا پىلە قۇرتىغا قاراشنى ئۇنتۇما.

— ئەنۋەر مەڭلىك

ئاپتور: خوتەن دوۋا سانائەت باش شىركىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خادىمى

▲ يۇرتۇمدا ھاجىلارنىڭ سانى 50 تىن ئاشتى، لېكىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەنلەردىن بىرىمۇ يوق.

— ئىمىن ئېلى

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش — قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە 53 ـ پولك 4 ـ روتىدا، تورمان باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ پېنسىيىدىكى ئىشچىسى

▲ ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلارنىڭ بېشى ئېگىلسە، ئەدەب يۈزىسىدىن ئېگىلىدۇ.

— ئابدۇغېنى توقو

ئاپتور: قىرغىز، ئاقتو ناھىيە مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ خادىمى

▲ چىرىكلىك ئوت بولسا، خۇشامەتچىلىك ئۇنى تېخىمۇ ئۇلغايتىدىغان شامالدۇر.

▲ غىزىپىمنى ئەڭ قوزغايدىغىنى سېنىڭ رەت قىلىشىڭ ئەمەس، بەلكى ماڭا قۇرۇق ئېمىزگە سېلىپ ئۇزاققىچە ئالدىشىڭدۇر.

— ئەركىن ئابدۇكېرىم

ئاپتور: جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى قەشقەر ۋىلايەت چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە شىڭگۈەن چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدا ئوفىتسېر

▲ قەھرىمانغا يول تار كەلسە، يۇرتنى ئاپەت باسىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن چىقىپ تەپەككۇر قىلىدۇ.

— ئەھمەت خۇدۇيۇم (ھەققانىي)

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايىتى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ باللىق — چېچەك پەسلى،
ياشلىق — ھايات پەيزى،
قېرىلىق — غازاڭ پەسلى.

▲ ئانا — بارلىق مۇھەببەتنىڭ مۇجەسسەمى.

▲ شەھەرگە بارسىڭىز شەھەرلىكلەرنىڭ ئالدى بىلەن سورايدىغىنى: «قاچان قايتىسىز؟»؛ سەھراغا كەلسىڭىز سەھرالىقلارنىڭ سورايدىغىنى: «نېمە يېگۈڭىز بار؟»

— ئابلاجان ئابلەت

ئاپتور: گۇچۇڭ ناھىيە ۋىماچاڭ يېزا «قوش تىل»تەجرىبە مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ئوقۇيدىغان قىزلار قانچىكى كۆپەيسە، يولدىن ئازىدىغان قىزلار شۇنچە ئازىيىدۇ.

— مەلىكەم ئۆمەر

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2005 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سەن ياشاۋاتقان ھاياتىڭ ئۆزى جەننەت بىلەن دوزاختۇر.

▲ ئەمەل دېگەن تالانت ئەمەس، بەزىدە بىر ئامەت.

— ساۋۇتجان ئىسلام

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خادىمى

▲ شاگىرتنىڭ يارىماسلىقى، بىر بولسا ئۇنىڭ تىرىشىپ ئۆگەنمەسلىكىدىن، بىر بولسا ئۇستازىنىڭ نائۇستىلىقىدىن بولغان.

— مىرزاتجان موللائەمەت

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تەبىئىي پەن تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ تۇنجى سۆيۈشكەن ۋاقتىڭ — كۆڭۈل قىزلىقىڭنىڭ بۇزۇلغان ۋاقتىدۇر.

▲ مەنسىپىڭدىن ئايرىلغاندا ئىككى خىل كىشى سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ. بىرسى، ئىلگىرى مەنسىپىڭدىن قورقىدىغانلار؛ يەنە بىرسى بولسا، سەندىن پايدىلىنىپ بولغانلار.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلبىسى«يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاش» بىلەن قولغا كەلگەن بولسا، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ئەخلاقنىڭ يىمىرىلىشى«شەھەرلەر ئارقىلىق يېزىلارنى بۇلغاش»بىلەن تېزلىشىۋاتىدۇ.

▲ شەھەر كۆرمىگەننىڭ كۆزى كىچىك.

▲ تارىختىن مەلۇمكى، كونا نەرسىلەر بىر بولسا ئامەت، بىر بولسا ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

▲ يەر — ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلىدۇر.

— ئابلىز روزى

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكىسى پونكىتىنىڭ خادىمى

※ ※ ※

▲ تارىختىن مەلۇمكى، دۇنيادا ئەڭ رەزىل مەقسەتلەر ئەڭ چىرايلىق سۆز-ئىبارىلەر بىلەن پەردازلىنىپ كەلگەن.

▲ ئۆتكەنگە پۇشايمان، ئالدىدىكىگە تەمتىرەش، كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قاراش ئىنسانلارنىڭ ئورتاق كەچۈرمىشى.

▲ تارىخىمىزدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىزنىڭ بىرسى، ئۆز كۆڭلىمىز بىلەن ئۆزگىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۆلچەش.

▲ ئادەم مەقسىتىگە يەتكەنسېرى ئىرادىسى بوششىپ كېتىدۇ.

— مەھمۇت روزى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە يېزا ئىگىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ شوپۇرى

▲ يول قويۇش كۆپىنچە ئەھۋالدا، بىرى، ئامالسىزلىقتىن، يەنە بىرى، يۈز خاتىرە قىلىشتىن بولىدۇ.

— نۇرمۇھەممەت ئەخەت

---

ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە چوگقۇرچاق يېزا «قىزىلنۇر»تۇققۇز يىللىق تولۇقسىز مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى

▲ ئەرلەر زەئىپلەشتى، ئاياللار ئەسەبىيلەشتى، باللار چۈشكۈنلەشتى، ئائىلە ئاجىزلاشتى، ئانا تەبىئەت ئۈنسىز ياش تۆكتى.

— نەزىرە روزاخۇن

---

ئاپتور: موگغولكۈرە ناھىيە شوتا بېزا مالدوختۇرلۇق پونكىتىدا دوختۇر

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ تىنچ ھايات، تىنچ ھايات... دەيسەن، تىنچ تۇرغان كۆل سۈيىنىڭ قۇرتلاپ كەتكىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

▲ دۈشمىنىڭنىڭ سېنى كۆرسە چىرايى ئۆڭسۈل بولغان ۋاقتى، دەل سېنىڭ ئۇنىڭ نەزەرىدە ئەڭ زورايغان ۋاقتىڭدۇر.

▲ تۆھمەت — گۇمان قار پومزىكىگە ئوخشايدۇ، سەن ئۇنى قانچە دومىلاتساڭ، شۇنچە يوغىنايدۇ، كارىڭ بولمىسا ئېرىپ تۈگەيدۇ.

— بۇۋىخەلچەم تۇردى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە كۆكيار يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

## زاماندا شلىرىمغا دەيدىغانلىرىم

▲ تۇرمۇش سېنىڭ گېلىڭدىن سىقىۋاتقان چاغدىلا ، سەن ئۇنىڭ ياقىسىغا قول ئۇزارتماقچى بولسەن، مانا بۇ — كېچىكىش.

▲ كۆزدىن بىلەلمىگەن ھىيلىگەرلىكنى سۆزدىن سېزىش تەس.

▲ تاس — تاماس قېلىۋاتىمىز بۆشۈكتىكى قىزىمىزغا گىرىم قىلغىلى.

▲ ئەخلاق — چىرايىڭ ھۆكۈمدارى.

▲ مەھرۇملۇقتىن كېيىنكى ۋاقىت — ئۆزىنى تونۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى.

— ئابدۇغېنى ئابدۇرەھمان

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىمالىي مەكتەپ رايونى تەييارلىق 5-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئىزغىرىن ئويلار

▲ ئەخلاقسىزلىق جەمئىيەتلەشسە، باللارغا ئائىلە تەربىيىسى كار قىلمايدۇ.

▲ ئەي قىز، يوتىڭىزنى يېپىڭ، قولىڭىزدىكى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا يۈز كېلەلمەيسىز!

▲ گۈزەللىكنى گۈزەللىك ئۆلتۈرىدۇ، ئىشەنمىسىڭىز، كۆكسى بىلەن يوتىسى ئوچۇق قىزلارغا قاراڭ!

— قۇربان نۇر

---

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە جام بازار يول ئاسراش گورۇپپىسىنىڭ ئاشپىزى

※ ※ ※

▲ ئەگەر بىر قىسىم ياشلىرىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى»سەھىپىسىنى ئوقۇغان بولسىدى، ئۆزلىرىنىڭ نېمىنى يوقىتىپ قويغانلىقى، نېمىنى تېپىۋېلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالغان بولاتتى.

▲ جاھان كۆرگەن يولدىن ئازماس، كىتاب كۆرگەن سۆزدىن (ئازماس).

— ئابدۇشۈكۈر قاسىم

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە خۇشئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ بوغالتىرى

※ ※ ※

▲ ئىللەت ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، جەمئىيەتتە يوغىنايدۇ.

— ئابدۇۋەلى خاتىپ

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە لەڭگەر يېزا باشتېرىم كەنتىدە، دېھقان

▲«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى»سەھىپىسىدىكى نادىر «تەپەككۇر مېۋىلىرى» ھازىرقى زاماندىكى «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى»دۇر.

— مۇھەممەدۇن جەلىل

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە «مۇزتاغ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى خام ماتېرىيال سېخىنىڭ بىخەتەرلىككە مەسئۇل خادىمى

## دىل ياپراقلىرى

▲ قېرى قىز شېخىدا قۇرۇپ قالغان مېۋىگە ئوخشايدۇ.

▲ پارلاق سەھنىلەردىن ئۆز ئوبرازىنى يېتەكلەپ چۈشۈپ كەتكەنلەرگە ئېھتىراملار بولسۇن.

▲ ئاخىرلاشقان ئىشلار ئەسلىمە بوپقالىدۇ، داۋاملىشىۋاتقان ئىشلار بولسا، ئاشۇ ئەسلىمىلەرنى ھاياتىي كۈچكە تولدۇرىدۇ.

▲ كىچىك بالا گەپ قىلالمىغىنى بىلەن ، ئۇنىڭ قەلب ھاجىتىنى چۈشەنمەك ئاسان. ئۇ خۇددى سۈپسۈزۈك بىر تامچە سۇغا ئوخشايدۇ؛ چوڭ ئادەم گەپ قىلالىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ قەلب ھاجىتىنى مەڭگۈ چۈشىنىپ بولمايدۇ. ئۇ خۇددى بىر دەريا سۇ كەبىي ئىچىگە نېمىلەر يوشۇرۇنغىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

▲ قەلبىنىڭ ھاجىتى ئىنتايىن ئاددىي بولىدۇ. ئۇنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدىغىنى تۇرمۇشتىكى جەريان...

▲ چىراغ ـ تۇتقىلى بولىدىغان يۇلتۇز.
يۇلتۇز ـ ۋەسلىگە يەتكىلى بولمايدىغان چىراغ.

ـ رەخمجان ياسىن قاينامى

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە مەركىزىي سودا ـ سانائەت بازىرى 24 ـ دۇكاندا

※ ※ ※

▲ مۇھەببەت ـ تەلەي، نىكاھ بولسا تەقدىر.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيتى»ژۇرنىلىنىڭ ھەربىر جۈملە تەپەككۇر جەۋھىرىنى ئوقۇسىڭىز، ناھايىتى ياخشى يېزىلغان ماقالىنىڭ يېشىمىغا ئىگە بولغان بولىسىز.

ـ مۇنەۋۋەر ئوبۇلھەسەن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى ئاساسلىرى كافېدراسىنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ ئەڭ ياخشى تونۇشتۇرۇش خېتى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر، باشقا ھەممىسى قۇلچىلىق.

ـ ھەزرەتئېلى ھېلىم

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە ئۆردەكلىك يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

## تۇرمۇش ھاسىلاتى

▲ دۈشمىنىڭگە ئايدا بىر، دوستۇڭغا ھەپتىدە بىر، تۇغقانلىرىڭغا كۈندە بىر كۆرۈنۈپ قوي.

ـ مېھرىئاي تۇردى

---

ئاپتور: مەكىت ناھىيە پىلانلىق تۇغۇتقا يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتىنىڭ دوختۇرى (M1)

# پاراسەت

## رەھبەرلىك پاراستى

▲ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلغاندا داھىيانە تەپەككۇر قىلىش، مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندا ئاممىباب تىلدا سۆزلەش لازىم.

## باتۇرلار پاراستى

▲ باتۇرلار بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ بىردىنبىر پەرقى، باتۇرنىڭ جاسارىتى بەش مىنۇت ئۇزاق داۋاملاشقانلىقىدا.

▲ قورقۇنچاق خەتەر كېلىشتىن بۇرۇن قورقىدۇ، ئادەتتىكى كىشى خەتەر كەلگەندە قورقىدۇ، باتۇر خەتەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قورققانلىقىنى بىلىدۇ.

▲ ھەددىدىن زىيادە سەۋرچانلىق توخۇ يۈرەكلىكتۇر.

▲ ئۆزىگە ئىگە بولالىغان ئادەملا ئەڭ باتۇر ئادەمدۇر.

## كۈرەش قىلغۇچىلار پاراستى

▲ كېلەچەكنى ئالدىن بىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇنى ئۆز قولى بىلەن يارىتىش.

▲ نادان ھەممە تەرەپكە قاتراپ بەخت ئىزدەيدۇ، ئاقىل بەختنى ئۆز ئەتراپىدىن يارىتىدۇ.

▲ بەزىلەر بىر ئۆمۈر خام خىيال ئىچىدە ياشايدۇ، بەزىلەر بىر ئۆمۈر رېئاللىق ئىچىدە ياشايدۇ، پەقەت ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا ئارزۇسىنى تىرىشىپ رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ.

▲ ئۆزىڭىزنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىڭ، قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى سۆيۈڭ، قىلىۋاتقان ئىشىڭىزغا ئىشىنىڭ، مۇۋەپپەقىيەت مانا مۇشۇنداق ئاددىي.

## دوست ۋە رەقىبلەر پاراستى

▲ ئاقىلنىڭ رەقىبىدىن ئۆگىنىدىغانلىرى، ئەخمەقنىڭ دوستىدىن ئۆگىنىدىغىنىدىن كۆپ بولىدۇ.

▲ تىنچلىقنى يارىتىمىز دەيدىكەنمىز، دوستلار بىلەنلا دىئالوگ قۇرۇپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىم رەقىبلەر بىلەنمۇ دىئالوگ قۇرۇشىمىز لازىم.

▲ بىزنىڭ بىراۋدىن بىزار بولىشىمىز ئۇنى چۈشەنمىگەنلىكىمىزدىندۇر، بىراۋنى چۈشەنمىگەنلىكىمىز ئۇنىڭدىن بىزار بولغانلىقىمىزدىندۇر.

---

«يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 2005 ـ يىل 21 ـ دېكابىر سانىدىن مامۇتجان نورمۇھەممەت تەرجىمىسى. تەرجىمان: ج ك پ كوناشەھەر ناھىيە ئاققاش يېزىلىق كومىتېتىنىڭ خادىمى(M2)



# 60 ياشتا ئۆيلىنغانلىرىم ...

**تىكەنلىك گۈللەر**

**نۇرمۇھەممەت توختى**

## تارىخ ئۆزگەرسۇن

ئون نەچچە يىل ئىلگىرى بىر يەكشەنبەدە، بازار ئارىلاپ قالدىم. كۆپ نەرسىنى كۆرگەن بولۇشۇم مۇمكىن. ئەمما دىققىتىم بەكرەك تاۋارلارنىڭ باھاسىغا مەركەزلەشتى. دىققەت قىلدىمكى، زاۋۇت ـ كارخانىلار مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى كارتوچكىلارغا يېزىلىپ، تاۋارلارنىڭ ئۆزىگە ئېسىپ قويۇلىدىكەن. دېھقانلار ساتقىلى ئەكىرگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى يېزىپ قويۇلمايدىكەن. شۇ چاغدا ، دېھقانلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ تەننەرخىنى ئېنىق ھېسابلاپ چىققىلى بولمىغانلىقتىن ياكى دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، شارائىتى ئىمكان بەرمىگەنلىكتىن يېزىپ قويۇلمىغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغىنىم يادىمدا. «چارىكى نەچچە پۇل؟» دېگەن سوئالىمغا بۇغداي ـ قوناق ساتىدىغانلار، گۈرۈچ ـ تېرىق ساتىدىغانلار، گۈلە ـ قاق، چامغۇر ـ تۇرۇپ، سەۋزە ـ موكچامغۇر(ياڭيۇ) ساتىدىغانلار «چاغلاپ ئالسىلا...» دەپ جاۋاب بېرىشكەنىدى ئوخشاشلا. ئات ـ كالا. قوي ـ ئۆچكە، توخۇ ـ ئۆردەك ساتىدىغانلارمۇ «چاغلاپ ئالسىلا...» دەپ قاراپ تۇرۇشقانتى ئوخشاشلا دېيىشۋالغاندەك. ئۆز ئەمگەك مېۋىسىنىڭ قىممىتىگە ئىشەنچسىزلىك بىلەن بېرىلگەن ئاشۇ جاۋاب كۆڭلۈمنى خېلىلا غەش قىلغانتى. ئويلىنىپ قالغانتىم، بىچارە دېھقان تارىختىن بېرى ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى بېكىتىشكە بىرەر قېتىممۇ قادىر بولالماپتۇ. ھەردائىم ئۇنىڭ باھاسىنى ئىستېمال قىلغۇچى ـ شەھەرلىكلەر بېكىتىپ كەپتۇ. ئاغزىغا كەلگەننى دەپ باھا قويۇپ كەپتۇ. دېھقان بىچارە بولسا، ئاشۇ خېلىلا كەمسۇندۇرۇلغان باھانى ئاڭلاپ «كەم بولا، كەم بولا»دەيدىكەنۇ، ئاخىر يەنىلا سېتىشقا مەجبۇر بولىدىكەن. ئەگەر دېھقان مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتىگە ياراشقۇدەك باھانى ئوتتۇرىغا قويسا، سېتىۋالغۇچى شەھەرلىك خۇددى ھېلىقى ھەزىلكەشلەر دورايدىغان «تاجىخان لەڭمەن»دەك «بېشىڭغا تېرىپ ئۆستۈرگەنمىدىڭ بۇ نېمەڭنى؟ ئاناڭنىڭ سۈتى، داداڭنىڭ قېنى بىلەن سۇغۇرغانمىتىڭ بۇ نېمەڭنى؟»دەپ ۋارقىرايدىكەندە، بىر تالاي كەمسۇندۇرۇلۇپ، باھا بېكىتىشنى يەنە تارتىۋالىدىكەن... مەن ئاشۇلارنى ئويلاپ، ئاشۇ «چاغلاپ ئالسىلا...»دېگەن جاۋابقا مۇجەسسەملەنگەن ھەسرەت ـ نادامەتنى، ئاجىز ـ بىچارىلىكنى ئېنىق ھېس قىلغانىدىم. نېمىلەرنى دەيمىز؟ تارىخ ئاشۇنداق تەكرارلىنىپ كەپتۇ. ئىشلەپچىقارغۇچى بىچارە، ئېلىپ ساتقۇچى ياكى ئىستېمال قىلغۇچى مۇتەھەم بوپكەپتۇ.

يېقىندا يەنە بازار ئارىلاپ قالدىم. بازار ئارىلىغان ئادەم ئەلۋەتتە تاۋارلارنىڭ باھاسىغا دىققەت قىلىدۇ ـ دە. ئوخشاشلا زاۋۇت ـ كارخانىلار مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى كارتوچكىلارغا يېزىلىپ، تاۋارلارغا ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. ئوخشاشلا، دېھقانلار ساتقىلى ئەكىرگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى يېزىپ قويۇلماپتۇ ۋە ئېسىپ قويۇلماپتۇ. يەنە سوراشتۇردۇم: « قانداق ساتىسىلا؟»، «چاغلاپ ئالسىلا...» دەپ جاۋاب بەردى بەزىلەر. «چارىكى 27 يۈەن» دەپ جاۋاب بەردى گۈرۈچ ساتقۇچى. «كىلوسى 22 يۈەن» دەپ جاۋاب بەردى ياڭاق ساتقۇچى. كېيىنكىلەرنىڭ باھالىرىدا باھا ئېنىق، جايىدا، تېخى ئاۋازىدىن ئۆز مەھسۇلاتىغا، مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتىگە بولغان ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. «تارىخ ئۆزگىرىۋېتىپتۇ» دېگەن بىر پىكىر كاللامدىن يالت قىلىپ ئۆتتى.

مەن ئۈمىد قىلىمەن، ھەممە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرىغا ئېنىق، جايىدا، مۇۋاپىق باھا قويالىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھېلىقى جاۋاب بەرگۈچىنىڭ ئېلىپ ساتقۇچى دەللال ئەمەس، ھەقىقىي ئىشلەپچىقارغۇچى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2006 ـ يىل 3 ـ نويابىر، شەھىرى خوتەن

## «دانىشمەنلەر نامرات بولىدۇ» توغرىسىدا

تونۇشلۇرۇمدىن بىرىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇ ئۈرۈمچىدە ياش مۇتەپەككۇر ئابدۇقادىر جالالىدىن بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ ۋە سۆھبەتتە بوپتۇ. ياش مۇتەپەككۇر دوستلار ۋە تونۇشلارنىڭ ئەھۋالىنى سورۇشتۇرگەن چېغى ، تونۇشۇم نام ـ شەرىپى تىلغا ئېلىنغان دوستلارنىڭ بېيىپ ـ تىقىلىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئارىدا نېمىشقىدۇر، ئۇنچىۋالا بولمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ نامراتلىقىدىن ۋايسापمۇ قويۇپتۇ. ياش مۇتەپەككۇر بۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىپتۇ. تەسەللى ئېيتىش كېرەكتە، نامراتلارغا ھېچ بولمىغاندىمۇ تەسەللى ئېيتىش بىرخىل گۈزەل ئەخلاق. ئۇ: «سۆھبىتىمىزدىن قارىغاندا، سىز ئىدېئولوگىيە، مەنىۋىيەت مەسىلىلىرىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىكەنسىز. ئىدېئولوگىيە، مەنىۋىيەت مەسىلىلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ـ يەنى دانىشمەنلەر ئومۇمەن نامرات بولىدۇ» دەپتۇ.

ئاشۇ تەسەللى ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆز مېنى خېلى كۈنلەرگىچە ئويلاندۇرۇپ قويدى. نامرات ـ ئەڭ تۆۋەن ماددىي ئېھتىياجى قانمىغان ئادەم، باي ـ ئەڭ يۇقىرى ماددىي ئېھتىياجى قانائەتلەنگەن ئادەم، دانىشمەن ـ ئىدراكتا كامالەتكە يەتكەن ئادەم ... دېگەندەك بىر تالاي ئېنىقلىما مېڭەمدە پىرقىرايتتى. ئېسىمگە يەنە تونۇلغان مۇقامچى ئابدۇللا مەجنۇننىڭ: « باي ـ مال ـ دۇنيادىن باشقا ھېچنېمىسى يوق نامراتتۇر» دېگەن مەشھۇر سۆزى كەلدى. پىكىرلىرىم گادىرماچلىشىپ، قالايمىقانلىشىپ كەتكەن گىلەم ئۆرۈشلىرىدەك چۇۋۇلدى. تۈگەنچەكلەرنى يېشىپ، ئۆرۈشلەرنى رەتلىگەندىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، ھازىرغىچە ماددىيەتنى ئىگىلىيەلىگەنلەر باي، ئىگىلىيەلمىگەنلەر نامرات، دەپ قارىلىپ كەپتۇ. ئىدېئولوگىيە، روھىيەت، مەنىۋىيەت ۋە دۇنيانى تونۇش جەھەتتە چۈشەنچە ئىگىلىيەلىگەنلەر دانىشمەن، ئىگىلىيەلمىگەنلەر نادان، دەپ قارىلىپ كەپتۇ. ياش مۇتەپەككۇرنىڭ «دانىشمەنلەر نامرات بولىدۇ» دېگەن يەكۈنى چىقىرىشى، ئۇلارنىڭ ماددىيەتنى ئىگىلىيەلمىگەنلىكىگە قارىتىلغانىكەن. مۇقامچى ئابدۇللا مەجنۇننىڭ سۆزى بولسا، بايلارنىڭ ئىدېئولوگىيە مەسىلىلىرىنى ئىگىلىيەلمىگەنلىكىگە قارىتىلغانىكەن. ۋەھالەنكى ئۇ، ئۇنداقلارنى «نادان» دەپ بىۋاستە ئاتىماي، ماددىيەتنى ئىگىلىيەلمىگەنلەرگە قارىتىلغان «نامرات» ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىپ، ئازراق يۈز ـ خاتىرە قىلىپ قويغانىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن؟ ئوخشىغۇچى ئوخشىتىلغۇچىغا، ئوخشىتىلغۇچى ئوخشىغۇچىغا تەڭ بولمىسا، بۇنداق ئوخشىتىش قۇرۇلماي قالىدۇ ئەمەسمۇ. نامۇۋاپىق ئوخشىتىشقا كىم ئىشەنسۇن؟

ئەمەلىيەتتە باي ـ زەردارلىق بىلەن دانىشمەنلىك ئارىسىدىكى چەك ـ چېگرا بەكلا روشەن بولماسلىقى مۇمكىن. ئارىدا تۈك قويۇۋېتىلگەن سىم توساق بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. ئەمما باي بىلەن دانىشمەن ئارىسىدا راستىنلا كۆرۈنۈش جەھەتتە پەرق بولىدۇ. قەدىمدىن ھازىرغىچە باي ـ زەردارلاردىن كەم دانىشمەن چىققانلىقى، دانىشمەنلەرنىڭ ماددىي ئېھتىياجى تولۇق قانائەت تاپقۇدەك بېيىيالمىغانلىقى ـ بۇ سۆزىمىزگە دەلىل. ۋەھالەنكى، بۇ، بايلارنىڭ مەنىۋىيەتكە، دانىشمەنلەرنىڭ ماددىيەتكە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىمۇ؟ ئۇنداق بولۇشىمۇ ناتايىن. ھەر ئىككىلا تەبىقىدە ئۆزىدىكى كەم نەرسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ـ ئۇرۇنۇشلار بولغاندۇ. «تازنىڭ كۆزى چاچتا» دەيدۇ ئەمەسمۇ كونىلار. ئەمما، ئاشۇ كۆڭۈل بۆلۈش ـ ئۇرۇنۇشلارنىڭ نەتىجىسى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان بولسا كېرەك. بايلىقتا ۋە دانىشمەنلىكتە ئوخشاشلا نەتىجە قازانغانلارنىڭ تولىمۇ ئاز بولغانلىقى بۇنىڭغا دەلىل. بۇنى بىز ياراتقۇچى رىسقى ـ نېسىۋە تەقسىملىگەندە، كۆچمە قومدەك ھەممىنىڭ بىرىگە دۆۋىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن شۇنداق تەقسىملىگەن دەپ چۈشەندۈرۈشىمىزمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغان پاكىت.

قەدىر ـ قىممەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا ، باي بولۇپ دانىشمەن بولالماسلىق، ياكى دانىشمەن بولۇپ زەردار بولالماسلىق ئانچە نومۇسلۇق ھالەتمۇ ئەمەس. ئىنسان ئاجىز يارىتىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھەممە ساھەدە تەڭلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەلىپىنى قويغىلى بولمايدۇ. بىر ساھەدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىسا ، ئۇ شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى ۋە ئىشەنچكە ئېرىشەلەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى ماناشۇ. بىز بۇيەردە باي ـ زەردارلىق ۋە دانىشمەنلىكنىڭ ئەكسى تەرەپلىرىگىمۇ قاراپ ئۆتەيلى. باي ـ زەردارلىقنىڭ ئەكسى تەرىپى بولغان نامراتلىقنى نومۇسلۇق ھالەت دەپ ئېيتقىلى بولمىغاندەك، ئۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ ، 30 ـ يىللىرىدىكى روسىيىدىكىدەك ياكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ ، 60 ـ يىللىرىدىكى رايونىمىزدىكىدەك شەرەپلىك ئىش بولۇشىمۇ ناتايىن. جامائەت نامراتنى نومۇس قىل، دەپ ئەيىبلىمىگەن بىلەن، نامراتلىق نامراتنىڭ ئۆزىگە مەڭگۈ نومۇس تۇيغۇسى بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھايات ئىشەنچىسىنى يوق قىلىدۇ، ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ ۋە خورلۇققا قالدۇرىدۇ. نامراتلىقنىڭ يامان يېرى مانا شۇ. دانىشمەنلىكنىڭ ئەكسى تەرىپى ـ نادانلىق ھەققىدە ئارتۇق توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئۇ مەڭگۈ نومۇسلۇق ھالەت. قەدىمدىن ھازىرغىچە شۇنداق بوپكەلدى. چوقۇمكى، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. نادانلىق مەڭگۈ شەرەپلىك ھالەت بولالمايدۇ. نادانىنى جامائەت تۇگۇل ياراتقۇچىمۇ كەچۈرمەيدۇ.

باي - زەردارلىق بىلەن دانىشمەنلىكنىڭ تارىختىكى ئورنىغا قارايدىغان بولساق، بىزگە گويا يېزىق ۋە تارىخىي خاتىرىلەرگە يېقىن تۇرغانلىقى سەۋەبلىك ۋەياكى يېزىق ۋە تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ ئىگىسى بولغانلىقى سەۋەبلىك كېيىنكىسىنىڭ ئورنى ئالدىنقىسىدىن يۇقىرىراق بولغاندەك تەسىرات بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، باي - زەردارلارنىڭ مال - دۇنيالىرىنىڭ تىزىملىكى ۋە نام - شۆھرىتى زامانىسىدىن ېېرىگە، يىراق كېيىنكى زامانلارغا كەمرەك مەلۇم بولدى. ئەكسىچە، دانىشمەنلەرنىڭ نام - شۆھرىتى زامان - زامانلاردىن ئۆتۈپ، دەۋران توساقلىرىدىن ھالقىپ بىزلەرگىچە يېتىپ كەلدى. باي - زەردارلارنىڭ مال - دۇنيالىرى، ئايرىم ئاسارئەتىقىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، زادىلا زامان ھالقىيالمىدى. ئەكسىچە، دانىشمەنلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە، روھىيەت، مەنىۋىيەت ۋە دۇنيانى تونۇش ھەققىدىكى بىلىملىرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد جۇغلىنىپ كەلدى. ئەمما بۇلار دانىشمەنلىكنىڭ باي - زەردارلىقتىن قىممەت ياكى تۆھپە جەھەتتە يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ماتېرىيالىستىك پەلسەپە ماددىنى بىرلەمچى، ئاڭنى ئىككىلەمچى دەپ قارايدۇ ئەمەسمۇ؛ ئىدىيالىستىك پەلسەپە بولسا، ئاڭنى بىرلەمچى، ماددىنى ئىككىلەمچى دەپ قارايدۇ. ھەقىقەت نەدە؟ ھەقىقەت دىئالېكتىكىدا. «دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە باغلىنىشلىق» ئىكەنلىكىدە. جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بىرى - بىرىگە شارائىت ھازىرلايدۇ، بىرى - بىرىنى شەرت قىلىدۇ. باي - زەردارلىق بىلەن دانىشمەنلىك ئوت بىلەن سۇدەك كەسكىن زىددىيەتلىك ھالەتتە ئەمەس. بىرى - بىرىگە دۈشمەنمۇ ئەمەس. كۆپىنچە ھالدا بىر - بىرىنى قوللاش ھالىتىدە بولىدۇ. قوللاش قانچە ياخشى بولسا، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ تەرەققىياتى ياخشى بولىدۇ. قوللاش ئاجىز بولسا، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ كامالەتكە ئىنتىلىش سۈرئىتى ئاستىلايدۇ. ئىش شۇنداقكەن، تارىختىكى ئورنى نېمىشقا يۇقىرىقىدەك ھالەتنى شەكىللەندۈردى؟ بۇيەردىكى ئامىل ئاشۇ باي - زەردارلىق ۋە دانىشمەنلىكنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىدە. چۈنكى، باي - زەردارلىقنى شەكىللەندۈرىدىغان مال - دۇنيا ئىشلەتكەنسېرى خوراش ماھىيىتىگە، دانىشمەنلىكنى شەكىللەندۈرىدىغان بىلىم بولسا، ئىشلەتكەنسېرى كۆپىيىش ماھىيىتىگە ئىگە. كىشىلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن «پۇل پۇلنى تاپىدۇ»، «پۇل دوملىغانسېرى قارپومزىكىدەك چوڭىيىپ كۆپىيىدۇ» دېگەنلەر سودا سەرمايىسى ئۆستىدىكى گەپلەر بولۇپ، ئىستېمالغا دۇچ كەلگەن مال - دۇنيا توغرىسىدا ئەمەس. بىزنىڭ تارىختىكى ئۆتكەن باي - زەردارلارنى مال - دۇنياسىنى زادىلا ئىشلەتمىگەن دېيىشكە ئاساسىمىز يوق. ئۇلار ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. كەيپ - ساپاغا، بالا - چاقىلىرىنى بېقىشقا، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىشكە ۋە باشقا خەيرىسىز - خەيرلىك ئىشلارغا ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مال - دۇنياسىنى ئىشلەتمىگەن باي، باي ئەمەس بىر پېخسىق ياكى ئاچ كۆز خەسىس. كىمكى مال - دۇنياسىنى ئىشلىتىدىكەن، ئۇنىڭ مال - دۇنياسى ئۆز ماھىيىتىگە ئاساسەن تەدرىجىي خوراپ بارىدۇ ۋە ئاخىرىدا تۈگەيدۇ.

دانىشمەنلەرمۇ ئۆز دانىشمەنلىكىنى يەنى بىلىمىنى ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ بىلىمىنى ئىشلەتمىگەن بولسا، ئۇ دانىشمەن ئەمەس بەلكى كىتاب يۈكلەنگەن بىر ئېشەك ياكى ئۆزىنى دانىشمەن چاغلاپ قالغان بىر ناداندۇر. ھەقىقىي دانىشمەن بىلىمىنى ئىشلىتىدۇ. كىشىلەرگە مەنىۋى ئوزۇق بېرىدۇ. ئۇلارنى توغرا - دۇرۇس يوللارغا باشلايدۇ. ئۇلارغا ئالەمنى تونۇتىدۇ. تۇرمۇشنى ئاسانلاشتۇرۇش - قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ بىلىمىنى ئىشلەتكەنسېرى ئۇنىڭ بىلىمى ئۆز ماھىيىتى بويىچە ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ بارىدۇ. بىز باي - زەردارلىقنى ۋە دانىشمەنلىكنى شەكىللەندۈرگۈچى تۈپكى ئامىللاردىكى ئاشۇ ماھىيەت، ئۇلارنىڭ تارىختىكى ئورنىدا ئاشۇنداق پەرقلەرنىڭ ھاسىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان دەپ خۇلاسە قىلىمىز.

باي - زەردارلار مال - دۇنياسىنى ئىستېمال ياكى سودا ئۈچۈنلا ئىشلەتمەي، ئۆزىنى تەربىيىلەشكىمۇ ئىشلەتسە، ئۇ دانىشمەنگە ئايلىنىشى مۇمكىن. ئوخشاشلا دانىشمەنمۇ ئۆز بىلىمىنى دۇرۇس ئىشلىتىپ ماددىي يارىتىش جەريانىغا قاتناشتۇرسا، ئۇ باي - زەردارغا ئايلىنىشى مۇمكىن. باي - زەردارلىق بىلەن دانىشمەنلىك ئارىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ئوت دېڭىزى يوق. قانداقلا بولمىسۇن، باي - زەردارلىق بىلەن دانىشمەنلىكنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا نۇسرەتلىك ھالەت بولۇپ، ئۇلارغا ئېرىشكۈچىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلاردۇر. ئۇلار ئوخشاشلا ھۆرمىتىمىزگە ئېرىشىشى كېرەك.

ياش مۇتەپەككۇرنىڭ تونۇشۇمغا تەسەللى ئۈچۈن ئېيتقان «دانىشمەنلەر نامرات بولىدۇ» دېگەن ھېلىقى سۆزى پەلەك چەرخى تەتۈر چۆرگىلەۋاتقان چاغلاردىكى قىسمەن ھالەتلەرگە تەنە قىلىپ ئېيتىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ھالەتنى ھېس قىلماسلىق مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ تەتۈرلىكى بىلەن دائىم ئۆزىنى ھېس قىلدۇرىدۇ ۋە دەرد - ئەلەم پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇ تولىراق« ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكىنىڭ ئەلا» لىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ھەرقانداق ئادەم ھاۋايى مۇئەللەقتە ئەمەس، رېئال تۇرمۇشتا ياشايدۇ. ئۇ كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئالدى بىلەن يېيىشى، ئىچىشى، كىيىشى كېرەك. ئەقەللىي ئېھتىياجى قانائەت تاپمىسا، ئاشۇنداق تەنىگە مەيدان ھازىرلىنىدۇ.

ياش مۇتەپەككۇرنىڭ سۆزى تەسەللى ئۈچۈن ئېيتىلغان، بۇ ماقالىمۇ تەسەللى ئۈچۈن يېزىلدى. ھەرقانداق ئادەم ئۆز ھالىتىدىن ئاغرىنىۋەرمەي بەلكى زۇرۇر دەپ قارىسا، ئالدى بىلەن ئۆز ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىشى كېرەك. ۋەھالەنكى، دانىشمەن ئۈچۈن دانىشمەنلىك يولىدىن ۋاز كېچىپ پۇل - بايلىقنىڭ ئارقىسىدىن چېپىش - ھەرقانچە چاپان يايپقان ھالەتتىمۇ ئالىيجانابلىق ئەمەس بەلكى چاكىنىلىق. بىز ئۆز ھالىتىنى ئۆزگەرتىش دېگەندە ھەرگىزمۇ بۇنى تەشەببۇس قىلمايمىز. بىزنىڭ بورىچىلىقنى تاشلاپ ھالۋىچىلىققا ئۆتكەن بۇرادىرىمىزنىڭ كۆزلىرىدە چاپاق كۆرگىمىز يوق.

2006 - يىل 10 - دېكابىر، ئەھرى خوتەن

# ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك

كۈچلۈكلەر تەبىقىسىنىڭ ئانچە ئېتىبارىغا ئېرىشمەيدىغان ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك مەسىلىسى، ئەكسى ھالدا، ئاجىزلار تەبىقىسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىدۇر. ساماۋى كىتابلاردا ئادىللىق ساۋاب، ئادالەتسىزلىك گۇناھ دەپ كۆرسىتىلگىنى ئۈچۈنمۇ ياكى كۈچلۈك بولۇش بىلەن ئاجىز بولۇش نۆۋەتى كەلگەندە ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىنمۇ، تارىختا ئادالەتنى مەدھىيىلەپ، ئادالەتسىزلىكنى سۆكمەيدىغان كىشىمۇ، پارتىيە - تەشكىلاتمۇ، مىللەت - قوۋممۇ، ئېتىقاد - مەسلەكمۇ بولغان ئەمەس.

ھەتتا كۈچلۈكلەرمۇ ئۆزىنىڭ داۋاملىق كۈچلۈك بولۇشىغا ئىشەنچ قىلالمىغاندا، ئادالەت توغرىسىدا ۋارقىراپ قويىدۇ. ئاجىزلار بولسا ، ئۇنى ئەلمساقتىن بېرى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي كەلدى. كۈچلۈكلەر تەبىقىسى بىلەن ئاجىزلار تەبىقىسى ئېنىق ئايرىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ مەسىلە مۇقەررەر ھالدا ھەممە كىشىنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرماقتا. شۇڭا بۇ ھەقتە ھەركىشىنىڭ ئۆزىگە يارىشا مۇلاھىزىلەرنى قىلىشى ھەرگىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئەقىللىق ئوقۇرمەنگە مەلۇم بولغانىدەك، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى تەڭ ـ باراۋەرلىكنىڭ ئىپادىسى ئادالەت، تەڭسىزلىك ـ باراۋەرسىزلىكنىڭ ئىپادىسى ئادالەتسىزلىك دەپ قارىلىدۇ. تەڭلىك ـ باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئادىل، تەڭسىزلىك ـ باراۋەرسىزلىكنى پەيدا قىلغۇچى ئادالەتسىز دېيىلىدۇ. ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك كۆپ ھالدا تەقسىماتتا، مۇئامىلىدە يۈز بېرىدۇ. ھوقۇق ـ ئىمتىياز تەقسىماتى، شان ـ شەرەپ تەقسىماتى، ئورۇن ـ مەرتىۋە تەقسىماتى، دۇنيا ـ بايلىق تەقسىماتى، مېھىر ـ مۇھەببەت تەقسىماتى، ئىززەت ـ ھۆرمەت تەقسىماتى، ۋەزىپە ـ مەجبۇرىيەت تەقسىماتى ئۆز نۆۋىتىدە ئادالەتنى گەۋدىلەندۈرۈشىمۇ، ئادالەتسىزلىكنى پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن. ھەتتا ئوخشاش بولمىغان گەپ ـ سۆز، سالام ـ سەھەت، ئالدى ـ بەردى، كەلدى ـ كەتتىدىكى يا ئىللىق، يا سوغۇق مۇئامىلىمۇ ئادالەت ياكى ئادالەتسىزلىكنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئادالەتنىڭ جارى بولۇشى قىيىنراق، ئادالەتسىزلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ئوڭايراق بولىدۇ. ئادالەتمۇ نىسپىي، ئادالەتسىزلىكمۇ نىسپىي بولىدۇ. ھەر ئىككىلىسى مۇتلەقلىققە يات. ئادالەتتىن مەمنۇن بولۇش كۈلكىسى ئۈنسىز، ئادالەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققان داد ـ پەرياد جاراڭلىق بولغانلىقتىن ئالدىنقىسىدىن كېيىنكىسى كۆپ يۈز بېرىۋاتقاندەك، ئالدىنقىسىنىڭ لەززىتى كېيىنكىسىنىڭ ئازابىغا تەڭ كېلەلمەيدىغاندەك تەسىرات قالىدۇ.

تەڭلىك ۋە تەڭسىزلىككە ماس ھالدا ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىكنى پەيدا قىلىدىغان مۇھىت بەك كەڭ. ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك مەسىلىسى يەككە ئادەم ئۈچۈن مەۋجۇد ئەمەس. يەككە ئادەم ئۈچۈن تەقسىمات تەڭلىكى ۋە باراۋەرسىزلىكى قۇرۇلمايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىپادىسى ئەلۋەتتە ئەكس ئەتمەيدۇ. ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك مەسىلىسى پەيدا بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى ئادەم ياكى كوللېكتىپ مەۋجۇد بولۇشى كېرەك. ئۇ پەيدا بولىدىغان ئەڭ كىچىك سورۇن ئائىلە. كۆپ خوتۇنلۇق ياكى كۆپ پەرزەنتلىك ئائىلىلەردە مۇھەببەت تەقسىماتى، مېھىر تەقسىماتى، مال ـ مۈلۈك تەقسىماتى(يەنى ئاش ـ ئوزۇق، كىيىم ـ كېچەك، كۈندىلىك لازىمەتلىكلەر تەقسىماتى) ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ۋەزىپە ـ مەجبۇرىيەت تەقسىماتىمۇ ئۇنى پەيدا قىلىدۇ. ئاشۇ تەقسىماتلاردا تەڭ ـ باراۋەرلىك ئىشقا ئاشسا ، ئائىلىدە ئادالەت ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئائىلە ئىناق، بەختىيار بولىدۇ. ئائىلە ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىدۇ. نۆۋىتىدە تەقسىم قىلىنغان ئوبيېكت يەنىمۇ كۆپىيىدۇ. ئائىلىۋى تەقسىماتتا تەڭ ـ باراۋەرلىك ئىشقا ئاشمىسا، تەڭسىزلىك ـ باراۋەرسىزلىك كۆرۈلسە، ئادالەتسىزلىك كېلىپ چىقىدۇ. ئائىلە پارچىلىنىشقا يۈزلىنىدۇ. بەرىكەت قاچىدۇ. ئائىلە ئىگىلىكى خارابلىشىشقا يۈزلىنىدۇ. تەقسىملىنىدىغان نېمەت ئازىيىدۇ. بۇنىڭغا مىساللار بەك كۆپ. ساماۋى كىتابلاردا كەلتۈرۈلۈشىچە، دۇنيادىكى تۇنجى ئائىلىدە خوتۇن تەقسىماتى زىددىيەت پەيدا قىلىپ، تۇنجى قېتىم قاتىللىق ۋەقەسى سادىر بولغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدە مۇھەببەت تەقسىماتى باراۋەر بولمىغانلىقتىن ھاجەر بىلەن ئىسمائىلنى چۆل ـ جەزىرە (ھازىرقى مەككە مۇكەررەم)گە تاشلىۋېتىش ۋەقەسى كېلىپ چىققان. يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدە مېھىر تەقسىماتى باراۋەر بولمىغانلىقتىن ، چوڭ ئوغۇللاردا ھەسەت پەيدا بولۇپ، يۈسۈفنى 18 يارماققا سېتىۋېتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن... ھازىرقى زامان ياكى يىراق زاماندىكى ئادەتتىكى ئائىلىلەردىن بۇنداق تەقسىماتتىكى باراۋەرسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئە مىساللىرىنى تالايلاپ كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. خېلى يىللار بۇرۇن XX ناھىيىسىنىڭ XX يېزىسىدا تولىمۇ ئېچىنىشلىق بىر ۋاقە يۈزبەرگەن. مەلۇم بىر ئائىلىدىكى چوڭ ئوغۇل دىنىي ئىلىم بويىچە ئوقۇۋېتىكەن. بەكلا ياخشى ئوقۇغانمۇ، ئائىلە باشلىقلىرى ئائىلىدىكى ئېسىل ئىمتىيازلارنى، ئەڭ ئىللىق مېھرىنى، ماختاش ۋە شان ـ شەرەپلەرنى ئۇنىڭغا تولۇق بەخشەندە قىپتۇ. ئىككىنچى ئوغۇل ئائىلىدە ، ئېتىزدا، ھاشاردا ئىشلەيدىكەن (ۋەزىپە ـ مەجبۇرىيەت تەقسىماتى ئوخشاش ئەمەسكەن)، بار جاپانى تارتىدىكەن. لېكىن ئۇنىڭغا تەقسىملەنگەن ئىمتىياز ئاكىسىنىڭكىگە يەتمەيدىكەن. مېھىر، ماختاش، شان ـ شەرەپ، ئىززەت ـ ھۆرمەتلەردىن بولسا نېسىۋىسىز ئىكەن. تېخى دوق ـ دەشنام، ھاقارەت، كەمسىتىش خورلاپ تۇرىدىكەن. ئىككىنچى ئوغۇل ئائىلىۋى تەقسىماتتىكى باراۋەرسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك. لېكىن يەنىلا چىداپ كەپتۇ. ئاكام ئۈچۈن جاپا تارتسام ئەرزىيدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ سەۋر قاچىسىنى تولدۇرىدىغان ئىش يەنىلا يۈز بېرىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئائىلىدە ئوتۇن يېرىۋاتقاندا، ئاتىسى ئۇنى «ئىشنى تېز قىلمىدىڭ» دەپ ئەيىبلەپتۇ. دۆت ـ كالۋا دېگەندەك ئاق ـ قارا مۇشۇكلەرمۇ ئاغزىدىن چىقىپتۇ. ئەمدى ئادالەتسىزلىككە زادىلا چىداپ تۇرالمىغان قارابىس، تەلۋە بالا غالجىرلىشىپ ئاتىسىنى پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. پاجىئەنى كۆرۈپ، ئاللا ـ تۇۋا قىچقىرىپ يۈگۈرۈپ چىققان ئۆگەي ئانىسى ۋە ھامىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. كېيىن ئەمچەكتىكى كىچىك ئۇكىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈپتۇ...

بۇنداق تاش يۈرەك قاتىلى پەدەر ئەلۋەتتە قاتتىق جازالىنىشى كېرەك. ئەمما ئائىلىۋى تەقسىماتتا باراۋەرسىزلىكنى يولغا قويۇپ ئادالەتسىزلىك پەيدا قىلغان ئاتا ـ ئانىنى نېمە دېيىش كېرەك؟ بۇ ئەلۋەتتە خېلى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان مەسىلە.

يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئائىلە ئادىللىقى ياكى ئائىلە ئادالەتسىزلىكىنىڭ مەنبەسى ـ ئائىلىدىكى تەقسىماتتا. ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئائىلە باشلىقى ياكى ئائىلىدە ھوقۇق ئىگىلىگۈچىدۇر. ئادىللىق ياكى ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغۇچى بولسا ئائىلە ئەزالىرىدۇر. بىر ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا قان ـ قېرىنداشلىق تۇيغۇسى ۋە تۇغقاندارچىلىق مېھرى چەكلەپ تۇرىدىغان بولغاچقا ، كۆپ ھالدا ئائىلىدە نىسپىي ئادالەت ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئائىلىدىكى تەقسىمات باراۋەرسىزلىكى كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ئائىلە ئادالەتسىزلىكى بەكلا روشەن ئىپادىلەنمەيدۇ. كۆپ كۆرۈلمەيدۇ، پاجىئەلەرمۇ جىق يۈز بەرمەيدۇ. كۆپ ۋاقىتتا «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ۋەھالەنكى، بىز ئائىلىدىن ئىبارەت ئەڭ كىچىك، ئەڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي بىرلىكتىن ھالقىپ، رەسمىي

تەشكىللى ئىجتىمائىي بىرلىكلەرگە ـ مەھەللە جامائىتىدىن دۆلەت جامائىتىگىچە نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئۇيەرلەردە ئادالەتتىن كۆرە ئادالەتسىزلىكنى سۇ، ھاۋا ۋە تۇپراق بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇھىتنىڭ تېخىمۇ كەڭ ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئاشۇ چوڭ ئىجتىمائىي بىرلىكلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان مەھەللە ـ يۇرتداشلىق، مىللەت ـ قوۋمداشلىق، دىن ـ ئېتىقادداشلىق، ۋەتەنداشلىق، سىياسىي كۆزقاراش بىرلىكى، ئىدېئولوگىيە بىرلىكىدىكى يولداشلىق قاتارلىق ئامىللارنىڭ يېپىشتۇرۇش ـ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى قان ـ قېرىنداشلىق ۋە تۇغقاندارچىلىق تۇيغۇسىغا قارىغاندا كۆپ ئاجىز بولغانلىقتىن، جامائە ئىچىدىكى تەقسىماتلاردا، ھوقۇق ئىگىلىگۈچى، قازان بېشىدا تۇرغۇچى تەرەپنىڭ قان ـ قېرىنداشلىق، ئېتىقادداشلىق، يولداشلىق كۆمچىگە چوغ تارتىشى خېلىلا كۆپ ۋە روشەن كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسى باراۋەرسىزلىكنى پەيدا قىلىپ، ئادالەتسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئائىلىدىكىگە ئوخشاشلا ، چوڭ ئىجتىمائىي بىرلىكلەردىمۇ ئادالەت ياكى ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى كونترول قىلىپ تۇرغۇچى شۇ بىرلىكتىكى ھوقۇق ئىگىلىگۈچىدۇر. تەڭسىزلىك ـ باراۋەرسىزلىككە ئۇچراپ، ئادالەت ياكى ئادالەتسىزلىك ھېس قىلغۇچى بولسا، شۇ ئىجتىمائىي بىرلىكتىكى ئەزالار، يەنى پۇقرالاردۇر. ئەگەر ئاشۇ ئىجتىمائىي جامائە ئىچىدىكى ھوقۇق ئىگىلىگۈچى ھەرخىل تۈزۈم، تەرتىپ، قانۇنلارنى تۇرغۇزۇپ ۋە ئۇنى ئېغىشماي ئىجرا قىلىپ، ئۆزقول ئاستىدىكى ئەزالار (ھەرقايسى تەبىقە، قوۋملار) ئارا تەقسىماتتىكى تەڭ ـ باراۋەرلىكنى نىسپىي ئىشقا ئاشۇرالىسا، بۇنداق ئىجتىمائىي جامائەدە نىسپىي ئادىللىق ھۆكۈم سۈرگەن بولىدۇ. جامائە ئەزالىرى ئىناق ـ ئىتتىپاق بولىدۇ. جامائە گۈللىنىشكە، كۈچىيىشكە يۈزلىنىدۇ. ئەگەر نىسپىي تەڭ ـ باراۋەرلىك ئىشقا ئاشمىسا بۇ يەردە ئادالەتسىزلىك پەيدا بولۇپ، جامائە ئەمىن، پۇقرا خاتىرجەم بولالمايدۇ. نىزا ـ زىددىيەت ھۆكۈم سۈرىدۇ. جامائە پارچىلىنىدۇ. جامائە ئەمگىكى چېكىنىشكە، خارابلىششقا يۈزلىنىدۇ. ئاشۇ چوڭ ئىجتىمائىي بىرلىكلەرنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان دۆلەت ھاكىمىيتى ئۈچۈنمۇ يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. ھاكىمىيەت ئىجتىمائىي تەقسىماتتىكى تەڭ ـ باراۋەرلىكنى نىسپىي بولسىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئادالەتنى جارى قىلدۇرالىسا، پۇقرالىرىنى ئادالەت ھېس قىلدۇرالىسا، بۇنداق دۆلەت گۈللەپ ـ ياشناپ، قۇدرەت تېپىشقا يۈزلىنىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ھاكىمىيەت زاۋالغا يۈزلىنىپ، دۆلەت خارابلىشىدۇ. بىز ھەرقانداق دۆلەتنىڭ تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، تارىخ بەتلىرىگە پۈتۈلگەن بارلىق جېدەل ـ ماجرا، ئۇرۇش ـ توپىلاڭلارنى ئاشۇ ئىجتىمائىي تەقسىماتتىكى باراۋەرسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى كۆرىمىز. ۋەھالەنكى، ھەرقانداق دۆلەت ھاكىمىيتى تەڭ ـ باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىپ، تەقسىماتتىكى باراۋەرسىزلىكنى چەكلەيدىغانلىقىنى جاكار قىلىپ تۇرىدىغان، شۇنداقلا بەزى مۇناسىپ تەدبىرلەرنى يولغا قويىدىغان بولغاچقا، ئادالەتسىزلىكنىڭ گەۋدىلىنىشى ئائىلە جامائەسىگە ئوخشاشلا بەك ئوچۇق ۋە روشەن بولمايدۇ. تارىخىي ساۋاقلاردىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي ئادىللىق ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇلمىغان، تەشۋىقات ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۆزىگە مەدھىيە ئوقۇتۇپ تۇرىدىغان ھاكىمىيەتلەر دەۋرىدە بولسا، كۆپلىگەن كىشى ئادالەتسىزلىكنى ئانچە ئوڭاي ھېس قىلالمايدۇ. ھېس قىلالايدىغان، بىلىپ يېتەلەيدىغانلار ئازسانلىق بولىدۇ. تارىختىن ۋە بۈگۈنكى دۇنيا ۋەزىيىتىدىن كۆرۈپ تۇرماقتىمىزكى، قاچانكى مەلۇم ساندىكى كۆپچىلىك ئادالەتسىزلىكنى ھېس قىلىدىكەن، ئۇنداق يەردە نارازىلىق، غوت ـ غوت، جېدەل ـ غەۋغا، ئۇرۇش ـ ماجرا ئۆكسىمەيدۇ. ھەتتا ھاكىمىيەت ئالمىشىشقىچە بېرىپ يېتىدۇ. يېڭى تىكلەنگەن ھاكىمىيەتتە ھېلىقى جەريان يەنە داۋاملىق تەكرارلىنىدۇ. ئادالەتسىزلىك قانچە ئاز بولسا ۋە ئاشكارىلىنىشى قانچە كېچىكسە، ھاكىمىيەتنىڭ ئۆمرى شۇنچە ئۇزىرايدۇ. ئەمما چوقۇنى پاختىغا ئوراپ ساقلىغىلى بولمىغاندەك، يۈز بېرىۋاتقان تەقسىمات تەڭسىزلىكى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى بولغان ئادالەتسىزلىكنىمۇ مەڭگۈ يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ھەرقايسى دۆلەتلەر تارىخىدا ، مەيلى توپىلاڭ ـ قوزغىلاڭلار ئارقىلىق ، مەيلى سايلام ـ تىنچ يول ئارقىلىق يۈز بېرىپ تۇرغان ھاكىمىيەت ئالمىشىشلار ئەنە شۇ مۇقەررەرلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئەمدى بۇيەردە، تەقسىماتتىكى باراۋەرسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ تۈپ كېلىپ چىقىش، پەيدا بولۇش سەۋەبى توغرىسىدا توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ سەۋەبنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئەسلىي ماھىيتىگە ، جامائەلەرنىڭ ئەسلىي ماھىيتىگە نەزەر ئاغدۇرۇش كېرەك. بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشقا ئىنتىلىش ۋە پۇل ـ مالغا، ئورۇن ـ مەرتىۋىگە، شان ـ شەرەپكە، مېھىر ـ مۇھەببەتكە، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە تويماسلىق ئىنساننىڭ ئەسلىي ماھىيەتلىرىدىن بولغاچقا، شۇنداقلا ئۇ «ئاز شۈكۈر قىلىدىغان» قىلىپ يارىتىلغاچقا، ئۇنىڭدا شەخسىيەتچىلىك ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. كۆپ ھالدا نەپسى ئەقلى ئۈستىدىن غالىب ھالەتتە بولىدۇ. مانا شۇ ماھىيەت ئۇنىڭ ئىقتىدارى يەتكەن ھامان كۆپ ئىگىلىۋېلىشنى ۋە بار ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ قان ـ قېرىنداشلىق، قوۋمداشلىق، دىن ـ ئېتىقادداشلىق، ۋەتەنداشلىق، يولداشلىق كۆمچىگە چوغ تارتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر قىسىملارنىڭ كۆپ ئىگىلىۋېلىشى پەيدا بولغانىكەن، ئەلۋەتتە باراۋەرسىزلىك يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسى بولسا، ئادالەتسىزلىك بولۇپ ھېس قىلىنىدۇ. ھەرقانداق ھاكىمىيەتمۇ ئاشۇ كىشىلىك شەخسىيەتچىلىكنىڭ تۈپ ياكى جامائە شەخسىيەتچىلىكىگە تەرەققىي قىلىشىدىن پەيدا بولىدىغان بولغاچقا، شۇنداقلا ئۇ تۈپ شەخسىيەتچىلىكنىڭ قوغدىنىش كونلۇكى بولغاچقا ، مۇقەررەر ھالدا، ئۇنىڭ ئىشلىرى تەقسىماتتىكى باراۋەرسىزلىكتىن خالىي بولالىشى تەس. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، جامائە شەخسىيەتچىلىكى ئىجتىمائىي تەقسىماتتىكى باراۋەرسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ مەنبەئى ھەم ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمىز ئۈچۈر راۋانلاشمىغان دەۋرلەر ۋە قانۇن ـ تۈزۈم مۇكەممەللەشمىگەن دۆلەتلەر ئەھۋالىغا بەكرەك ماس كېلىدۇ. قانۇن ـ تۈزۈم مۇكەممەللەشكەن ئەھۋالدا ، ئىجتىمائىي تەقسىماتتىكى باراۋەرلىك قانۇن ئارقىلىق قوغدىلىدىغان بولغاچقا، ئېغىر ئىجتىمائىي تەقسىمات باراۋەرسىزلىكى كۆپ كۆرۈلمەيدۇ ۋە بەكلا روشەن بوپكەتمەيدۇ. ئەگەر كۆرۈلىدىكەن ، راۋانلاشقان ئۈچۈر ـ ئالاقە ۋە دېموكراتىيىلەشكەن جامائەت پىكرى قوراللىرى ئۇنى دەرھال ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە تۈزىتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئىلمىزمۇ دېموكراتىيىلىشىش يولىنى بويلاپ كېتىۋاتقان دۆلەت بولغاچقا، يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەتبۇئاتلاردا ، تۈرلۈك قۇرۇلتاي ـ يىغىنلاردا ئىجتىمائىي تەقسىمات باراۋەرلىكى مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە تەكلىپلەرنى بېرىش خېلى زور دەرىجىدە ئومۇملاشتى. ھۆكۈمەتمۇ بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمەكتە. نۆۋەتتە

تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان «ئىناق جەمئىيەت («ماس جەمئىيەت »دەپ تەرجىمە قىلىنسا تېخىمۇ توغرا بولاتتى) بەرپا قىلىش» شوئارى شۇ تىرىشچانلىقلار جۈملىسىدىن. جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدىكى ھەرقايسى ساھەلەر (يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، 3 ـ كەسىپ، ھەربىي ئىشلار، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا ۋە باشقىلار) ئارا بىر ـ بىرىگە ماسلىشالايدىغان ھالەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى كۈچلۈكلەر تەبىقىسى بىلەن ئاجىزلار تەبىقىسى، يۇقىرى كىرىملىكلەر (بۇلار كۈچلۈكلەر تەبىقىسىنىڭ 2 ـ رەتتىكى ئەزاسى) بىلەن تۆۋەن كىرىملىكلەر، شەھەرلىكلەر بىلەن يېزىلىقلار، ئاق ياقىلىقلار بىلەن قارا ئىش قىلغۇچىلار ... ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي تەقسىمات تەكشۈكسىزلىكنى ئىمكانقەدەر ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشمۇ «ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش»تىكى مۇھىم ۋەزىپە. بۇيەردە پەرق بەك چوڭىيىپ كەتسە، باراۋەرسىزلىك دەرھال روشەنلىشىدۇ ـ دە، جەمئىيەت ئەزالىرىدا ئادالەتسىزلىك تۇيغۇسى كۈچىيىپ قالىدۇ. جەمئىيەت ئامانلىقىغا، مۇقىملىقىغا پايدىسىز ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىدە قويۇلىدىغان، دۇنيادا بىر تۇتاش ئېتىراپ قىلىنىدىغان ئىجتىمائىي مۇقىملىق قانۇنىيىتىدە: بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ 20پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان يۇقىرى كىرىملىكلەرنىڭ كىرىمى، شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ 20پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان تۆۋەن كىرىملىكلەر كىرىمىنىڭ ئون ھەسسىدىن ئېشىپ كەتسە، بۇنداق جەمئىيەت مۇقىمسىزلىق دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. روشەنكى، بۇيەردە دېيىلگەن مۇقىمسىزلىق تەقسىمات باراۋەرسىزلىكى ۋە ئادالەتسىزلىككە بولغان نارازىلىقنىڭ ئاشكارىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، بۈگۈنكى دۇنيادا تەقسىمات باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىش شوئارلىرى ئادالەت ۋە مۇقىم جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تەدبىرى سۈپىتىدە تونۇلىۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى، بىرەر ياخشى نىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىش بىلەن ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش بۆلەك ـ بۆلەك ئىش بولغاندەك، باراۋەرلىك ۋە ئادالەتنىڭ ئىشقا ئېشىشىمۇ پەقەت نىسپىيلا بولىدۇ. دېمەك، دۇنيادا ھەرقانداق شەيئى مۇتلەق ئەمەس نىسپىي بولغىنىدەك، جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىنىڭ قانۇنىيىتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇڭا دەۋر تەقەززاسىغا مۇناسىپ نىسبەتەن باراۋەررەك، ئادىلراق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا بولىدۇكى، مۇتلەق باراۋەر ۋە ئادىل جەمئىيەت بەرپا قىلىش يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگەن قانۇنىيەتكىمۇ ئۇيغۇن ئەمەستۇر. شۇڭا جەمئىيەت ئەزالىرى سەۋرچان، تىرىشچان بولۇشى كېرەككى، مۇتلەق باراۋەرلىك، ئادالەت ئىشقا ئاشىدۇ، دەپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان بىرتەرەپلىمە ئارزۇ ـ ئۈمىدتە بولماسلىقى لازىم.

خەلقئارا جەمئىيەت دەپ ئاتىلىۋاتقان ب د ت، دۇنيا سودا تەشكىلاتى، خەلقئارا ئاتوم ئېنېرگىيە ئورگىنى، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى قاتارلىقلاردىمۇ بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. خەلقئارا جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزالىرى مۇستەقىل، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر بولغانلىقتىن، بەزىدە ئۇ مەجبۇرلاش كۈچى ئاجىز بىر تالاش ـ تارتىش مۇنبىرى بوپقالىدۇ. ئۇيەردە باراۋەرلىك ۋە ئادالەت شوئارى شۇنچە كۆپ توۋلانسىمۇ، ئىشلارنىڭ نەتىجىسى بەزىدە دۇنيا جامائەتچىلىكى ۋە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر كۈتكەندەك چىقماي يەنىلا باراۋەرسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىك بولۇپ نەتىجىلىنىپمۇ قالىدۇ. قوش تەرەپلىك ۋە كۆپ تەرەپلىك شەرتنامىلەر ئارقىلىق ئادالەت ئورنىتىش ئۇرۇنۇشلىرى كۆرۈلۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ چەكلەش كۈچى پەقەت ئەخلاقىي جەھەتتىلا بولىدۇ. شەرتنامە تۈزۈملىرىنى مەجبۇرلاش يولى ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ. خەلقئارا جەمئىيەتلەردىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان ۋە ئۇنى بارلىق ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىپ قوغدايدىغان بولغاچقا، تارىختا شەكىللىنىپ قالغان كۈچ ـ قۇدرەت جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىك ئوخشىمىغان ئادالەتسىزلىكنى پەيدا قىلىدۇ. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدۇ. ئاجىزلار ئامالسىز قالىدۇ. ئۆز دۆلەت مەنپەئىتىگە پايدىسى بولمىسا، ھەققانىيەتنى قايرىپ قويغان بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتكە ياردەم بەرمەيدۇ. دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارادىكى ھەرىكىتى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى چىقىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خېلى ـ خېلى ھەققانىي ئىشلارنىمۇ سېتىۋېتىدۇ. بۇنىڭغىمۇ مىساللار ساماندەك. ئەلۋەتتە بۇنداق قىلمىشلار ئەڭ مەخپىي كېلىشىملەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمىز ئاساسەن بۈگۈنكى دۇنيانىڭ خوجىسى بىز دەپ ئويلاۋاتقان غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرگە ماس كېلىدۇ. خۇلاسە شۇكى، كۈچلۈكلەر چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان خەلقئارا جەمئىيەتلەرنىڭ ئادالىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، خام ـ خىياللاردا بولۇش ئاجىزلار ئۈچۈن كۆپ ھالدا بىھۇدىلىك بوپقالىدۇ.

ھېچقانداق بىر ساماۋى كىتابتا ۋەياكى پىشقان مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇدۇنيادا زۇلۇمنىڭ تۈگەيدىغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغىنىدەك، باراۋەرلىك، ئادالەت دېگەنلەرنىڭ مۇتلەق تىكلىنىدىغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى دۇنيا ۋەقەلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

ھاسىل كالام:«ھەدىس شەرىف»تە ئېيتىلغانىدەك«ياراتقۇچىغا ئىشەن، ئەمما تۆگەڭنى مەھكەم باغلا.» (مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما)

---

*باش ماۋزۇ مەسئۇل مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ پېنسىيونېرى(M1)

تالانتلىق يازغۇچى، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى نۇرمۇھەممەت تۇختى ئەپەندىنىڭ 60 ياشقا تولغانلىقىنى مۇبارەكلەيمىز.

ــــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# يىللار ۋە ئەقىدە

## ــ ئۇستاز ئەدىب، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى تەتقىقاتچىسى ئابدۇللا تالىپ ئەپەندىنى ئەسلەيمەن

**يالقۇن روزى**

تەبىئەت ھۆكمىدە ھامان ئۆلۈم بار،
ئۆلگۈم يوق تۆشەكتە، كاڭدا، دالىدا.
خالايمەن شەرەپلىك ئۆلۈمنى ھامان،
بور تۇتۇپ سىنىپتا ـ دوسكا ئالدىدا.

ئابدۇللا تالىپ ئەپەندى 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئۇستاز ئەدىبلەرنىڭ بىرى، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى تەتقىقاتچىسى. ئۇ، بىر ئۆمۈر ئۆزى تاللىۋالغان ھەقىقەتكە ئىخلاس قىلىپ ياشىدى. ئۆزى ئۆزىگە بېكىتكەن مەجبۇرىيەتتىن ئېغىرلىق ھېس قىلىپ ۋايسىمىدى. بىز ئابدۇللا تالىپ ئەپەندىنى بۇ بىر كۇپلېت شېئىرىدا ئىپادىلەنگەن پىكىر ۋە ھېسسىياتنى ئۆمۈرلۈك ئەقىدە قىلىپ ياشىدى، دېيىشكە ھەقلىقمىز.

مەن ئابدۇللا تالىپ ئەپەندىنىڭ نامى بىلەن ئۇنىڭ 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا نەشر قىلىنغان «قاينام ئۇركىشى» ناملىق تارىخىي رومانىنى ئوقۇغان چېغىمدىلا تونۇشقان. ئۇ رومان ئەينى يىللاردا 70 مىڭ تىراژدا نەشر قىلىنىپ، 1960 ـ ۋە 1970 ـ يىللاردىكى مەدەنىيەت قەھەتچىلىكىدە روھىيتى چاڭقاپ كەتكەن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئالاھىدە مەزمۇن قوشقانىدى. جۈملىدىن، مېنىڭمۇ

## ئەدىبلەر شەجەرىسى

شەكىللىنىۋاتقان دۇنيا قارىشىمغا تۆرتكە بولغان. مەن ئابدۇللا تالىپ ئاكىنىڭ ئۆزى بىلەن 1991 ـ يىلى 1 ـ يانۋاردا شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» گە مۇھەررىرلىككە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن تونۇشقان. 2002 ـ يىلى بىر بىنادا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىزنىڭ سىردىشىش ۋە چۈشىنىش پۇرسىتىمىز تېخىمۇ كۆپ بولدى. ئابدۇللا تالىپ ئاكا ئادەتتە خەلقئارا خەۋەرلەرنى بىلىپ تۇرۇشقا ۋە تەھلىل قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولغاچقا، بىزنىڭ دائىملىق سۆھبىتىمىز خەلقئارا مەسىلىلەردىن باشلىناتتى. بىزنىڭ خەلقئارا مەسىلىلەرگە بولغان مەيدانىمىز كۆپ ھالدا بىر يەردىن چىقاتتى. بەزىدە يېزىۋاتقان يېڭى رومانى ھەققىدە، بەزىدە كۆندىلىك خاتىرىسىدىكى مەلۇم بىر ئىجتىمائىي مەسىلە ھەققىدە سۆزلىشەتتۇق.

ئابدۇللا تالىپ ئاكا مۇستەقىل قاراشقا ئىگە، ئىزدىنىش روھى كۈچلۈك، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن، پىكىر قىلىشقا ئامراق كىشى بولغاچقا سۆھبەت جەريانىدا كىشىگە ئىلھام بولىدىغان ۋە يېڭى تۇيۇلىدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئۇ، 1987 ـ يىلىلا پېنسىيەگە چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدە «پېنسىيەگە چىقىش ـ كاردىن چىقىش»، «پېنسىيەگە چىقىش ـ كۈن ئۆتكۈزۈش» دەيدىغان يارىماس قاراشتىن ئەسەر بولمىغاچقا، كۆڭلىرى ئۆگىنىش ۋە ئىجاد قىلىش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى ئەھمىيەتسىز خىيال، بىچارىلىك ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەت تېپىپ بىخۇد ياشاشتەك تۇيغۇلاردىن خالىي ئىدى. بىر قىسىم

كىشىلەرگە ئوخشاش كۆنۈپ كەتكەن ئايالنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قاراپ كۈن ئۆتكۈزۈش، نەۋرىسىنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ گول بولۇشتەك ئادەتنى تۇرمۇشتىن مۇستەسنا ئىدى. كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئىدى. ئىزدىنىدىغىنى، ئۆتمۈش تارىخىمىزدىكى شانلىق سەھىپىلەر ئىدى. قاقشايدىغىنى، ئىجتىمائىي ئىللەتلىرىمىز ئىدى. ئۇنىڭدا ئۆز كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرىدىغان جاھىل مىجەز، باشقىلار بىلەن ئاسان مۇرەسسەلەشمەيدىغان قەيسەر خاراكتېر بار ئىدى. مەن ئابدۇللا تالىپ ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىغا ئىككى يىل تولغان كۈنلەردە ئۇنىڭ ھايات يولىنى بىرەر قۇر ئەسلەپ ئۆتۈشنى ۋىجدانىي بۇرچۇم ھېسابلىدىم.

ئابدۇللا تالىپ ئەپەندى 1924 ـ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باللىق چاغلىرىدا مۇدەررىس بوۋىسى ئاچقان «ئۇسۇلىي قەدىم» دېگەن مەكتەپتە ئوقۇغان. بوۋىسى بۇ زېرەك، سەزگۈر نەۋرىسىگە ئامراق بولۇپ، دائىم ئۇنىڭغا نەۋائىي شېئىرلىرىنى يادقا ئالغۇزاتتى. چۈشىنەلمىگەن سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى بىر ـ بىرلەپ يېشىپ بېرەتتى. بۇ شېئىرلار گۆدەك ئابدۇللانىڭ يۇمران قەلبىدە ئەدەبىيات ئىشقىنى ئۇچقۇنلاتقان. ئابدۇللا تالىپ توققۇز ياشقا كىرگەندە كەلپىندە «ئۇسۇلىي جەدىت» دەپ ئاتىلىدىغان يېڭىچە مەكتەپ ئېچىلغان. كۈنلەرنىڭ بىرىدە جۇۋازخانىغا ياغ ئالغىلى بارغان گۆدەك ئابدۇللا قاپقارا ئىگىز ئۆيدە كۆزى تېڭىلىپ جۇۋازچىنىڭ تايىقى ئاستىدا بىر يۆنىلىش بويىچە ئايلىنىۋاتقان كالىنى كۆرۈپ، قايتىپ كېلىپ بوۋىسىدىن مۇنداق سورىغان:

ـ بوۋا، جۇۋازخانىنىڭ ئىچى نېمە ئۈچۈن قاراڭغۇ؟ كالىنىڭ كۆزىنى نېمە ئۈچۈن تېڭىپ قويىدۇ؟

ـ تېپىپ سورىدىڭ، بالام. كالىنىڭ كۆزىنى تېڭىپ قويمىسا جۇۋازچىغا ھەرگىز بويسۇنمايدۇ. يېڭىچە مەكتەپكە كىرىش ئالدىدا تۇرىسەن، ئوقۇمىغان ئادەمنى بەئەينى جۇۋازخانىدىكى كالا دېسەك بولىدۇ. ياخشى ئوقۇ، ھەرگىز كۆزى تېڭىلغان كالا بوپقالما، ـ دېگەن. بوۋىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۆسمۈر ئابدۇللانىڭ قەلبىگە مۆھۈر باسقاندەك ئورناپ كەتكەن.

يېڭىچە مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن ئابدۇللا تالىپ ناھايىتى تىرىشىپ ئوقۇغان. ئۇ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىنى تۈگەتكەندە، يەنى 1939 ـ يىلى كەلپىن ناھىيە مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا قىزلار مەكتىپى قۇرۇلغان. ئەينى چاغدا قىزلار بىلەن ئوغۇللار ئايرىپ ئوقۇتۇلىدىغان بولغاچقا ھەممە ئايال ئوقۇتقۇچى بولمىغانلىقتىن مەسئۇل تارماقلار قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەمدىلا تاماملىغان، يېشى كىچىك، زېھنى ئۆتكۈر بالىلاردىن ئابدۇللا تالىپ، ئابدۇرەھمان ئامان قاتارلىقلارنى قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تاللىغان. ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن ئابدۇللا تالىپ قىزلار مەكتىپىدە «كورمۇس ئەپەندى» ( چېچەن ئۆسمۈر، بالا مۇئەللىم ) دېگەن نام بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى باشلىغان. 1943 ـ يىلىغىچە بولغان تۆت يىل جەريانىدا قىزلار مەكتىپىگە ئىككى يىل ئوقۇتقۇچى، ئىككى يىل مەكتەپ مۇدىرى بولغان. ئۇ، كۈندۈزى مۇنتىزىم سىنىپتا ئوقۇۋاتقان قىز ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتسا، ئاخشىمى چوڭلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش كۇرسى ئېچىپ، مىڭلىغان كىشىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ، كەلپىن ناھىيىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش ھەرىكىتىگە دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس سالغان. بۇ جەرياندا دوسكىغا قولى يەتمەسلىك، يىقىلىپ چۈشۈشتەك كۈلكىلىك ئىشلار سادىر بولۇپ تۇرسىمۇ ئۇ قىلچە بوشىشىپ قالمىغان. ئابدۇللا تالىپ ئەپەندى 1943 ـ يىلى يازدا ئاتاقلىق مائارىپچى، دراماتورگ، ئىنقىلابىي قۇربان ئابدۇللا روزى بىلەن تونۇشۇپ قالغان. ئۇ، ئابدۇللا روزىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن شۇ يىلى سېنتەبىردە ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنگە قوبۇل قىلىنىپ، ئوقۇشقا كىرگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ نىمشېھىت ئەرمىيا ئەلى داموللا سايرامىي، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزىي، ئابدۇللا روزى قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك ئەدىبلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان ھەمدە ئۇلارنىڭ تەسىرىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇنىڭ «شامالغا خىتاب»، «مەرىپەت ئانا»، «ئوق ئاتار يۇردۇم»، «ئىشقىدا»، «ياشا، ئادالەت!»، «ئانا يۇرت سۆيگۈسى» قاتارلىق سىياسىي لىرىكىلىرى «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ «جەنۇب شامىلى» بېتىدە ئېلان قىلىنىپ، ئۇمىدلىك ياش شائىر سۈپىتىدە جەمئىيەتكە تونۇلغان. ئەينى يىللاردا «ئاقسۇ گېزىتى» دە لۇتپۇللا مۇتەللىپ تەرىپىدىن «جەنۇب شامىلى» ناملىق ئەدەبىيات بېتى تەسىس قىلىنغان. بۇ سەھىپىگە بېسىلغان سىياسىي لىرىكىلار ئابدۇللا تالىپنىڭ نەزەر دائىرىسىنى پەيدىنپەي كېڭەيتكەن. ئۇ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ كۆپ تەرەپلىملىك ئىقتىدارىغا، تالانتىغا ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل بولاتتى. بىر كۈنى ئابدۇللا تالىپ ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئالدىدىكى مەيداندا شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ئۇرنىۋېلىشقان. ئۇنىڭ بىر ساۋاقدىشى شائىرغا: «لۇتپۇللا ئاكا، سىز قانداق قىلىپ شۇنچە كۆپ ئىقتىدارلىق بولغان، سۆزلەپ بەرسىڭىز» دەپ سورىغان. بۇنى ئاڭلىغان شائىر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن، يانچۇقىدىن قەغەز، قېرىنداش چىقىرىپ، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە بىر پارچە رەسىم سىزىپ چىققان. رەسىمدە بىر قىز قولى بىلەن مېۋىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان ئالما دەرىخىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. شائىر ھاياجانلانغان ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق دېگەن: «ساۋاقداشلار، قاراڭلار، بۇ، ئىجادىيەت پەرىشتىسى مۇسىنىڭ رەسىمى. ئۇ شۇ تاپتا ئىجتىھات قىلساڭ مېۋىسىنى كۆرىسەن، دەۋاتىدۇ. دېمەك، ئىقتىدار مەرىپەت ۋە ئىجتىھاتتىن كېلىدۇ...»

ئەقلى توشۇپ، بەدىئىي دىتى كۈنسېرى يېتىلىۋاتقان ئابدۇللا تالىپ شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ ۋەزنىنى روشەن ھېس قىلغان. ئالتۇندىن قىممەتلىك بۇ جۈملىلەر ئۇنىڭ ياش قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئالدىدا گويا يېڭى بىر يول ئېچىلغاندەك، غايە، ئەقىدە قۇياشى پارلىغاندەك بولغان. ياش ئابدۇللا تالىپ مەرىپەت يولىدا تەر ئاققۇزۇشقا، ئىجادىيەت سېپىدە پىداكارلىق كۆرسىتىشكە بەل باغلىغان. ئۇ 1943 ـ يىلى «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ «جەنۇب شامىلى» سەھىپىسىگە بېسىلغان «مەرىپەت ئانا» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. «پەزلى جىھاد» (پەزىلەت ئۈچۈن كۈرەشكۈچى) تەخەللۇسىدا كۆپلىگەن شېئىرىنى ئېلان قىلغان. ئارقا ـ ئارقىدىن «سەددىچىن» ناملىق تارىخىي داستانىنى، «توققۇز بۇلاقتا ساياھەت» قاتارلىق ئوچېركلارنىمۇ يازغان. 1946 ـ يىلى سېنتەبىردە ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىننى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، مەكتەپنىڭ ئۆزىدە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئابدۇللا تالىپنىڭ 1947 ـ ، 1948 ـ يىللىرى يېزىپ سەھنىلەشتۈرگەن «ئەركىن ـ جانان» ناملىق ئوپېراسى بىلەن «سۆيگىنىم ئەلا» ناملىق دراممىسى

جامائەتچىلىك ئىچىدە زور تەسىر قوزغىغان. بۇ دراملارنىڭ ئويۇنلىشى گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە قەتل قىلىنغان ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزى قاتارلىق شائىر ۋە دراماتورگلارنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىدىن كېيىن پەسكويىغا چۈشۈپ قالغان ئاقسۇ سەھنىلىرىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغان.

ئابدۇللا تالىپ ئەپەندى 1946 - يىلىدىن 1953 - يىلىغىچە ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1955 - ، 1956 - يىللىرى بېيجىڭ مەركىزىي مائارىپ ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1956 - يىلى سېنتەبىردە يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە مەسئۇل بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئوقۇلىدىغان ئېلىپبە، گىراماتىكا، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق كىتابلارنىڭ تەرجىمە ۋە تەھرىرلىكنى ئىشلىگەن. كېيىن، سولچىل سىياسەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئۆز خىزمىتىدىن چەتلەشتۈرۈلگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن مائارىپ ساھەسىگە ئالىمشىپ ئىشلەشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىپ، يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولغان. بۇ جەرياندا ئۇ مائارىپ تارىخى، چەت ئەللەر مائارىپ تارىخى، سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق، جۈملىدىن ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرنى ئۆگىنىشكە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، «سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق توغرىسىدا»، «دارىلمۇئەللىمىن مائارىپىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپىدىكى رولى»، «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ 100 يىللىق تارىخى»، «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىغا مۇقەددىمە» قاتارلىق ئىلمىي تەتقىقاتى ماقالىلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخى توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ئىلمىي تەتقىقاتى ماقالىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان مۇنەۋۋەر ئىلمىي تەتقىقاتى نەتىجىلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئابدۇللا تالىپ تەتقىقات ساھەيىمىزدىكى بوشلۇق — مائارىپ تارىخىمىز ھەققىدە بىرەرمۇ مۇكەممەل ئەسەر يوق بولۇشتەك ئەھۋالدا «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار» ناملىق ئىلمىي تەتقىقاتى كىتابىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان.

ئابدۇللا تالىپ ئەپەندى 1987 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ مائارىپقا بولغان ئەقىدىسىنى بوشاشتۇرماي، «مەرىپەت توغرىسىدا رۇبائىيلار»نى تەييارلىغان ھەمدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەرىپەت ئىدىيىسى»، «مەنىۋى مەدەنىيەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، «مىللىي مىراس ۋە ئەسىر ھوقۇقى»، «خەير - خوش، 20 - ئەسىر» قاتارلىق نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئىلمىي تەتقىقاتى ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، مىللەتنىڭ ئىستىقبالى مائارىپقا باغلىق ئىكەنلىكىنى، مەرىپەت شامىنى كۆتۈرگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەڭگۈلۈك شان - شەرەپ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى شەرھلىگەن.

ئۇستاز يازغۇچى، ئىجتىھاتلىق مائارىپ تەتقىقاتچىسى ئابدۇللا تالىپ ئەپەندى 60 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىسىدە كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە «قاينام ئۇركىشى»، «چالا تەگكەن ئوق»، «لالە - قۇربان»، «ئىگەرلىك ئات» قاتارلىق رومانلىرىنى، «جۇپ ھەيكەل»، «مەرىپەت ئانا»، «يىللار ۋە ئەقىدە»، «ئاچچىق تەربىيە، تاتلىق تەۋسىيە» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرىنى، «ئەركىن - جانان» ئوپېراسىنى، «سۆيگىنىم ئەلا» دراممىسىنى، «سەددىچىن»، «يايلاقتىكى ئىشلار»، «ئۇنتۇلماس خاتىرە» داستانلىرىنى تەقدىم قىلدى. ئىلمىي تەتقىقاتى ئەسەرلىرىدىن «ئۇيغۇر ئانتولوگىيىسىگە قوشۇلغان پارلاق نەمۇنە»، «مائارىپ پسىخولوگىيىسىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ھەققىدە»، «ئاقسۇ مائارىپىنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى»، «ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك»، «مەنىۋى مەدەنىيەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، «مائارىپ تارىخىدىكى ئۇلۇغ مۆجىزە — ‹ئانا دەرسلىك› شەجەرىسى»، «دارىلمۇئەللىمىن مائارىپىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپىدىكى رولى»، «يېزىق تارىخىدىكى ئۇلۇغ مۆجىزە» قاتارلىق مىراسلارنى قالدۇردى. بۇ ھارماس قەلەمكەش ئەۋلادلارغا يەنە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە پېداگوگىكىلىق پاراسەتكە دائىر 4000 ئورىگىناللىق ئەسلىمىسىنى مىراس قالدۇردى.

15 يېشىدا «بالا مۇئەللىم» دەپ ئاتالغان بۇ تۆھپىكار مائارىپچى پۈتكۈل ھاياتىنى مىللىي مائارىپقا، مىللىي مائارىپتا جان كۆيدۈرۈۋاتقان جاپاكەش باغۋەنلىرىمىزگە بېغىشلىدى. ئابدۇللا تالىپ ئەپەندىنىڭ ئىجادىيىتىدە مائارىپ، ئاقارتىش ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىلمىي تەتقىقاتى ئەسەرلىرى ۋە ماقالىلىرى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ، «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار» نى تۇنجى قېتىم يازغان مائارىپ تارىخچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا بىر مۇھىم ئابىدە تىكلەپ بەردى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەسەرلىرىدە مەرىپەتنى كۈيلەش، نادانلىققا قارشى تۇرۇش، جاھالەتنى سۆكۈش، مىللەتنى ئىلىم - پەن، مائارىپ ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش ئاساسىي تېما قىلىنغان. باللىق دەۋرىدە ئۇنىڭ قەلبىدە يېلىنجىغان مەرىپەت مەشئىلى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەقىدە مەشئىلى بولدى.

ئۇستاز ئەدىب، ئىجتىھاتلىق مائارىپ تەتقىقاتچىسى، كىچىك پېئىل، مۇڭداشقاق، خۇش چاقچاق، خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر بۇ قەلەم ساھىبى 2005 - يىل 28 - مايدا ئۇرۇمچىدە 81 يېشىدا بىز بىلەن ۋىدالاشتى. مەرھۇمنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى ئانا يۇرتى كەلپىن دىيارىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ يۇرتداشلىرى بۇ پەخىرلىك ئوغلانىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇردى. كەلپىننىڭ ياش شائىرى ئەخەت كەلپىن ئىنسانىي ئۆز مەرسىيىسىدە مۇنداق مىسرالارنى تۈزدى:

چالا قالغان ئىشىڭنى ئويلاپ،
ئۆركەشلىدى قايناملار ئەنە.
سەندىن سۆيگۈ ئالغان ئانا يۇرت،
مۇسىبەتتىن كۈچ تاپلار يەنە.

مەن ئابدۇللا تالىپ ئاكا بىلەن قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇش جەريانىدا ئۇنىڭ ئەمەلىيەتچىل پوزىتسىيىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان، ئاددىي - ساددا تۇرمۇش ئادەتلىرىنى كۆپ كۆرگەن، ھەر خىل مەسىلىلەر ھەققىدە ھاياجان بىلەن سۆزلىگەن چاغدىكى ئاۋازىنى كۆپ ئاڭلىغان. بىز ھازىر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغان بولساقمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىدە ئەقىدە مەشئىلىنى ياندۇرۇپ ئىجاد قىلغان ئىلمىي ئەمگەك مېۋىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىمىز يوق. بىز بۇ ئەمگەك مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولغان ۋاقتىمىزدا بۇ مويسىپىت يازغۇچىنى ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىمىز.

2007- يىل 16 - فېۋرال

---

ئاپتور: تونۇلغان ئەدەبىيات ئوبزورچىسى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى(M2)



# ھەق گەپ قىلغان ئوغلانغا بارىكاللا

**ئانىقىز مۇھەممەتسېيىت**

«كۆڭلى بۇزۇق ھەمىشە باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدەر.»

ــ ئۇيغۇر خەلق ماقالى (مەسئۇل مۇھەررىردىن قىستۇرما)

ئەسسالامۇئەلەيكۇم غايىۋانە پىكىرداش ئىنىم ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى.

مەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئىخلاسمەن ئوقۇرمىنى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىڭىزنى ياقتۇرۇپ ئوقۇغان، ئىچىمدە كۆپتىن كۆپ ئاپىرىن ئېيتقانىدىم. گەرچە بۇرۇنلا سىزنىڭ چىن، چۈچۈمەل چۇقانلىرىڭىزغا قارىتا تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرۈش نىيىتىم بولسىمۇ، قەلىمىمنىڭ ئاجىزلىقى مېنى توختىتىپ قويغانىدى. بۇ قېتىم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئىگىسىنى تاپالمىغان بەتنام» ناملىق بەدىئىي مۇلاھىزىڭىزنى ئوقۇغاندىن كېيىن رەھمىتىم ۋە ئويلىغانلىرىمنى سىز بىلەن شۇنداقلا كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشقۇم كەلدى. ئەسىرىڭىزنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى ئۈستىدە توختىلالمايمەن. بۇ ھەقتە باشتا دېگىنىمدەك قەلەمدە ناقىسمەن. ئەمما ئەسىرىڭىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تېما ۋە مەزمۇن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى بەزىبىر بىنورمال ھادىسىلەرنى ئېچىپ بەردى. مېنىڭ شۇ ھەقتە گەپ قىلغۇم بار. مەندىن قەلەمكەشلەرچە پاساھەتلىك، مەزمۇنى تېرەن پىكىرلەر چىقمىسىمۇ، ئاددىي ئەمما چىن گەپلەر چىقار دەيمەن.

ھەقىقەتەنمۇ، تولىمۇ يېقىمسىز، سەت بۇ «ئاتالما» بەزى ھاللاردا بارلىق ئايال زاتىغا ــ ئۇ مەيلى سەبىي قىز ياكى موماي بولسۇن، پەزىلەتلىك ئايال ياكى بۇزۇق ئايال بولسۇن قارىتىلىپ ئىشلىتىلىۋېرىدۇ. تەبىئىيكى «جالاپ» دېگەن بۇ سۆزگە چوڭقۇر ھالدا ئاياللىق جىنس تامغىسى بېسىلغان. ئەگەردە شۇ قەبىھ سۆز چىقىپ قالسا، شۈبھىسىزكى، ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا ئايال كىشى كېلىدۇكى، ھەرگىز ئەر كىشى كەلمەيدۇ. بۇنى تىلدىكى جىنس

**خانىم ـ قىزلىرىمىز نىمە دەيدۇ**

تۇسى دەمدۇق؟

مەيلى نېمە بولسۇن، بۇ يەردە شۇنداق بىر ھەقىقەت باركى، ھەر قانچە يولدىن چىققان بۇزۇق خوتۇنمۇ ھامان ئەر كىشى بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدۇكى، ئايال كىشى بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلمايدۇ. ئەر كىشى بولمىسا قايسى ئايال كىشى كىم بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدىكەن؟ كىشىنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى قوزغايدىغىنى، ئاياللارنى ئەڭ ھاقارەتلىك سۆز ــ ئاتالما بىلەن تىللاپ سېستىدىغان، كۆزگە ئىلمايدىغان، دەپسەندە قىلىدىغان كىشىلەر دەل پەزىلەت جەھەتتىن تېخىمۇ ناچار، بۇزۇق ــ رەزگى كىشىلەر ــ ئادەمىي ھايۋانلاردۇر. ھەممىمىز كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇۋاتىمىزكى، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، باغرى ھەقىقىي ئىنسانىي خىسلەت بىلەن سۇغۇرۇلغان بىر ئەر ھەرگىزمۇ ئاياللارنى يوقىلاڭ ئىشلار تۈپەيلىدىن تىللىمايدۇ، ئۇرمايدۇ، پەس كۆرمەيدۇ، بەلكى ئىززىتىنى قىلىدۇ، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئانىسى، دەپ ھۆرمەتلەيدۇ. ھەتتاكى بىر شەرمەندە ئايالنى كۆرسىمۇ چىرايلىق نەسىھەت قىلىدۇ، ئېچىنىدۇ، ھەرگىز مەسخىرە قىلىپ سەت تىللىمايدۇ. ئاقىللار يامانلىقنى يامانلىق بىلەن ئەمەس چىرايلىق گەپ، توغرا يول بىلەنلا تۈزەتكىلى بولىدىغانلىقنى يەكۈنلەپ چىققان.

سىز ئەسىرىڭىزدە بايان قىلغاندەك بەزىدە بىر پەزىلەتلىك ئايالنىڭ ئىززەت ــ ھۆرمىتى ئىككى كويلۇق شاپاق ــ شۆپۈكتىنمۇ پەس ھالدا خارلىنىپ قالىدۇ. بىر پاكىز قىزنىڭ ئۆز ھاياسى ئۈچۈن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشى ئۇنىڭغا ئاھانەتلىك بەتنامىلارنى سۆرەپ ئەكېلىدۇ. ئەمما بۇ ئاشۇ ئاياللار پەزىلىتىنىڭ «گۇناھى»مۇ؟...

ياق! پەزىلەت پەزىلەتلىك ئادەملەرگە موھتاج. ئەرزىمەس ئاچچىق، تۇترۇقسىز غەزەپ تۈپەيلى ئۆزىنىڭ پۇشتىپاناھ ئانىسىدەك، ئاچا ـ سىڭىللىرىدەك قىز ـ ئاياللارنى ئەڭ پەس ۋە ھاقارەتلىك تىلدا تىللاش ھەقىقەتەنمۇ كىشىلەردىكى ۋىجدانسىزلىققا ئىشارە. بىر ئىنساننى ئۇنىڭدا يوق ئەيىب ـ نۇقسانلار بىلەن ھاقارەتلىگەن كىشىگە شۇ خىل ئىللەت، بالا قوش كەلگەي.

ھەقىقەتەنمۇ ئارىمىزدا ئاشۇ نومۇسلۇق ئاتالمىغا چۈشىدىغان ئاتالمىش قىز ـ ئاياللىرىمىزمۇ يوق ئەمەس. بىز شۇنداق تايتىن چىققان سەسكىنىشلىك پاسىقلارنىڭ يىرگىنىشلىك ھېكايىلىرىنى تولا ئاڭلايدىغان بوپقالدۇق. ئەمما بىر ئايالنىڭ شۇ خىل چۈشكۈن، بۇزۇق يولنى تاللاپ قېلىشىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك يەنىلا شۇ ئەرلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. يەنە كېلىپ ئاياللارنى جالاپتىن ـ جالاپقا، بۇزۇقتىن ـ بۇزۇققا سېلىپ، نومۇس قىلماي ئاپئاشكارا تىللايدىغان نۇرغۇن ئەر كىشى ئەمەلىيەتتە بۇزۇقچىلىققا ھەممىدىن بەكرەك دۇم چۈشكەنلەردۇر. نۇرغۇن پەرىشتە سۈپەت پاك، مەسۇم قىزنىڭ، ئارزۇ ـ ئارمىنى ئۇرغۇپ تۇرغان خان ـ خېنىملارنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىشىنى ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ھالدا ئەرلەردىكى بۇزۇقچىلىق، شەھۋانىيەتچىلىك، نەپسى بالا زىنا ئاچ كۆزلۈكى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەگەر دادىلار، ئاكىلار، ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىغا، سىڭىللىرىغا، خوتۇنلىرىغا جايىدا ئىگە بولسا ۋە يەنە باشقىلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىغا ھارام نىيەتتە بولمىسا ئۇلار بۇزۇلغايمۇ؟ ھامىي بولۇپ ئىگىدارچىلىقىدا چىڭ تۇتۇپ ئولتۇرسا ئۇلار نەلەردە يۈرۈپ بۇزۇلۇر؟ ھەقىقەتەنمۇ ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى، يەنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىگە، ئاندىن خوتۇنى، ئائىلىسى، پەرزەنتلىرىگە بولغان كەسكىن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ خىرەلىشىشى تەبىئىي ھالدىلا تالاي نامى سېسىقنى مەيدانغا كەلتۈرمەكتە. ۋەھالەنكى، زالالەتنى يامان تىل بىلەنلا يوقاتقىلى بولماس. كۆڭلىگە ياقمىغان ھەرقانداق بىر قىز ـ ئايالنى ياكى ئۇلارنىڭ ئىش ـ قىلىقىنى تۇتۇۋېلىپلا ئۇلارنى ئەڭ سېسىق ـ قەبىھ تىللار بىلەن ھاقارەتلەش ۋە يوقىتىن ـ يوق بەتناملار بىلەن قارىلاش بىلەن ھېچقانداق ئاچچىق چىقمايدۇ. بىر ئايالنى ھاقارەتلەش نوچىلىقمۇ ئەمەس. قۇرۇق ئاچچىق، مەنىسىز سېسىق غەزەپ، يالتىراق مەمەدانلىقنىڭ قولىدىن نېمە كەلسۇن؟

تىل ــ دىلنىڭ كارنىيى. دىلىمىز، قەلبىمىز، پەزىلىتىمىزدە نېمە بولسا زۇۋانىمىزدىن شۇ چىقىدۇ، ھەرىكىتىمىزدە شۇ ئىپادىلىنىدۇ. بىراۋنى «رەسۋا» دەپ تىللىساق، ئېنىقكى، ئۆزىمىزنىڭ رەسۋالىقى چىقىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئىنىم ئابدۇرەھمان، سىز، «بۇزۇق دېگەننىڭ ئۆزى بۇزۇق» دەپسىز. ئەگەردە ئەسىرىڭىزدە ئىپادىلىگەن ئادەم كۆپ يېزا بازىرىدا تېڭىلچاق كۆتۈرۈپ، چىرايلىق قىزنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان بىر ساددا ئاننى ئىككى كويلۇق تاۋۇزى چۈشۈپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى ھاقارەتلىگەن بۇرۇتلۇق قوپاللىق بىلەن تىل سېلىپ تىللىغىچە، سىلىق ھالدا: «جان ئاچا، كۆزۈڭگە قاراپ ماڭساڭچۇ» دېگەن بولسىمۇ، ئاشۇ ناتىۋان ئايال يۈرىكى ئېزىلگەن، خىجىل بولغان، خۇش ئىتائەتچان ھالدا قايتا ـ قايتا كەچۈرۈم سوراپ ئۆزرە ئېيتماسمىدى؟ شىردەك ھۆركىرەپ قوپالايدىغان قوپال ئەرنىڭ كۆڭلىمۇ، نازۇك ئايالنىڭ كۆڭلىمۇ ئازادىلىك، پاكىز ھۆرمەت ئىچىدە بىر ـ بىرىگە مېھرىلىك يول بەرمەسمىدى؟...

ھەقىقەتەنمۇ روھى بۇزۇلغان كىشىنىڭ تىلى بۇزۇلىدۇ؛ ھەرىكىتى قوپال، ھاياسىز، ۋەھشىي، يىرگىنىشلىك كېلىدۇ... ئەتراپىمىزغا قاراپ باقايلىچۇ؟ بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ ئەدەب بىلەن يول، قول بېرىدىغان ئادەم قانچىلىك؟ سىز ئەسىرىڭىزنىڭ ئاخىرىدا تىلغا ئالغان پەزىلەتلىك ئەردىن قانچىلىك چىقار؟... سىز ۋە شۇ سان ژۇرنالدا ئەرلەر ھەققىدە كۆيۈنۈپ، خانىم ـ قىزلىرىمىزغا بولغان يۈكسەك بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن «دۇنيا ئەردەپ يىغلايدۇ»(شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى«مەدەنىيەت بوستانى» پروگراممىسى مۇشۇ مەزمۇن بىلەن «ئەرنىڭ غېمى ــ ئەلنىڭ غېمى» دېگەن تېمىدا مەخسۇس سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ يىل 8 ـ مارتتا ــ «خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمى» نىڭ 97 ـ يىللىقىغا نىشانلاپ كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ــ مەسئۇل مۇھەررىردىن) دەپ قەلەم تەۋرەتكەن نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن، «ئەرلەرگە خىتاب»دەپ قەلەم تەۋرەتكەن ئابلىز ئىبراھىم دولان قاتارلىق غايىۋى پىكىرداش ئىنىلىرىم ــ نەزەرىمىدىكى ھۆرمەت ساھىبلىرى تىلغا ئالغاندەك، ئەرلەر ئاياللارنىڭ قانداق بولۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا تۇتقان ھەر بىر مۇئامىلىسى تەبىئىي ھالدا ئاياللارنى مەلۇم يۆنىلىشكە يېتەكلەيدۇ. بىر ئايالغا ھومىيىپ ھۆركىرەپ، تىللاپ بېقىڭ. ئۇ ھەر قانچە ياۋاش ئايال بولسىمۇ ھامان ئىچىدە غۇم ساقلايدۇ ۋە ھەتتا سىزگە قارشى تىل سالىدۇ، سىزنى كۆزگىمۇ ئىلمايدۇ. يەنە، بىر ئايالغا ئەدەب بىلەن سالام قىلىپ بېقىڭ. ئۇ مۇز چىراي، توڭ قاپاق بولسىمۇ سىزگە خۇش تەبەسسۇم قايتۇرىدۇ. بىر پەزىلەتلىك ئايالغا ئەڭ زەھەرلىك تىللار بىلەن توقى ـ بەتنام چاپلاپ، ئۇنىڭ گۈلدىنمۇ نازۇك دىلىغا ئازار بەرسىڭىز، تەقدىرى ئەزەل سىزنىڭ كۆزىڭىزدىنمۇ ھامان بىر كۈنى

ياش چىقىرىدۇ. قىز ـ ئاياللارغا زەھەرلىك تىل، ئېلاس قول سېلىش ماھىيەتتە ئۆز جىنىغا تىغ ئۇرۇش بىلەن باراۋەردۇر. چۈنكى سىز تىل سېلىپ تىللاۋاتقىنىڭىز، توقى ـ بەتنام ئارتىۋاتقىنىڭىز، ياكى بولمىسا خۇمسىلارچە يامان يولغا باشلاۋاتقىنىڭىز، ۋە ياكى كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنچۇقتا، قونچاقتا مۇئامىلە قىلغانـدەك بەتبەخـتلەرچە شـۆلگەي ئېقىتىۋاتقىنىڭىز تۇپ نېگىزىدىن ئالغاندا سـىزنىڭ قېرىندىشـىڭىزدۇر، سىڭلىڭىزدۇر، ۋە بەلكىم كەلگۈسىدىكى پەرزەنتىڭىزنىـڭ ئانىسـىدۇر. بىر ئاجىزە ياش تۆكسە، بىر ئانا ياش تۆككەن بولىدۇ. بىر ئانىنىـڭ يېشى زېمىننى يىغلىتىدۇ. بىر شائىر شۇنداق دەپ يازغان:

*يىگىت بول، تۆكمىگىن مەزلۇم كۆز يېشى،*
*ھەر ياشنىڭ تامچىسى ـــ قىساسنىڭ تېشى .*
*شۇ تاش زەرەرىدىن ساقلانغان كىم بار،*
*ئەزەلدىن نى سۇلتان ئۆتكەن يۇرت بېشى.*

قىزلارغا، ئاياللارغا يېپىلغان بەتنام تونى ئەڭ ئالدى بىلەن شۇ قىزلار ـ ئاياللارنىڭ ھامىيلىرى بـولمىش ئەرلەرگە مەنسۇپتۇر. ئەي ئەرلەر، ئۆزۈڭلەرچە قىز ـ ئاياللارغا قالايمىقان تون پىچىپ، ھاقـارەت تـاجىنى كيـدۈرمەڭلار. تىلىمىـزدىن نەپـرەت ئەمەس، مېھـرـ مۇھەببەتلىك سۆزلەر ياغسـۇن؛ دىلىمىـز شـەھۋەت بىـلەن ئەمەس، رەھمەت بىلەن تولسـۇن؛ بىـر ـ بىرىمىـزگە غەزەپ بىـلەن ئەمەس، ئەدەب بىلەن قارىيالىساق، بېشىمىزدا ئەگـىپ يـۈرگەن ھاقارەتلىـك توقى ـ بەتناملار ئېگىسىنى، بارار جايى بولمىش ھالاكەت ئۆڭكۈرىنى تاپىدۇ، يوقىلىدۇ.

مەقسىتىم، ئەرلەر، ئەركەكلەر ھەققىدە كۆيۈنۈپ سۆزلىگەن سىـز، نۇرمـۇھەممەت ئـۆمەر ئۇچقـۇن، ئـابلىز ئىبـراھىم دولان ۋەيەنە قەلىمىدىن دۇردانىلەر تۆكۈۋاتقان لەۋزى ھـالال، ئىمـان ـ ئېتىقـادى ساپ بارلىق قەلەم ساھىبىغا تەشەككۈر ئېيـتىش بولسـىمۇ گەپلىـرىم ئىزتىراپ ۋە ھاياجاندىن تـاققۇ ـ تۇققـۇ ھالـدا شـاخلاپ كەتتـى، كەچۈرەرسىلەر.

2007 ـ يىل 20 ـ يانۋار، شەھىرى قەشقەر

---

ئاپتور: قەشـقەر ئېلېكتـر شـىركىتى كانسۇ ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئىشچىسى. بۇ يازما ئاپتورنىڭ تۇنجى ئەسىرى (M3)

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

*ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:*

*1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم ـ فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.*

*2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزىگە قۇرئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى ـ ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇرئارىلىقى زىچ، سۆز ـ جۈملىلەر گىراماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ، كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس.*

*3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىلارنىڭ ئاپتورلىرى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.*

*4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت ـ ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.*

*5. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان ـ رەقەم بىلەن ئالماي، شۇيەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر ـ جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.*

*6. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سورۇشتۇرۇش ھاجەت ئەمەس، زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.*

*7. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەردەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىلىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىشى كېرەك.*

*8. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.*

*9. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئۆز يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.*

***ـــ «ئىنجاك مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى***

# ئاچچىق كۈلكىلەر



## ھايات

تۇنجى كۈنى تەڭرى سىغىن كالىنى يارىتىپتۇ. تەڭرى كالىغا:

ــ سەن ھەر كۈنى ئېتىزلىقتا ئىشلەيسەن. ئاندىن يەنە سۈتۈڭدە مۇزايلىرىڭ بىلەن خوجايىنىڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى باقىسەن. ساڭا 60 يىل ئۆمۈر بېرىدىم، ــ دەپتۇ.

ــ بۇ دوزاختەك كۈنلەردە 60 يىل ئىشلەپ نېمە قىلىمەن! ــ دەپتۇ كالا دەرغەزەپ بىلەن. ــ ماڭا 20 يىل يېتەرلىك، 40 يىلنى ئۆزىڭىز ئېلىۋېلىڭ.

تەڭرى كالىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ.

ئەتىسى تەڭرى ئىتنى يارىتىپتۇ. تەڭرى ئىتقا:

ــ سەن ھەر كۈنى كىشىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ، بىرەرسى كەلسە ۋاڭشىپ قاۋايسەن، ساڭا 20 يىل ئۆمۈر بېرىدىم، ــ دەپتۇ.

ــ 20 يىل ۋاڭشىپ قاۋىسام، بۇ ۋاقىت بەك ئۇزۇنكەن، ــ دەپتۇ ئىت ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا، ــ ماڭا ئون يىل يېتەرلىك. قالغان ئون يىلنى قايتۇرۇۋېلىڭ.

تەڭرى ئىتنىڭ تەلىپىگىمۇ قوشۇلۇپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى تەڭرى ئادىمزاتنى يارىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

ــ سېنىڭ ھەر كۈنى قىلىدىغان ئىشىڭ تاماق يېيىش، ئۇخلاش، ئويۇن - تاماشا قىلىش، تۇرمۇشتىن لەززەتلىنىش. ساڭا 20 يىل ئۆمۈر بېرىدىم، ــ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ئادەم نارازى بولغان ھالدا:

ــ نېمە دېدىڭىز؟ ماڭا ئاران 20 يىل ئۆمۈر بېرەمسىز، تەڭرىم؟ مەن ئۆزۈمنىڭ 20 يىلىنى، كالىنىڭ سىزگە قايتۇرۇۋەتكەن 40 يىلىنى، يەنە ئىت ياراتمىغان ئون يىلنى ئالاي. 70 يىل خېلى بولىدۇ. سىزنىڭچە قانداق؟

ــ بوپتۇ، دېگىنىڭدەك بولسۇن، ــ دەپتۇ تەڭرى خۇرسىنىپ.

نەتىجىدە، ئالدىنقى 20 يىلدا بىز تاماق يەپ، ئۇخلاپ، لەززەتلىنىمىز، كېيىنكى 40 يىلدا ئۆيدىكىلەرنى بېقىش ئۈچۈن (كالىدەك) جان تىكىپ جاپالىق ئىشلەيمىز، ئەڭ ئاخىرقى ئون يىلدا ھەر كۈنى ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئۆتكەن - كەچكەنلەر بىلەن سالام - سەھەت قىلىشىمىز.

---

«ياشلار كۆرگەزمىسى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىل 12 - سانىدىن **ئەسقەر ئەھمەدىي** تەرجىمىسى. تەرجىمان: قەشقەر شەھىرى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

# قىرتاق پاراڭلار

## كەينىدىكى غەيۋەتلەر

ھۆججەت سومكىسىنى قولتۇقۇمغا قىستۇرۇپ «benz»دىن چۈشسەم: چوقۇم پارىخور ئەمەلدار.

سوت فورمىسىنى كىيسەم: ئۇ نەچچە جاۋابكار ۋە دەۋاگەرنى شىلىۋالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.

كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ سىڭلىم بىلەن كاتتا پىكاپتا «تاللا بازار»لارنى ئايلانسام: بۇ ئۇنىڭ نەچچىنچى ئاشنىسى ئىكەنلىكىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

قاپقارا كۆزەينەك تاقاپ ئاكا - ئۇكا بۇرادەرلەر بىلەن مەيخانىدا تۇغۇلغان كۈنۈمنى تەبرىكلىسەم: قارا كۆزەينەك تاقىۋالغىنى چوقۇم

قارا جەمئىيەتنىڭ كاتتىۋېشى.

قىڭراقتىن بىرنى سېتىۋېلىپ، تاماق ئېتىپ مېھمان كۈتكىلى پالاقلاپ ئۆيگە چاپسام: قاتىل! دەرھال 110غا تېلېفون قىلايلى.

قاراتمرگە چۆمۈلۈپ ئۈچ چاقلىق رىكشا ھەيدىسەم: بۇقىدەك قاۋۇل تۇرۇپ كۆپرەك پۇل تاپالمىغىنىنى، ھۇ، يارىماس!

بوزۇگخەي قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىل 12 ـ ئاي(ئالدىنقى يېرىم ئاي)لىق سانىغا بېسىلغان. يۇنۇپجان مۇھەممەت تۇغيان تەرجىمىسى. تەرجىمان: ج ك پ ئاۋات ناھىيىلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ خادىمى

# ئىككى مەسەل

## تەجرىبىلىك قۇرت

ياش قۇرتلار كىتابلارنىڭ مۇقاۋىسىنى يېيىشلىككەن، دەپ ئاڭلاپ، قېرى قۇرتتىن باشلاپ يەپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— ھەرگىز بولمايدۇ، — دەپتۇ قېرى قۇرت، — كىشىلەر يۈزەكى زىيانلارغا بەكراق سەزگۈر كېلىدۇ، شۇڭا بىز كىتابلارنىڭ ئىچىنى يەپ قۇرۇقداپ قويساقمۇ، ئۇلار ئاسانلىقچە بىلەلمەيدۇ.

بۇ مەسەل«فېلىيەتونلاردىن تاللانما»ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل 11 ـ ئاي(كېيىنكى يېرىم ئاي)لىق سانىغا بېسىلغان.

## توشقاننىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى

توشقان ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ كومپيۇتېردا خەت بېسىۋاتسا، تۈلكە ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ — دە، توشقانغا: — سېنى يەيمەن! — دەپتۇ.

— ئالدىرىما، مەن باكالاۋرلىق ئىلمىي ماقالەمنى پۈتتۈرۈۋالاي، — دەپتۇ توشقان جاۋابەن.

— قانداق باكالاۋرلىق ئىلمىي ماقالىسى ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تۈلكە ئەجەبلىنىپ.

— ماقالەمنىڭ تېمىسى«توشقان نېمە ئۈچۈن تۈلكىدىن كۈچلۈك؟»دەپ جاۋاب بېرىپتۇ توشقان سىپايە قىياپەتتە.

تۈلكە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ: — بەك كۈلكىلىك گەپكەن بۇ، سەن قانداقسىگە مەندىن كۈچلۈك بولىسەن؟!

توشقان ئاۋۇالقىدەكلا تەمكىن قىياپەتتە: — ئىشەنمىسەڭ ئارقامدىن ماڭ، ساڭا بۇنى ئىسپاتلاپ بېرەيمەن، — دەپتۇ — دە، تۈلكىنى ئۆڭكۈرگە باشلاپ كىرىپتۇ، تۈلكە ئۆڭكۈردىن قايتىپ چىقماپتۇ.

توشقان يەنە ئۆڭكۈر ئالدىدا خەت بېسىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا بۆرە توشقاننىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئوخشاشلا توشقانغا:

— سېنى يەيمەن! — دەپتۇ.

— ئالدىرىما، مەن باكالاۋرلىق ئىلمىي ماقالەمنى پۈتتۈرۈۋالاي، ماقالەمنىڭ تېمىسى «توشقان نېمە ئۈچۈن بۆرىدىن كۈچلۈك؟»دەپتۇ توشقان سىپايە قىياپەتتە.

بۆرە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ: — سەن قانداقسىگە ئۆزۈڭنى مەندىن كۈچلۈك دېيىشكە پېتىندىڭ؟!

— بۇ راست، ساڭا ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن.

توشقان شۇنداق دەپ بۆرىنىمۇ ئۆڭكۈرگە باشلاپ ئەكىرىپتۇ، بۆرە ئۆڭكۈردىن قايتىپ چىقماپتۇ.

توشقان ئۆڭكۈر ئالدىدا ماقالىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆڭكۈرگە كىرىپ، ماقالىسىنى سېسىق كېكىرىپ ياتقان شىرغا تاپشۇرۇپتۇ.

(بۇيەردە)ئىلمىي ماقالىنىڭ تېمىسى ھېچقانچە مۇھىم ئەمەس، مەزمۇنىمۇ مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى، ئىلمىي ماقالىنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىدە.

بۇ مەسەل«ئالاھىدە تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل ئالدىنقى يېرىم يىللىق توپلىمىغا بېسىلغان. مەسەللەرنىڭ تەرجىمانى: ئابلىز ساقى پەزىلەتشاھ. تەرجىمان: ج ك پ قاراقاش ناھىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خادىمى

## بارغانسېرى ئوخشاپ قېلىش

بۇ يىللاردا بەزى پروفېسسورلار مەدداھلىق قىلىپ تەرەپ — تەرەپتىن پۇل تېپىپ، بارغانسېرى سودىگەرگە ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ؛ بەزى سودىگەرلەر ئۆزىنى مۇنبەرگە بېغىشلاپ، ئەسەر يېزىپ نەشر قىلدۇرۇپ، بارغانسېرى پروفېسسورغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ.

بەزى دوختۇرلار ئۆلۈۋاتقانلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ قۇتقۇزماي، جان بىلەن ئوينىشىپ بارغانسېرى قاتىلغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ؛ بەزى قاتىللار چاققانلىق بىلەن قول سېلىپ كېيىنكى ئاپەت(يامان ئاقىۋەت)نى قالدۇرماي، بارغانسېرى دوختۇرغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ.

بەزى ساقچىلار زورلۇق ـ زومبۇلۇق(ئۆكتەملىك)قىلىپ، بوزەكنى بوزەك ئېتىپ ياكى ياماندىن قورقۇپ، بارغانسېرى لۈكچەككە ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ؛ بەزى لۈكچەكلەر ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، جۈرئەتلىك بولۇپ، بارغانسېرى ساقچىلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ.

ۋاڭ جىڭ قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون«پارتىيە قۇرۇلۇشى تەرمىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىل 8 ـ سانىغا بېسىلغان. ئابلەت ئابلىز سەردارىي تەرجىمىسى. تەرجىمان: ئونسۇ ناھىيە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ... نىڭ باھاسى

چولپاننىڭ باھاسى — ئېلانغا چىققاندا بىلىنەر.

ساھىبجامالنىڭ باھاسى — بايۋەچچىگە تەگكەندە بىلىنەر.

بايۋەچچىنىڭ باھاسى — تۇتقۇن قىلىنغاندا ئاشكارىلىنار.

ئەر ـ خوتۇننىڭ باھاسى — قايسىبىرى ئاجرىشىش تەلىپى قويغاندا بىلىنەر.

خىيانەتچى ئەمەلدارنىڭ باھاسى — تۈرمىگە تاشلىنار چاغدا ئاشكارىلىنار.

قەلەندەرنىڭ باھاسى — قەلەندەر دېگەن نېمىگە ئەرزىسۇن!

يەن خېجىڭ قەلىمىدىكى بۇ قىسقا فېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىل 2 ـ سانى (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق) غا بېسىلغان. ئەزىز تۇردى ئاقھون تەرجىمىسى. تەرجىمان: خوتەن ۋىلايەت مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى

## ئادەمي سالام ـ سەھەت ئىلك ئېلشقا، خالسانە ياردەم بارسكاللا ـ رەھمەتكە تەشنا بولماقتا

بۇ، ۋەتەندىن ئايرىلغىنىغا توپتوغرا 20 يىل بولغان بىر جۇڭگولۇقنىڭ ئېلىمىزگە كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى ئىنكاسى.

بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇن كانادادا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ما لىلى خانىمنىڭ ۋەتەنگە كەلگەندىن كېيىنكى تەسىراتلىرى ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمايدۇ.

ــ ۋەتەنگە كېلىپ، ھەممە نەرسىنىڭ ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ـ ھەس قالدىم، ــ دەيدۇ ما لىلى خانىم، ــ دۇرۇس، ئېلىمىزدىكى ئالەمشۇمۇل تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىدىكى باياشاتلىقنى كۆرۈپ بېشىم كۆككە يەتتىيۇ، لېكىن بەزىبىر يېڭىچە ئىللەتلەر مېنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇردى. بولۇپمۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي ۋە مەدەنىيەت ساپاسى نۆۋەتتىكى ماددىي تەرەققىياتنىڭ ئارقىسىدا قاپتۇ؛ كىشىلەر بىر ـ بىرىدىن ياتسىرايدىغان، قاچىدىغان ھەتتا زىيادە ئېھتىيات قىلىدىغان بوپكېتىپتۇ.

### «ئادەمي سالىمىڭىزغا لايىق ئىللىق چىرايلار قالماپتۇ»

ما لىلى خانىم 1986 ـ يىلى كانادادا ئوقۇشقا چىقىپ، ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، شۇ يەردە يەرلىشىپ قالغانىكەن. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى 20 يىلدىن بۇيان بۇرنىدا يەر تىرەپ ئىشلەپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ شىركىتىنى قۇرۇپ چىقىپتۇ. 2006 ـ يىلى سېنتەبىردە ئۇلار تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن جۇڭگوغا كەلگەنىكەن.

ــ بۇ ئەزىزانە تۇپراققا قەدەم قويۇپلا ئىلگىرىكى «تاماق يېدىڭىزمۇ؟» دېگەن سالام ـ سەھەتنىڭ «ياخشىمۇسىز» غا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم، ــ دەيدۇ ما لىلى خانىم بۇرۇنقى چاغلارنى قىزىقچىلىق بىلەن ئەسلەپ، ــ ئۇ زامانلاردا يېقىن ـ يۇرۇقلار ئۇچراشقاندا مەيلى ئەتىگەندە بولسۇن، چۈشتە بولسۇن، ياكى يولدا كېتىۋاتقاندا بولسۇن، ھەتتاكى ھاجەتخانىدا بولسۇن «تاماق يېدىڭىزمۇ؟» دەپ سالاملىشاتتى. مانا، ئارىدىن 20 يىل ئۆتۈپتۇ؛ شۇ چاغلاردىكى ئادەت بويىچە «تاماق يېدىڭىزمۇ؟» دەپ سالىمىمغا كۈلۈپ كېتىۋاتىسىلەر ... ھەي ي ... !

شۇنداق. بىزنىڭ سالام ـ سەھەتلىرىمىزمۇ مودىلىشىپ كەتتى. لېكىن سالام ـ سەھەتتىكى بىپەرۋا ـ توڭلۇقىمىز ما لىلى خانىمدەك كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرماقتا. ما لىلى خانىم چەت ئەلدە ئۇزۇن مۇددەت تۇرغاچقا باشقىلار بىلەن قىزغىن سالاملىشىشقا ئادەتلەنگەنىكەندۇق. ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋەتەندىن ئايرىلىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان ما لىلى خانىم جۇڭگوغا قەدەم بېسىشى بىلەن ئۆزىگە ئوخشاش قارا چاچلىقلارنى كۆرۈپ بەكمۇ ھاياجانلىنىپتۇ. شۇڭا ئۇ ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا ئۇچرىغانلارغا قىزغىن سالام قىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ قىزغىن سالىمىنى ئىلىك ئالىدىغان ئادەم چىقماپتۇ، ھەتتا ئەتراپتىكىلەرنىڭ سوغۇق تەلەتى ئۇنى بەكمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويۇپتۇ.

ما لىلى خانىم ئاتا ـ ئانىسى تۇرىدىغان مەھەللىگە كىرىشىگە، ئۇنىڭغا 50 ـ 60 ياشلاردىكى بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ. ما لىلى خانىم بوۋايغا قىزغىن سالام قىپتۇ:

ــ سالامەت تۇردىلىمۇ؟

لېكىن ھېلىقى بوۋاي ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا قايرىلىپمۇ قارىماپتۇ. بۇ سوغۇق مۇئامىلىنى كۆرگەن ما لىلى خانىم: «بۇ بوۋاي ئېھتىمال سالىمىمنى ئاڭلىماي قالغان بولسا كېرەك» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ. ما لىلى خانىم لىفتنىڭ بوسۇغىسىغا كەلسە ئۇ يەردە ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئىككى ئايال تۇرغىدەك. ئۇ، بۇ ئىككىسىگىمۇ قىزغىن سالام قىپتۇ. لېكىن ھېلىقى ئىككى ئايال پەرۋا قىلماي بۇتتەك قاراپلا تۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا ئىچى ئاچچىق بولغان ما لىلى خانىم: «سالام ـ سەھەت دېگەن ئاغزىنىڭ يېلىنغۇ، بۇ خەق نېمانچىلا توڭدۇ؟» دەپتۇ ئۆز ـ ئۆزىگە غۇدۇراپ.

ئۇ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى ئانىسىغا دەپ بەرگەنىكەن، ئانىسى كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ سىز بۇ يەردىن كېتىپ قالغىلى 20 نەچچە يىل بولغان تۇرسا، قولۇم ـ قوشنىلار سىزنى تونۇمايدۇ ـ دە! خەق ناتونۇش ئادەمنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالاتتىمۇ؟

«سالام ـ سەھەت دېگەن ئادەملەردىكى ئەڭ ئەقەللىي ئەدەب ـ يوسۇنغۇ؟ ناتونۇشلار بىر ـ بىرىگە سالام قىلسا بولمامدىكەن؟ كانادادا مەيلى مەھەللىلەردە بولسۇن، مەيلى ئاممىۋى سورۇنلاردا بولسۇن، ئۇچراشقانلار تونۇسۇن ـ تونۇمىسۇن بىر ـ بىرىگە سالام قىلىدۇغۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ما لىلى خانىم بەكمۇ مەيۈسلىنىپتۇ.

### «باشقىلارغا ياردەم قىلغان ئادەم ئوۋالچىلىققا قالىدىكەن»

ما لىلىنىڭ كانادادىكى ئۆيى تورونتونىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى چەترەك بىر بازاردا بولغاچقا، كوچا ئاپتوبۇسى ياكى تاكسى دېگەنلەر بەكمۇ ئاز قاتنايدىكەن. شۇڭا، بولۇپمۇ كۆز باغلانغاندىن كېيىن كوچا ئاپتوبۇسىغا ئۈلگۈرەلمىگەن ياكى تاكسى تاپالمىغانلار ھەمىشە كىشىلەرنىڭ ماشىنىلىرىنى توسۇپ شۇنىڭغا چىقىۋالىدىكەن. لېكىن ماشىنا ئىگىلىرى ئۇنداقلاردىن ھەق ئالمايدىكەن. ئۇنداق كىشىلەر شەخسلەرنىڭ ماشىنىلىرىغا «خەيرلىك كەچ، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم» دەپ قويۇپلا چىقىدىكەن. مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن «خوش ئەمىسە، رەھمەت سىزگە» دەپ قويۇپ چۈشۈپ كېتىۋېرىدىكەن. ما لىلى خانىممۇ تالاي قېتىم باشقىلارنىڭ ماشىنىلىرىغا چىقىۋالغان، ھەم تالاي قېتىم يولدا قالغانلارنى ماشىنىسىغا سېلىۋالغانىكەن.

دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە ما لىلى خانىمنىڭ سىڭلىسى ۋە دوستلىرى ئۇنى دېڭىز ساھىلىغا سەيلىگە ئاچىقىپتۇ. ئۇلار كەچلىك غىزاسىنى يەپ شەھەرگە قاراپ ماڭغىچە سائەت ئوندىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ماشىنىسى دېڭىز بويىدىكى يولنىڭ ئادەم شالاڭ بىر دوقمۇشىغا كەلگەندە، قورسىقىنى چىڭ تۇتقىنىچە توڭگۈلۈپ ئولتۇرغان بىر يىگىتنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ، ئۇنى يۆلىۋالغان قىز مالىڭلارنىڭ ماشىنىسىنى توسۇپتۇ.

ــ توختىڭا، ــ دەپتۇ ما لىلى خانىم ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقان دوستىغا، ــ بۇ يىگىتنى دوختۇرخانىغا ئالغاچ كېتەيلى.

لېكىن ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەي ـ تۈگىمەيلا ماشىنىدىكىلەر تەرەپ ـ

تەرەپتىن ئۇنى جىملەپ كېتىپتۇ:

— ۋىيەي، نېمىدېگىنىڭىز ئۇ؟

— ئەگەر ئۇ يامان غەزەرلىك ئادەم بوپقالسىچۇ؟

— ...

— بىچارە يىگىت قورسىقى ئاغرىپ بولالمايۋېتىپتۇ، — دەپتۇ ما لىك خانىم، — كۆرۈپ تۇرۇپمۇ نېمانداق ئىشەنمەيسىلەر؟

ئۇ، ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقان ھېلىقى دوستىغا «ماشىنىنى توختىتىڭ» دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ.

لېكىن ماشىنىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئۆزلىرىچە نەسىھەت قىلغىلى تۇرۇپتۇ:

— ھازىر دېگەن يامان ئادەملەرنىڭ ھىيلىسى تولا!

— ناۋادا ئۇ يالغاندىن ئاغرىق قىياپىتىگە كىرىۋالغان بولسىچۇ؟

— «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي؛ كۆتۈڭنى قىس، يولۇڭغا ماڭ» دەپتىكەن ...

... ...

ما لىكمۇ ئۇلارغا يالۋۇرۇپ بېقىپتۇ:

— ئۇ يىگىتنىڭ راستىنلا جىددىي كېسىلى تۇتۇپ قالغان بولسىچۇ؟ كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتسەك، ۋىجدانىمىزغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمىز؟

ئۇ يەنىمۇ تالاشماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا دوستلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپتۇ:

— بولدى قىلىڭ، ئۆزىمىزگە ئىش تاپماي قولاق تىنچ كېتىۋالايلى.

«ئادەملەر بىر - بىرىدىن مۇشۇنداق گۇمانلانغىلى تۇرسا، جەمئىيەت نېمە بوپكېتىدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىغان ما لىك خانىم كۆڭۈل غەشلىكىدىن خۇددى چۈش يەۋالغاندەكلا بوپقاپتۇ. لېكىن ئىككى كۈندىن كېيىن بولغان مۇنداق بىر ئىش ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ ئېچىشتۇرۇپتۇ:

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ما لىك خانىم ئېرى بىلەن مەھەللىنىڭ يېنىدىكى يولدا ۋېلسىپىتلىك چېنىقىۋېتىپ، موتسىكلىتلىك بىرەيلەننىڭ بىر بوۋاينى سوقۇۋېتىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ما لىك خانىم بىلەن ئېرى دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ ھېلىقى بوۋاينى يۆلەپ تۇرغۇزۇپتۇ ۋە بوۋاينىڭ ئۆيىدىكىلىرىگە تېلېفون قىلىپ خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپتۇ. لېكىن «ۋاپاغا جاپا» دېگەندەك، ما لىك خانىم ئەر - خوتۇن قاپقارا تۆھمەتكە قاپتۇ: بوۋاينىڭ ئۆيىدىكىلەر كېلىپلا ما لىك خانىم بىلەن ئېرىدىن «مۇشۇ ئىككىسى سوقۇۋەتكەن» دەپ گۇمان قىلىپ، «بوۋاينى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ بېرىسلەر» دەپ ئېسىلىۋاپتۇ، ھەتتا ئۇ ئىككىسىنى «ئىشنىڭ ئاق - قارىسىنى ئايرىيمىز» دەپ ساقچىخانىغا سۆرەپ ئاپىرىپتۇ. ما لىك خانىم بىلەن ئېرى بوۋاي ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلسا ئىش ئايدىڭلىشار، دەپ ئويلىغانىكەن. لېكىن ھېلىقى بوۋاينىڭ كۆزىنى يۇمۇپلا «كىمنىڭ سوقۇۋەتكەنلىكىنى مەن نەدىن بىلەي!» دەپ تۇرۇۋېلىشى، ما لىك خانىم بىلەن ئېرىنى بەكمۇ ئازابلاپتۇ.

ئۇۋالچىلىقتىن قورسىقى بەكمۇ كۆپكەن ما لىك خانىم كانادىغا مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن مۇخبىرغا تېلېفون قىلىپ مۇنداق دېگەن:

— بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەمگە ياخشى نىيەتتە ياردەم قىلسام، ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرى كېلىپ ماڭا تەشەككۈر ئېيتماقتا يوق، ئەكسىچە، «ئىشنى سەن تېرىمىغان بولساڭ، بىزگە تېلېفون بېرىپ خەۋەر قىلامتىڭ؟» دېگەن گۇمان بىلەن ئېسىلىۋالدى. شۇنىڭغا ھەيرانمەن: نېمىشقا كىشىلەر ئارا ئىشەنچ ۋە مېھىر - مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ، گۇمان ۋە ئۆچ - ئاداۋەت كۈچىيىپ كېتىدۇ؟

ھەيھات! ئادەمي سالام - سەھەتنى ئىلىك ئالىدىغان ئادەم چىقمىسا، باشقىلارغا خالىسانە ياردەم قىلغان ئادەم تەشەككۈرغا ئېرىشىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، گۇمان بىلەن يالا - تۆھمەتكە قالسا، بۇ جاھانغا زادى نېمە دېگۈلۈك؟ كىشىلەر بىر - بىرىدىن شۇنچىۋالا ياتلىشىپ كەتتىمۇ؟

---

شۇ خۇاۋېن قەلىمىدىكى بۇ ماقالە «شېنجېن ئالاھىدە رايون گېزىتى»نىڭ 2006 - يىل 2 - نويابىر سانىدىن «جۇڭگو قىيما گېزىتى»نىڭ 2006 - يىل 1 - دېكابىر سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **سېيىت تىلىۋالدى** تەرجىمىسى. تەرجىمان: جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى شۆبىسىنىڭ خادىمى

## ئوغلۇمنىڭ ھەيرەتلىرى

### پولاتجان ۋېلاخۇن ئېلى

— دادا، ئاۋۇ قۇشقا قاراڭ، ئۇنىڭ تۈكلىرى قېنى؟!

— تۈك ئەمەس، پەي، ئوغلۇم. ئۇنى ئادەملەر يۇلۇۋاپتۇ.

— يۇلۇۋاپتۇ دەمسىز، نېمىشقا؟

— چۈنكى ئۇ پەيلەر بەك چىرايلىق ئەمەسمۇ...

* * *

— دادا، سىز بىلىق دېگەن بەك چاققان، ئۇنى ھەرگىز تۇتالمايسەن، دېگەنىدىڭىز، مەن مۇنۇ بېلىقنى ئاۋۇ ئۆستەڭدىن ئوڭايلا تۇتۇۋالدىمغۇ؟

— بەلكىم ھاراق ئىچىپ مەست بوپقالغاندا ساڭا تۇتۇلۇپ قالغان گەپ.

— ئۇلارمۇ ھاراق ئىچەمدۇ؟

— ھازىر ھاراقلا ئەمەس، ھەممە نەرسىنى ئىچىۋاتىدۇ، ئوغلۇم...

* * *

— دادا، قىزىقتە سىز!

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟

— ئاپام ئاچچىقى كېلىپ سىزنى تىللىسا، كۈلۈپلا تۇرۇۋالسىز...

— شۇڭا مەن ئۆينىڭ خوجايىنى - دە، ئوغلۇم.

---

ئاپتور: چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيە قوغۇنچى يېزا يالغۇز ياغاچ كەنتىدە، دېھقان

# بۇرۇنقىغا يۈز كېلەلمەيدىغان بەزى «تەرەققىيات»لىرىمىز

(فېليەتون)

مەمتىمىن ئابلىز

بۇرۇن ھېيت - ئايەم بولسا، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىغا ياغ پۇرىتىپ، يۇرت - مەھەللىگە نەزىر بېرەتتۇق. ھازىر بۇ ئادىتىمىز «تەرەققىي» قىلىپ، ھېيت - ئايەمدە ھاراق پۇرىتىپ، چۈپۈقەتلەرگە زىيابەت بېرىدىغان بولدۇق.

بۇرۇن شېئىرنى شائىر يېزىپ، ئاھاڭنى كومپوزىتور ئىشلەپ، ناخشىچى ئورۇنداپ، ئۈچ تۆۋرۈكنىڭ تەبىئىي بىرىكىشى بىلەن لىرىك مۇۋەپپەقىيەت چوققىسىنى ياراتقان ئۆلمەس ناخشىلار ئۈچ قىرلىق مەزمۇت پىرامىدادەك قەلب تۆرىمىزدە ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئەمەلىيلىكتە بەزى ناخشىچىلىرىمىزغا كارخانا تۈزۈمى رېئاكسىيە قىلىپ، ئۈچ ئادەمنىڭ ئىشىنى بىر ئادەم قىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى.ئۆزىنى چاغلىماي شېئىرىيەت، مۇزىكا، ناخشىچىلىقتىن ئىبارەت تولىمۇ ئېغىر سەنئەت يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان بۇنداق «پىداكار» چولپانلار بىر بېشىغا كۆپ خىل ماھارەت تاجىنى كىيمەكچىدەك، كۆپىنىڭ ئىشىنى يالغۇز ئۆزى قىلىپ كىرىمىنى كۆپەيتمەكچىدەك ئېيتقان ناخشىسىنىڭ شائىرلىقى بىلەن كومپوزىتورلۇقىنى ئۆزى قىلىپ، سەنئەت بېغىدا بىر كۆتەكتىن كۆپ خىل چېچەك ئېچىلدۇرۇپ «مول ھوسۇللۇق ئېتىز»غا ئايلانماقتا. ئۇلارنىڭ باشقىلارنى ئاۋارە قىلماي ئۆزى يالغۇز تەرلەپ-پىشىپ ئىشلەشتەك جاپاكەش روھى ئۇلارغا شان-شۆھرەت ئاتا قىلىشنىڭ ئەكسىچە ئۇ ناخشىلارنىڭ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلب تۆرىدە ئۈچ ئاچماق تۇيغۇ ھاسىل قىلىپ، تەتۈر پىرامىدادەك ئۆرە تۇرالمايۋاتقانلىقىنى جۈيلۈپ قويساق كۆڭلىگە كەلمەس.

بۇرۇن دوختۇرنىڭ ئالدىغا كىرسەك، نەرىڭىز ئاغرىيدۇ، دەپ سوراپ تومۇر تۇتۇپ دىئاگنوز قوياتتى. ئەمەلىيلىكتە ئىنسابىنى ئۇنتۇپ چىرىكلەشكەن بەزى دوختۇرلار نەدە ئىشلەيسىز، دەپ يانچۇقنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ دىئاگنوز قويماقتا. ئەگەر يانچۇقىڭىز توم بولسا، كېسىلىڭىزگە ئالاھىدە «ئېتىبار» بىلەن قاراپ، دەرھال زامانىۋى تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرىغا ئىش تېپىپ بېرىدۇ. ئۇ ئەسۋاب يەنە نۆۋەت بويىچە سىزنى كېسەلخانىغا بۇيرۇپ، دوختۇرغا ئىش تېپىپ بېرىدۇ. بۇيەردە سىز ئىش قوشۇلغانسېرى كۆپ پۇلغا يارايدىغان مۇھىم ماتېرىيالدىن ئىبارەت. ماتېرىيال دېگەن ئادەم ئەمەس، دورا دېدىڭىزما؟ شۇ دورىغا لايىق پۇلدار ئادەم بولمىسا، ئۇ، پۇلغا يارىمايدىغان بىراك مالنىڭ ئۆزى بوپقالىدۇ. شۇڭا، بەزى دوختۇرخانىلارنى سودىلاشقىلى بولمايدىغان ئالاھىدە بازار دېسەك، چىرىكلەشكەن دوختۇرلار كارخانىچى، كېسەلخانىنىڭ ئۆزى بىر زاۋۇت. كېسەلچۇ؟ ئۇ، سېتىۋالمىسمۇ، توشۇپ كەلمىسمۇ ئۆز پۇتى بىلەن ئۆزۈلمەي پۇل يۇدۇپ كېلىدىغان ئاجايىپ ماتېرىيالدىن ئىبارەت. بۇ ماتېرىيال قىممەتلىك دورىلار بىلەن سىرلىنىپ ياسىلىپ مالغا ئايلىنىپ، ئاخىرىدا ئۆز ئىگىسىگە سېتىپ بېرىلىدۇ. مال يارىمىسا، قولىڭىزدا توختام يوق — زاۋۇتتا گۇناھ يوق. يەنە پۇل بەرسىڭىز سىز زېرىككىچە سىرلاۋېرىدۇ. بۇ بازاردىكى مۇھىم مەسىلە، ئادەم ئۈچۈن ئەڭ تاتلىق جان مەسىلىسى بولغاچقا، پۇل شەرتسىز ئاۋۋال تاپشۇرۇلۇپ، باھاتالىشىشنى ئەسلا تىلغا ئالغىلى بولمايدۇ. بۇ بازارنىڭ دېڭىزنى ئېلىپ، ئاتىغىنىنى بېرىدىغان تەڭسىز مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدىلىكى بىمارنىڭ ئۆي - زېمىنىنى ساتقۇزۇپ، كارخانا ۋە كارخانىچىلارنىڭ ئىمارىتىنى كۆككە يەتكۈزىدىغان پېگانە قۇدرەتكە ئىگە. شۇڭا ئۇنداق دوختۇرلارنىڭ بىماردىن ئاۋۋال نەدە ئىشلەيسىز، دەپ سورىشى تاسادىپىيلىق ئەمەس، بىمارنى ئايىغانلىقى. چۈنكى نامرات دېھقانلار ۋە باشقا تۆۋەن كىرىملىكلەر بۇ كارخانىنىڭ يارامىلىق ماتېرىيالى بولالمايدۇ. ئۇلارنى ئىككى ھەپتە چالا - پۇلا «سىرلاپ» بىر تۇمەننى سۇغۇرسىلا، بىمارلار ئاخىرىغا توشىيالماي مېيىدىسنى تۇتۇپ مۆكچەيگىنىچە كېتىپ قالىدۇ.

بۇرۇن ئۆيىمىزنىڭ تۆرىدە مېھمانلارنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلار بىلەن قىزغىن مۇڭدىشىپ، سىردىشىپ كەچ بولغانىنى تۇيماي قالاتتۇق. ھازىر «تەرەققىي» قىلىپ ئۆيىمىزنىڭ تۆرىدە تېلېۋىزورنى ئولتۇرغۇزدۇق. مېھمان كەلسىمۇ، ئۇلارغا يەيدىغانىنى يېگۈزۈپ، تېلېۋىزورغا بەنت بولۇپ بۇتتەك ئولتۇرۇپ، دۇنيا بىلەن سىردىشىدىغان بوپكەتتۇق. مېھماننىڭ مۇھىم گېپى بولسىمۇ ئۇزاپ چىقىپ ئىشىك تۈۋىدە دېمىسە، ئۆيدە« دۇنيانىڭ گېپى»نى ئارىلاشقا ئامال يوق.

بۇرۇن ئىشخانىلىرىمىزغا كىرگەنلەر بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، چاي قۇيۇپ قارشى ئالاتتۇق. ھازىر «تەرەققىي» قىلىپ يىراقتىن تېلېفون بەرگەنلەر بىلەن چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئىشخانىدا ئۆرە تۇرغانلارنى تېلېفوندا ئىتوت قويۇپ بېرىپ قارشى ئالىدىغان بولدۇق.

بۇرۇن توي-تۆكۈنگە، ئۆلۈم پەتىسگە بارساق، ساقال تەرتىپى بويىچە ئولتۇراتتۇق. ھازىر «تەرەققىي» قىلىپ مەنسەپ تەرتىپى بويىچە ئولتۇرىدىغان بولدۇق. بىراق، مەنسەپكە ساقالدىن بۇرۇن ئاق كىرگەچكە، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ سابىق نامى ئىگىسنى پەگاغا سۆرەپ، ئادەمنى تەڭقىسلىقتا قويۇۋاتىدۇ.

بۇرۇن ئۆيدە ئۆتكۈزۈلىدىغان تويىنى ھازىر رېستوراندا ئۆتكۈزۈپ، ئۆي ئىگىسىگە بەك ئاسانچىلىق بوپتۇ دېسەك، بۇ ئۆيدە ھازا بولغاندا بارمىغانلارنىڭ « ئۆيىۈڭنى ئۇقماي بارالمىدۇق»دېيىشىگە تېخىمۇ ئاسان بوپتۇ. يەنىمۇ «تەرەققىي» قىلىپ ئۆلۈمنى رېستوراندا ئۆزىتىدىغان «باشلامچى»دىن بىرسى چىقمىسا بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

بۇرۇن قەۋەتلىك بىنا سالساق، تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن كۆچۈپ كىرىپ ئاندىن ۋۇيۇسكا تاقايتتۇق. ھازىر« تەرەققىي» قىلىپ، بەزى چىرىكلەشكەن ئورۇن ۋە ساھەلەردە توختام پۈتسىلا بىنا پۈتتى، دەپ ۋۇيۇسكىسىنى ھەيۋەتلىك قاتۇرۇپ قويۇپ، خەيرىتىسىنى كۆرسىتىپ خېرىدار چاقىرىپ، پۇلنى يىغىپ، پايدىسىنى ئايرىۋېلىپ ئاندىن ئۇلىنى كولايدىغان بولدى. كېيىن دېگىنى بىلەن پۈتكىنى ئوخشىمىسا «زامانىۋى چۈشەنچىلەر»دىن ئۆزىمىزنى ئالداپ تەسەللى تاپماي، يېنىۋېلىشقا يول يوق.

بۇرۇن ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپكە قوبۇللاش ئىمتىھانىدىن ئۆتسىلا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، دىپلوم ئېلىپ ئۆزى خىزمەتكە چىقاتتى. ھازىر ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىمتىھان ئارقىلىق ئەلالىرى تاللىنىپ خىزمەتكە قوبۇل قىلىنىدىغان ئادىل

تۆزۈلمە بارلىققا كەلدى. ئەمما چىرىكلەشكەن بەزى ئورۇن ۋە ساھەلەردىكى «تەرەققىيات»تا ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتسىمۇ، ئاتا-ئانىلار ئىقتىساد ۋە مۇناسىۋەتنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىسە بىكار بوپقالغىلى تۇردى.

بۇرۇن ئاددىي مۇنچىغا كىرىپ ئىككى موچەنلىك ئىلمان سۇدا يۇيۇنساق، پاك-پاكىز بولۇپ روھلۇق چىقاتتۇق. ئەمما ھازىر ئالىي دەرىجىلىك سوپۇندا، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن قىممەت باھالىق ھور مۇنچىدا تۇتاملاپ پۇل خەجلەپ يۇيۇنغان بەزىلەرنىڭ پاك-پاكىز بولۇپ چىقىشى ناتايىن. ئەكسىچە، ئاتالمىش مۇلازىمەتچى خانىقىزلار بىلەن يەتكىچە بۇزۇقچىلىق قىلىپ، ئۆزىدە يوق مەينەتچىلىك — كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرۇپ، يانچۇقنى قۇرۇقداپ ھارغىن چىقىدۇ. خانىقىزلار زىناخورلارنىڭ يانچۇقىنى قۇرۇقدىيالىغىنىدىن خۇش بولسا، زىناخورلار ئۆزىنى يوشۇرالىغىنىدىن خۇش.

بۇرۇن نامراتلارنىڭ قەرزى كۆپ بولۇپ، قەرزدارلار نامرات ھېسابلىناتتى. ھازىرقى بايلارنىڭ قەرزى كۆپ بولۇپ، قەرزدارلارنى نامرات دېگىلى بولمايدۇ. بۇرۇن ئاجىزلار كۈچلۈكلەرگە قەرزدار ئىدى. ھازىر بەزى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارغا قەرزدار بولۇپ، ھۆددىگەرلەرنىڭ ئىشلەمچىلەردىن قەرزى ئۈزۈلمەي كېتىۋاتىدۇ. بۇرۇن قەرز ئېلىش موھتاجلىقتىن بولۇپ، قەرزدارلار قەرز ئىگىلىرىگە يېلىنىپ ئېگىلىپ قەرزى تۈگىمىگىچە بېشىنى رۇسلىيالمايتتى. ھازىر قەرز ئېلىش چېچەنلىك، قەرز بېرىش ئەخمەقلىق بولۇپ، قەرز ئىگىلىرى قەرزدارلارنىڭ كەينىدە تىلەمچىدەك يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ يۈرىدىغان بولدى. بۇنداق قەرزدارلار ۋىجدان بىلەن پەزىلەتنى مەنپەئەتكە تېگىشىدىغان مەلئۇنلاردۇر. شۇنداق بىرسى كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن پۇلىنى يۇتۇۋېلىپ، ئاخىرەتكە ئاران تۆت تال ئالتۇن چىشىنى ئېلىپ كېتىپتىكەن، نامەلۇم بىرسى گۆرىدىن كاللىسىنى كېسىپ، چىشىنى سۇغۇرۇۋاپتۇ.

بىز مۇشۇنداق «تەرەققىياتتىكى ھارام تۇغۇندىلار»نى سۈرەپ سەمرىتىپ مېڭىپ، ھەقىقىي تەرەققىياتقا قانداق يۈز كېلەلەرمىز!

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا خادىمى

# ئاۋۇتكامنىڭ ئىلتىماسى

(فېلىيەتون)

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

مەھەللىمىزدە يېشى 80 گە ئۇلاشقان، ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا ئالدى-ئارقىسىغا مېڭىشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئاۋۇت ئەمەت دەيدىغان بىر كىشى بار بولۇپ، قايسىدۇر بىر ئورۇندىن پىنسىيىگە چىققان بوۋاي زىيالىي ئىدى. ئۆيىمىز يېقىن بولۇپ، سالام-سەھەتىمىز قويۇق ئىدى. ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن گەپلەرنى قىلىدىغان قىزىق ئادەم ئىدى.

بىر كۈنى ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا ئەبجەق سوپەككە قىغ ئۇسسۇۋاتاتتىم. ئاۋۇتكام كوممۇنا زامانىدىن قالغان كونا — ئەبجەق ۋېلسىپىتىنى تاراقشىتقىنىچە مىنىپ ئۆيۈم تەرەپكە يېتىپ كەلدى. ئادەتتە، كونىلىقتا جېننىس رېكورتىنى ياراتقىدەك بۇ ۋېلسىپىتنىڭ ئاۋازى ھەممىمىزگە تونۇش بولغاچقا ئۆيىمىزدە ئولتۇرۇپلا: «ئاۋۇتكام بازارغا مېڭىپتۇ»، «ئاۋۇتكام بازاردىن يېنىپتۇ» دەپ بىلەتتۇق. ھازىرمۇ ئارقامغا ئۆرۈلمەيلا «ئاۋۇتكام بىزنىڭ ئۆيگە كېلىۋاتىدۇ» دەپ بىلىپ بولدۇم.

دېگەندەك ئاۋۇتكام ئۇدۇلۇمغا كەلگەندە ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ:

— ھە بالا، نە قىلىياتسىڭ؟① — دېدى بۇزۇلغان تەلەپپۇزدا.

سالام-سەھەتتىن كېيىن ئاۋۇتكام قولۇمدىكى كەتمەننى ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرغىنىچە ۋەزمىن سۆز باشلىدى:

— ئەمدى بالا، كوممۇنىدىن ھازىرغىچە جىق ئىش كۆرەپتىمەن، جىق نەرسىنى ئاڭلاپتىمەن. قايىلسام، بىر ئىشتا مەن پاتىپىت ھوقۇقى ئېلىشقا تېگىشلىك شەخس ئىكەنمەن جۇما. بىراق بۇنى بىلمەي يۈرۈۋېرىپتىمەن. شۇڭا ئاق-قارىنى بىلسەڭ، دەپ كېڭەش ئاڭلىغىلى كەلدىم. قېنى سەن دەپباقە.

ئاۋۇتكام سۆزلەۋاتقاندەك، مەن ئالتە-يەتتە ياشلاردىكى ۋاقتىمدا، يەنى 1980-يىللارنىڭ باشلىرىدا يېزىمىزغا ئانچە-مۇنچە كىنو كېپقالسا خۇش بوپكېتەتتۇق. كىنونى قەشقەردە قويسا بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئەينەك ساندۇقتىن كۆرگىلى بولىدىغان يېڭىلىقلارنى دەسلەپ ئەھلىمەھەللىگە ئاڭلاتقانمۇ مۇشۇ ئاۋۇت ئەمەت ئىدى. كۆپ ئۆتمەي بۇ يېڭىلىق مەھەللىمىزدە زاھىر بولدى. بۇ يېڭىلىقنى ئەكەلگۈچىمۇ دەل مۇشۇ ئاۋۇت ئەمەت ئىدى.

ئاۋۇتكام پىنسىيىگە چىققان جايىدىن بىر كىچىك رەڭسىز تېلېۋىزور، ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان تۆت پۇتلۇق، مىنىپ ئولتۇرۇپ ئايلاندۇرۇدىغان قول گېنېراتورى ئېپكەپتۇ. ئاۋۇتكامنىڭ ھويلىسى كەڭرى بولۇپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئامۇت دەرىخىنىڭ ئاستىدا ژۇرنالنىڭ يۈزىچىلىك كېلىدىغان تېلېۋىزور جاراڭلاپ تۇراتتى. كەچلىرى بىكار بولغان دېھقانلار ئاۋۇتكامنىڭ ھويلىسىغا ئولىشىپ، قول گېنېراتورىنى نۆۋەت بىلەن ئايلاندۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرەتتۇق. مەھەللە بويىچە 50 ~ 60 چە ئادەم تىقىلىشىپ — قىستىلىشىپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرگەچ قوناق سوياتتۇق. سويۇلغان قوناقلارنى ئۆۋۈلاپ مەدىكىدىن دانىنى ئاجرىتاتتۇق. كۆزىمىز كۆرۈۋېرەتتى، قولىمىز ئىشلەۋېرەتتى.

كېيىن نېمە بولدىكىن، قوناق سويۇش تۈگىگەندە ئاۋۇتكام بىزنى ئاستا-ئاستا قارشى ئالماس بوپقالدى. كېيىنچە ئىشىك-دەرۋازىنى تاقاپ، بىردەم «شارىك ئۆرۈپ قاپتىكەن، گېنېراتور بۇزۇق» دېسە، بىردەم «شارىكنىڭ سىلىقلاش مېيى تۈگەپتۇ» دەپ كىرگۈزمەس بولدى.

قايسى شەيتاننىڭ تاپقان ئەقلىكىن، بىرسى ئاۋۇتكامغا: «پۇل بېرەيلى، تېلېۋىزور كۆرۈۋالايلى، بەك زېرىكىپ كەتتۇق»، دەپ ئاۋۇتكامنىڭ پېشىن بىلەن چىڭ تاقىلىپ بولىدىغان دەرۋازىسىنى يەنە ئاچقۇزدى. ئىچى پۇشۇپ، يېڭى نەرسىگە قىزىقىپ تۇرغان خەقلەر

① قىرغىز تىلى. «نېمىش قىلىۋاتىسەن؟» دېمەكچى.

ماقۇل بولۇشتى. دەسلەپ كىنوخانىغا ئوخشىتىپ ئىشىك تۈۋىدە پۇل يىغىۋېدى، بەكمۇ ئەپسىز بوپقالدى. ھەتتا بەزى شەيتان، كەپسىز ياشلار كالتە تامدىن ئارتىلىپلا ئاموت دەرىخى ئاستىغا پەيدا بولاتتى — دە، ھېجىيىشىپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋېرەتتى. بىز كىچىك باللارمۇ بوش تۇرمايتتۇق. باغنىڭ سۆڭگىكچىدىن ئۆمىلەپ، ئىشتانلىرىمىزنىڭ يىرتىلىپ، ئېغى ئېچىلىپ قالغىنىغا پەرۋا قىلماي كىرىۋېرەتتۇق. ئىشقىلىپ مەھەللىدىكىلەر ئاۋۇتكامغا نەپ بەرمىدى.

بىر كۈنى، تېخى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنمىغان «خۇيۇەنجيا»دېگەن فىلىم كۆرسىتىلىۋاتاتتى. تازا بېرىلىپ كۆرۈۋاتساق ئاۋۇتكام قول گېنېراتورىغا مىنىپ ئولتۇرۇپ غۇيۇلدىتىپ گېنېراتور چۆرۈۋاتقان خەلىل دېگەن بالىغا قاراپ تۇيۇقسىز:

— ھەي خەللەك، توختا! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. كۈندە بالدۇر كىرىپ گېنېراتورغا مىنىۋالدىغان ھېرىسمەن «خەلىل دىيەنپىڭ»① توختاپ قېلىۋېدى، تېلېۋىزور كاژ قىلىپ ئۆچتى. ھەممەيلەن ئۆرە-تۆپە بولۇشتى.

— چۆرى خەللەك!

— تازا يامان يەگە كەگەندە...

— چۆشەۋاي بومىسا ماياقا!

ئارىغا ئاۋۇتكام چۈشتى:

— ئىش بومىدى ياش باللا. گېنېراتورنىڭ سىلىقلاش مېيى تۈگەپتۇ.

خەقلەر ئەمدى چۈشەنگەندى. ھەركىم ھەرنېمە دېيىشىپ، كوتۇلدىشىپ-غوتۇلدىشىپ، كۈلۈشىپ، ھومىيىشىپ يانچۇقلىرىنى كولاشتى. شاپاق دوپپىسىنى ئېچىپ ئالدىغا كەلگەن «تۇردى بوك-بوك»نىڭ دوپپىسىغا موچەن-كويچەنلىرىنى تاشلىغىنىچە چۇۋۇرلاشتى:

— بولە خەللەك، چۆرىيە، ھېلى قىزىق يېرى ئۆتەپ كېتىدا.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئاۋۇتكام يېڭى بىر ھۈنەرنى ئۆگىنىۋالغانىدى. ھەر كۈنى كىنونىڭ قىزىق يېرىگە كەلگەندە بىرلا يۆتىلەتتى-دە، «خەلىل دىيەنفىڭ»تىم توختايتتى. «تۇردى بوك-بوك» شاپاق دوپپىسىنى ئاچقىنىچە خەقلەرنى ئالا قالدۇرماي ئارىلايتتى. خەقلەر ئامالسىز ئاۋۇتكامنى ئەسكەرتكىلى سالمايلا پۇل بېرەتتى. تېز بېرەتتى. ھېچكىممۇ بەرمەي قۇتۇلالمايتتى.

— شۇنداق قىلىپ، — دېدى ئاۋۇتكام ئەپسۇسلانغىنىچە سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، — يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مەن ئىجاد قىلغان ئەقىلدىن ھازىرقىلار پايدا ئېلىۋېتىپتۇ. تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى كىنو قىزىق جايغا كەلگەندە يىرتىق ئىشتاندىن بىر نېمە چىققاندەك ئېلانلارنى قىستۇرۇشلىرى، يەنە دېگەننى يەنە دېيىشلىرى مېنىڭ تاپقان ئەقلىمدىن ئىلھام ئالغىنى بومماي نېمە؟! شۇنداق ئەمەسما؟ شۇڭا بۇلار ماڭا پاتېنت ھوقۇقى بېرىشى كېرەك! مەن بۇنى قايسى ئورگانغا بېرىپ ئىلتىماس قىلىمەن؟ مەسلىھەت بېرە، باللا.

ئويلىنىپ قالدىم. بۇنى زادى قايسى ئورگانغا بېرىپ دېسە بولار بولغىيتتى؟...

تازا بېشىم قاتتىغۇ؟!...

2006-يىل 31-دېكابىر، سەھرايى ئەرمۇدۇن

---

ئاپتور: قىرغىز. يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسىدە دېھقان، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى

## دادامنىڭ ساراڭلىقى

(فېليەتون)

روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ

نەچچە يىل ئىلگىرى، يەنى، ئەمدى قولۇم ئىشقا تەگكەن يىللاردا ئۆيىمىزنىڭ ئىشىك بېشىغا رادىئو كارنىيى ئېسىپ قويۇلاتتى. ئىشتىن ھېرىپ-ئېچىپ كەلگىنىمىزدە ئۆزىمىزنى يەلپۈگەچ ئولتۇرۇپ كارنايدىن ئاڭلىنىۋاتقان يېڭى-يېڭى خەۋەرلەرگە، ئارامبەخش ناخشىلارغا قۇلاق سالاتتۇق. رادىئونى يېنىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئاڭلاش بولسا ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەرگىلا نېسىپ بولىدىغان ئامەت ئىدى. شۇڭا ھەممىمىز رادىئوغا ئىنتىلەتتۇق. يازنىڭ ئايدىڭ ئاخشاملىرى رادىئو كارنىيى توختىغاندىن كېيىن ، قولۇم-قوشنىلار چوڭ يوللارنىڭ بويلىرىدا يۇمىلاق دائىرە بولۇپ ئولتۇرۇپ بىراۋنىڭ رادىئوسىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋېلىپ، ئۇنىڭدا بېرىلىۋاتقان رادىئو دىرامىسى، رومان ئاڭلىتىش ۋە ناخشا-كۈيلەرگە جىمجىتقىنە قۇلاق سالاتتۇق. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەۋەرلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتۇق. يېڭى سىياسەت، پەرمانلاردىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇراتتۇق. كېيىنچە خەلقنىڭ تۇرمۇشمۇ بۇرۇنقىدىن خېلىلا ھاللاندى. رادىئولارمۇ ئەرزانلاشتى. ئۇزۇنغا قالماي تېلېۋىزورمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىمىزغا يېڭىچە مەزمۇنلار قوشۇلۇپ باردى ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ چىرايلىرىنى سۈرەتلىرىدىن ئەمەس، ئېكراندىن كۆرىدىغان، سۆزىنى رادىئو كارنىيىدىن ئەمەس، ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايدىغان بولدۇق. ئەلۋەتتە بۇ خەلقنىڭ سىياسەتكە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيە - ھۆكۈمەتكە بولغان مۇھەببىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە ئىدى. بۇ بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش يىراق - چەت يېزا- قىشلاقلاردىكى دېھقانلار ئۈچۈن بەك چوڭ ئامەت ئىدى. بىراق، يېقىندىن بېرى بىزنىڭ ئائىلە بۇ خىل ئامەتتىن مەھرۇم بولدۇق.

بىر كۈنى دادام تېلېۋىزورنى ئېچىپ ئېلان بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېتىپ قويۇپتۇ. سەل ئۆتكەندىن كېيىن ئاچسا يەنە ئېلان بېرىۋاتقانىكەن، يەنە ئېتىپ قويۇپتۇ. بۇنداق ئېتىپ - ئېچىش ناھايىتى كۆپ تەكرارلىنىپتۇ. ھەرقېتىم ئېچىلغاندا ئېلانلا

---

① دىيەنپىڭ - ئاككۇمولياتور.

بېرىلىۋاتقانىكەن. پەقەت بىر قېتىم ئاچقىنىدا بىر پروگراممىنىڭ تۈگىگەن ۋاقتىدىكى خەتلىرى چىقىپتۇ. شۇنداق، دادام يەنە ئېتىپتۇ، يەنە ئېچىپتۇ ۋە يەنە ئېتىپتۇ. بىر چاغدا يەنە ئېچىپتۇ. نېمە چىقىپتۇ دەڭ، ئېرى قايىسدۇر بىر دورىنى يېگەندىن كېيىن خوتۇنىنىڭ قاتتىق رازى بولغانلىقى، نەچچە يۈەنلىك دورىنىڭ ئىچىدە كېسەك ئالتۇن بارلىقى، قايىسدۇر دورىنىڭ شىنجاڭلىقلارنىڭ ياخشى دورىسى ئىكەنلىكى، قايىسدۇر دورىنىڭ بىرىنىڭ ئونغا تەڭلىكى، قايىسدۇر هاراقنى ئىچىش تۇرمۇشنىڭ راھىتى ئىكەنلىكى، قايىسدۇر دورىنىڭ ئەمچەكنى كۆتۈرۈپ، ساغرىنى پوسكايتىدىغانلىقى...

دادام بۇ ئېلانلارغا جىمجىت قاراپ خېلى ئۇزاق كۆرۈپتۇ. كېيىن ئالدىرىمايغىنە تېلېۋىزورنىڭ سىملىرىنى پاراسلىتىپ تارتىپ ئۈزۈپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى سىمتاناپ تۈۋرۈككە زەرپ بىلەن ئۇرۇپتۇ...

كەچقۇرۇن ئېتىزلىقتىن يېنىپ ئۆيگە كىرسەم، ھەممە ياق جىمجىت، تېلېۋىزورنىڭ ئورنى ئازادىلىشىپ قاپتۇ. سورىسام، ئىنىم بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ دادامنىڭ رادىئونى يوقاتقان ۋاقتى ئېسىمدىن كەچتى:

دادامنىڭ ئەزەلدىن قېنى قىزىق. تەرسا ـ كاج، تولىمۇ ئۆز سۆزلۈك ئادەم. نارازىلىقىنى غەزەپ بىلەن ئىپادىلەپ كۆنگەن. مۇشۇ خاراكتېرى ئۈچۈن ئۇ تالاي كۆلپەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەزەلدىن قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ باققان ئەمەس، شۇنداقلا شۇ چاغدا چىقارغان قارارىدىنمۇ يېنىپ باقمىغان. يەنە دادامنىڭ يۇمۇرلۇق خاراكتېرىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك. بەزىدە ئۆزىنىڭ غەزىپىنى كۈلكىسى بىلەن چىقىرىۋالىدۇ.

شۇنداق ئىشلاردىن بىرى ئۆيىمىزدىكى نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە رادىئونىڭ يوقىتىلغانلىقىدۇر. شۇ كۈنى دادام رادىئونى ئاچسا ھەرقېتىمقىدەك «قىزىق لىنىيىلىك سۆھبەت» دېگەن چىرايلىق ئاتاق ئاستىدىكى ئۇياتسىز پاراڭلارغا داخىل بوپتۇ، يەنە ئاچسا يەنە شۇمىش. شۇنىڭ بىلەن دادام رادىئونىڭ ئاۋازىنى بولۇشىغا ئېچىپ، يايلاقتا باقىدىغان بىر ئۆركىگەك كالىمىزنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇپ بېرىپ، باشقا كىشلەرنىڭ قاتارىدا كالىنىڭ چاپچىشلىرىدىن، ئالدىغا ئۇچرىغاننى سۈر ـ توقاي قىلىپ ئېگىز ـ پەس سەكرەشلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ كەتكەنىكەن. بۇ ۋەقە يېزىغا پۇر كېتىپ، مۇھىم پاراڭ تېمىلىرىدىن بىرى بوپقالغانىدى. مانا ئەمدى تېلېۋىزورنى چېقىپ تاشلاپتۇ.

ئۆيىمىزدىكى رادىئو ـ تېلېۋىزورنىڭ چېقىپ تاشلانغىنىغا بىر يىل بولاي دەپقالدى. بىراق دادام «بۇ ئۆيگە ئۇ نەرسىلەرنى قەتئىي ئېلىپ كىرىشكە بولمايدۇ» دېگەن گېپىدىن يېنىش تۈگۈل، ئازراق يۇمشاپ باققىنىمۇ يوق. ئەنە شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ ئائىلە پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋازىنى رادىئو ـ تېلېۋىزور ئارقىلىق ئاڭلاشتىن مەھرۇم بولدۇق. گەرچە ھەر خىل كەنت يىغىنلىرىدا ئاڭلاپ قالساقمۇ، ئەمما يۇرتىمىزدىكى بەزىبىر چالا ساۋات مەھەللە ـ كەنت باشلىقلىرىنىڭ ئاغزىدىن سىياسەتنىڭ ئەينەن ـ توغرا يەتكۈزۈلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتۇق. بۇ ھەقتە دادامغا خېلى نەسىھەت قىلغۇچىلارمۇ بولدى. ئەمما، دادامنىڭ ئېيتىشىچە، تېلېۋىزوردىكى ئېلانلار بەكمۇ لاۋزا بولغاندىن سىرت، ئۆزۈڭ خالىغان بىر پروگراممىنى ياكى خەۋەرلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن يەنە شۇنىڭ باراۋىرىدە ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئېلان كۆرۈشۈڭ كېرەكمىش، يېزىلاردىكى دېھقانلار دائىم سائەتكە قاراپ بولالماسمىش. يەنە بىر تەرەپتىن ئېلانلارنىڭ سەكسەن پىرسەنتى يېزىلارغا ماس كەلمەسمىش؛ ئەمدىلا بىر پروگراممىنى كۆرەي دەپ ئولتۇرساڭ، تەكرار ئېلانلار سەۋەبىدىن ئۆتۈپ كېتىپتىمۇ بېرىلغۇدەك بولارمىش؛ ئەدەب ـ ئەخلاققا ماس كەلمەيدىغان ئېلانلارنىڭ سەۋەبىدىن ئاتا ـ بالا بىرگە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈش بىئەپمىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېكران يۈزىدە ئېلانلار بېرىلىۋاتقاندا ھېلىقى پروگرامما ئېكراننىڭ كەينىدە ماڭغاچ تۇرارمىش...

نېملا بولمىسۇن، بۇ كاج دادامنىڭ باھانە ـ سەۋەبلىرى كۆپ ئىدى. ئۇ: «مېنىڭ باشقىسىغا كۈچۈم يەتمەيدۇ، ئەمما رادىئو ـ تېلېۋىزورنى ئۆزۈمنىڭ پۇلىغا ئالغان، كالىنىڭ بوينىغا ئاسامدىم، سىمتاناپ تۈۋرۈككە ئاتامدىم، ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى» دەپ بۇ ئىشنى پەسەنتىگە ئالماي يۈرۈيدۇ. شۇنداق قىلىپ بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بىرىلدىن بېرى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى سىياسەت، ئەمر ـ پەرمانلىرىدىن، رايونىمىزنىڭ يېڭى ئۆزگىرىش ـ يۈزلىنىشلىرىدىن رادىئو ـ تېلېۋىزور ئارقىلىق تولۇق خەۋەر تاپالماي، ھېلىقى بەزىبىر چالاساۋات مەھەللە ـ كەنت باشلىقلىرىنىڭ دېگىنىگە تولۇق ئىشەنمىسەكمۇ، شۇ بويىچە ئاڭلاپ كېلىۋاتىمىز.

دادامنىڭ بۇ تەتۈرلۈك ـ ساراڭلىقى قاچانمۇ ئۆڭشىلار؟

---

ئاپتور: «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ تەكلىپلىك خادىمى(M1)

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت؛ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا (ماشىنىست ۋە بەتچى) رىسالەت مۇھەممەت.

ژۇرنىلىمىز «ئۇيغۇر سوفت» كومپيۇتېر شىركىتىنىڭ ئىختىراسى «ئەلكاتىب ـ 5.0» سىستېمىسىدا تىزىپ، بەت ياسالدى.



# چۈش ۋە ئامانەت

ئاينۇر دولقۇن

توۋا، مۇشۇ كۈنلەردە تولىمۇ غەلىتە چۈش كۆرىدىغان بوپقالدىم. گاھى چاغدىكى ئوي - خىياللىرىم، چۈشلىرىمنى ئويلىسام ئۆزۈمنى مەتىمەن ھوشۇر ھېكايىلىرىدىكى پېرسوناژلارغا ئوخشاپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالىمەن. ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن ئاۋۋال كىتاب ئوقۇيدىغان ئادىتىم بولغاچقىمىكىن، ئوقۇغانلىرىمنى چۈشۈمدە كۆرۈپمۇ قالاتتىم. ئاخشام خوشۇت بازىرىدىكى 18ياشلىق دېھقان ئىشلەمچى يىگىت روزىجان ئابلىز ئىللىقنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2006 - يىل 6 - سانىغا بېسىلغان «ھايۋاناتلارنىڭ خەلقئارا قىزىق نۇقتىسى»ناملىق تۇنجى ئەسىرىنى ئوقۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. كۆرگەن چۈشۈمنى ئويلىغانسېرى بۇنىڭ چۈش ئىكەنلىكىگە شەكلىنىپمۇ قالدىم.

چۈشۈمدە گاز شارىغا ئولتۇرۇپ «دۆڭكۆۋرۈك» ئۈستىدە تاماشا قىلىۋاتقىدەكمەن. بىر چاغدا يېنىمدا ئاق قۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان

## ھېكايە تېخى ئاخىرلاشمىدى

قاپقارا بىر قۇش بىر تال كونىۋېرتنى چىشلەپ تۇرغىدەك. «بۇ قانداق قۇشتۇ؟!» دەيتتىم ئىچىمدە. ئۇ، كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەك زۇۋانغا كېلىپ سۆزلىدى:

— نېمە قارايسەن؟ مېنى كۆرۈپ باقمىغانمۇ؟ مەن دېگەن ئاق قۇ.

— ھە! جاھاندا قاپقارا ئاق قۇ بارمۇ؟

— قاپقارا بوپكېتىپتىمەنمۇ؟ شەھەرلەردە يۈرگەن، ھەتتا ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ قويغان قۇشلاردىن ئەسلىي رەڭگىنى تاپقىلى بولامدۇ؟ بولۇپمۇ مۇشۇ ئۈرۈمچى ئاسمىنىدىن.

— ھەي، ئاق قۇ، ئەسلىي خەت توشۇيدىغان قۇش كەپتەر ئىدى، ئەجەب سەن خەت توشۇپ قاپسەنغۇ؟

— ۋاي، ئاۋۋال خېتىڭنى تاپشۇرۇۋال، بۇ خەت سېنىڭ. كەپتەرگە: «خەت توشۇش سېنىڭ ئىشىڭ، سەن بار» دېسەك، ئۇ: «ئىنسانلار ئاتا - ئانامنى، قېرىنداشلىرىمنى، ھەتتا باچكىلىرىمنىمۇ ئۇششاق دېمەستىن 'قۇۋۋەت بولىدۇ' دەپ ئۆلتۈرۈپ يەپكەتتى. مەن ئۇلارغا ئۆچ، كۆرەرگە كۆزۈم يوق» دەپ ئۇنىمىدى. شۇڭا ئاچچىقىمدا «ماڭە لەقۋا، ئۆزۈم باراي» دەپلا كېلىشىم. قارا بوپكەتكەن بولسام، بوغدا كۆلىگە بېرىپ چۆمۈلىۋالسام بولىدۇ.

— بۇ نېمە خەت؟

— ئوقۇساڭ بىلىسەن.

ئۇ «ئاپلا»دېگىنىچە قانتى بىلەن پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى:

— بوغدا كۆلىنىمۇ ساياھەتچىلەر قاپلاپ كەتتى. ئىنسانلار نېمانداق ئەدەبسىز، مەدەنىيەت دېمەيمەن. شۇنداق گۈزەل، پاكىز جايلارغا «ساياھەت قىلىمىز»دەپ بېرىپ، يېگەن نەرسىلىرىنىڭ ئەخلىتىنى، ئىچكەن ئىچىملىكلىرىنىڭ بوتۇلكىلىرىنى تاشلاپ، مۇھىتنى بۇلغايدۇ. ھەيدەپ چىققان ماشىنىلىرىدىن چىقىۋاتقان ئىسلارنىمۇ شەھەرلەرگە ئاز كەلگەندەك، ئۇيەرلەرگىچە ئېلىپ چىقىدۇ، تازىمۇ بىر...

ئۇ شۇنداق دەپلا ئۇچۇپ كەتتى. كونۋېرتنى ئېچىپ خەتنى ئوقۇدۇم. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«بۇ يىللىق قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز چوڭ پلانېتا يەرشارىنىڭ تەكلىپى بىلەن ھېيت پەتىسىگە كەلدۇق. يەنە بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قەشقەر (يامبۇ) سودا سارىيىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە يىغىن ئاچماقچى. بۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغۇچى تەلەيلىك مېھمان سۈپىتىدە سىزمۇ قاتناشقايسىز».

تۇيۇقسىز ئۇچۇپ كەلگەن بۇ ئامەتتىن تولىمۇ خۇشاللىنىپ يەرگە چۈشسەم، ھېيتگاھ مەيدانىدا تۇرغۇدەكمەن. راست، بۇنداق ئامەت ھەرقانداق ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ-دە.

مەن خەتتە يېزىلغان ئورۇنغا يېتىپ باردىم. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسىم كارتوشكىلىرىنى چوقايتىپ، ئوڭ كۆكسىگە قادىۋالغانىكەن. بۇ چوڭ زالغا يا گىلەم سېلىنمىغان، يا ئورۇندۇق-ئۈستەللەر قويۇلمىغان بولۇپ، يىغىن ئاچىدىغان ئورۇنغا ئوخشىمايتتى. ئىشىكتىن كىرىشىم بىلەنلا جىمجىتلىق بۇزۇلدى.

— ھە، كۆپچىلىك، يىغىنغا مەن رىياسەتچىلىك قىلىمەن. ياق، بۇنى يىغىن دېسەك قاملاشماس، قېرىنداشلار ئۇچرىشىشى دېيىلى. چۈنكى بىز توققۇز چوڭ پلانېتا — توققۇز چوڭ قېرىنداش بۈگۈن يىغىلماقچى. يەر شارى بىزنى چاقىرىپ قويۇپ، ئۆزى كۆرۈنمەيدىغۇ. بولدى، مەن ساھىبخانلىق قىلىۋېرەي، — دېدى مارس.

— ماقۇل قارا ئاكىلار، ئەتراپىمغا تىزىلىڭلار، — دېدى قۇياش.

ئىچىمدە: «ئەجەب ئىش. كائىناتتىكى پلانېتالارمۇ ھېيتىمىزنى بىلىدىكەنا!؟»دەپ ئويلىدىم. پلانېتالارنىڭ ئارىسىدا نېپتۇن، پلۇتون، ساتورن ۋە يۇپىتېرلار كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار تەرتىپ بويىچە تىزىلدى. دەل شۇ چاغدا ئۇراننىڭ يانفونى سايراپ، ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان «قەشقەر سەنىمى»نىڭ كۈيى زالنى بىر ئالدى.

— ۋەي، كىم؟ ھە، سالامەتمۇ سىز پلوتون ئاكا. ئېنىق گەپ قىلە. يانفونۇمنىڭ سىگنالى ياخشى تارتمايۋاتىدۇ. ھە، ... نېمە؟ كەلمەمسەن. بۇ... بولدۇ، يەتكۈزۈپ قوياي، خوش.

— پلۇتونغا بىرەر ئىش بوپتىمۇ؟ — سورىدى قۇياش.

— ئۇ، ئۇلۇشكۇن «بىلىم-كۈچ» ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىل 12-سانىغا «2006-يىل 24-ئاۋغۇست ئېچىلغان 〈ئاسترونومىيە بويىچە خەلقئارا 26-قېتىملىق يىغىنى〉دا پلۇتون قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز چوڭ پلانېتا سېپىدىن قالدۇرۇلدى. ئۇ پەقەت پلانېتالارنىڭ ۋەكىلى بوپقالدى» دەپ يېزىپتۇ. يەرشارىدا ياشىغان ئىنسانلارنىڭ بۇنداق بۆلگۈنچىلىكىدىن رەنجىگەن بولسامۇ، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، بېرىپ سىلەر بىلەن دىدارلىشاي دېگەنىدىم، ئالەم ئەخلەتلىرى يولۇمنى توسىۋالدى. ماشىنام مېڭىشقا ئامالسىز قالدى، كەچۈرۈڭلار. يەنە تېخى، يەرشارىغا ئېيتىپ قويۇڭلار، يوللىرىنى پاكىز تازىلاپ تۇرسۇن، ئېشەك چېغىدا ياتقان يېرىنى قۇيرۇقىدا شىپاڭلىتىپ تازىلايدۇ، دەپ قايناپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇران.

ئۇلار گويا تۇيۇقسىز بىر قېرىندىشىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقنى ئاڭلاپ بىئارام بولدىمۇ، سۈكۈتكە چۆمدى. بۇ چاغدا ئىشىك چېكىلىپ يۇپىتېر ۋە ساتورن كىرىپ كەلدى. يۇپىتېر قولىدا بىر پارچە خەت كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، تولىمۇ غەمكىن قىياپەتتە:

— نېپتون ئاكام خەت يېزىپتۇ، ئۇ كېلەلمەيدىكەن، — دېدى.

— نېمە دەيدىغاندۇ، كەيپىياتىمنى بۇزۇپ. ئوقۇغىنا، ئۇ نېمە دەيدۇ ئەمدى، — دېدى قۇياش سەل تېرىككەن ھالدا.

«ئەسسالام قېرىنداشلىرىم، ياخشى تۇرۇۋاتامسىلەر. ئاۋۋال سىلەردىن كەچۈرۈم سورايمەن. مەن بارالمايدىغان بولدۇم. يېقىندىن بېرى خەۋەرلەردە دېيىلىشىچە، يەرشارىدا ئۇرۇش كۆپ بولارمىش. تاسادىپىي بىرەر-بىرىم تال پۇچۇق بومبا تېگىپ كېتىپ بىرەر ئىش بوپقالسا، ھېيت ئوينىغانغا تويىمەن بىكار. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرلۈك كېسەللىكمۇ كۆپ ئىكەن. يۇقۇپ قالسا قانداق قىلىمەن.خەير، ھەممىڭلارنىڭ ساق-سالامەت، خۇشھال-خۇرام ھېيت ئوينىشىڭلارغا تىلەكداشمەن. سىلەرگە ھېيتلىق سوۋغا سۈپىتىدە 〈ئارمان〉 شىركىتىگە تېلېفون قىلىپ، 200 يەشىك〈ئارمان〉 قۇۋۋەت تالقىنى زاكاس قىلىپ قويدۇم. يېشىل يېمەكلىك، قوبۇل قىلىڭلار».

ئۇلار يەنە سۈكۈتكە چۆمدى. ئىشىك تۈۋىدە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغان مېنىدەك بىر ئادەمنىڭ بارلىقىغىمۇ دىققەت قىلمىدى. مەنمۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمىدىم. بىراق«ئارمان» شىركىتىنىڭ كائىناتقا يۈرۈش قىلغىنىدىن تولىمۇ خۇشاللىنىپ، ئاغزىم يۇمۇلماي قالدى. يەرشارى قاتتىق يۆتەلگىنىچە كىرىپ كەلگەندە، خۇددى ھاكقا سۇ قويسا قايناپ كېتىدىغاندەكلا، جىمجىتلىق بۇزۇلۇپ كەتتى.

— شۇنچە يىراقتىن بىز كېلىپ بولدۇق، نېمانداق ئۆزۈڭ كېچىكىپ قالىسەن. ۋاقىت ئېڭىڭ بۇنداق تۆۋەن بولسا، كائىناتتا بىر كىشىلىك ئورنۇڭنى تاپالمايسەن، يەرشارىجان، — دېدى ساتورن، يۇپىتېرلار.

— ھەي، سىلەر تېخى ئاڭلىمىغان ئوخشايسىلەر. بىز كەلگەن بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ۋاقىت ئېڭى بەك تۆۋەنمىش. مەركىلەرگە سائەت تۆتتە كېلىڭ، دېسە سەككىزدە كېلىدىكەن. كونىلارنىڭ: «سۇنۇقتىن باشقىسى يۇقىدۇ»دېگىنىدەك، ۋاقىت ئېڭى تۆۋەن بولۇش كېسىلى بۇيەردىكى ئادەملەرگە يۇقۇپ قالغان ئوخشايدۇ. قەتئىي تۈزەتسۇن، تۈزەتسىلا ياخشى ، — دېدى قۇياش. يەرشارى خىجىللىقتا يۆتىلىپ قىزىرىپ كەتتى.

— ئۆھۆ، ئۆھۆ... كەچۈرۈڭلار. تازا قاملاشمىغان ئىش بولدى. سىلەرنى ساقلىتىپ قويدۇم. بۈگۈن سىلەرنى چاقىرىشىمدىكى مەقسەت، — ئۇ ھاسراپ، ئۈزۈپ-ئۈزۈپ سۆزلەيتتى. — بىز قۇياش بوۋىمىزنى ئايلىنىپ، بىر-بىرىمىزگە رىشتىمىزنى چىڭ باغلاپ تۇرغان بولساقمۇ، لېكىن دىدارلاشمىغىلى ئۇزاق بوپتۇ. بىرىنچىدىن،

جەم بولايلى، دەپ ئويلىدىم. ئىككىنچىدىن، دەردلىرىمنى تۆكەي، دېدىم. يېقىندىن بېرى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى يۈكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشكەچكە تۇرلۇك تاماكا ياسالدى. مېنىمۇ قۇرۇق قالمسۇن دېگەندەك گۈڭگۈرت IV ئوكسىدى($SO_2$)، كاربون IV ئوكسىدى ($CO_2$) ماركىلىق خىلمۇ خىل «تاماكا»نى چەكتۈرۈۋەرگەچكە، كاناي ياللۇغى بوپقاپتىمەن. ئاستا ئاستۇرۇۋاتقاندىم، چۇشۇپ بولالماي كېچىكىپ قالدىم.

— بولدى قىلغىنا، «ئوسۇرغاققا ئارپا نېنى باھانە»دېگەندەك، ئەجەب جىق گەپ قىلىپ كەتتىڭغۇ، بىرنىمۇ چۈشەنمىدىممەن، — دېدى كۆكسىگە مېركورى دېگەن خەت چاپلىۋالغان بىرى.

— كېلىدىغانلار كېلىپ بولدۇق. سالام-سەھەت قىلىشىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېيىشمەمدۇق. يەرشارى ئاكامۇ مەقسىتىنى ئېيتتى، مانا جەم بولدۇق، ئەمدى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايلى، — دېدى ۋېنېرا.

— توغرا دەيسەن. مەن ماۋۇ ئۇران ئاكامنى تازا تونۇمايدىكەنمەن، بىر سالاملىشىۋالايلى، — دېدى مېركۇرى.

ئۇلار شۇنداق دوستانە - قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بارغانسېرى ھەيرانلىقىم ئېشىپ، گاڭگىراپ ئاغزىم ئېچىلىپ قاپتۇ. «تېزدىن ئاغزىمنى يۇمۇۋالاي، بايا يەرشارى ئېيتقاندەك مۇھەت بۇلغىنىشى ئېغىر، ھاۋا بەك بۇلغىنىپ كەتتى. ئاغزىمدىن بۇلغانغان ھاۋا كۆپرەك كىرىپ كەتمىسۇن»دەپ ئويلاپ ئاغزىمنى يۇمۇۋالدىم. ئۇلار تۇيۇقسىز غەلىتە بىر تىلدا سۆزلىشىۋاتاتتى. بەلكىم ھايۋانلارنىڭ ھايۋانلارغا خاس، ئۇچار-قاناتلارنىڭ قۇشلارغا خاس، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بولغاندەك پلانېتالارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس تىلى بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلايتتىم.

ئۇلار يەنە ماڭا ئوخشاش ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ شۇ قەدەر قىزغىن كۆرۈشكىنىدىن تولىمۇ ئىللىقلىق ھېس قىلدىم.

— يۇپىتېركا، سەن نېمانداق چوڭ، ۋاجرادەكلا كۆرۈنىدىكەنسەن (يۇپىتېر قۇياش سىستېمىسىدىكى پلانېتالار ئىچىدە ئەڭ چوڭى بولۇپ، دىئامېترى 142مىڭ 800كىلومېتىر، ھەجمى يەر شارى ھەجمىنىڭ 1316ھەسسىسىگە تەڭ). قۇربان ھېيتلىق داستىخاندىكى نېمەتلەر سەندىن ئاشمايدىغان ئوخشايدۇ. نەچچە تەخسە توخۇ قورۇمىسى يېسەڭ تويىسەن؟ — دېدى ۋېنېرا.

— خاتىرجەم بول، يەرشارىدا يەيدىغان نەرسە كۆپ. لېكىن توخۇ قورۇمىسى يېمەيمەن. قۇش زۇكىمى يۇقۇپ قېلىشتىن قورقىمەن، — دېدى يۇپىتېر.

— يەرشارىغا شۇنداق ھەۋەسىم كېلىدۇ، ئۇنىڭدا سۇيۇق ھالەتتىكى سۇ بار. بۇگۈن مەن تىنچ ئوكيانغا بېرىپ سۇ ئۈزۈپ كېلەيمىكىن. مەندە كرىستال ھالەتتىكى سۇلار بار. چۈنكى قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقىم...

— ھەي، مارس، مەندىن ئاغرىنىۋاتامسىز. ھېلىمۇ نۇرىمنى سەككىز مىنۇتتىلا يەتكۈزۈپ بېرىمەن. سىز تۇغۇلغان 4 مىليارد 60مىليون يىلدىن بۇيان ئۈن-تىنسىز، سېخىيلىق بىلەن بېرىۋاتىمەن. سىزدىن ھەق تەلەپ قىلدىممۇ؟ — دېدى قۇياش، — يىراق يەرگە سۇ ئۈزىمەن دەپ كەتمەي، يېقىن ئەتراپتىكى تۇمەن دەرياسىغا چۆمۈلۈپ تۇرۇڭ.

— ۋاي، قۇياش بوۋا، نېمە دەيدىغانلا. تۇمەن دەرياسىغىمۇ؟! ئۇنىڭغا چۆمۈلۈش تۇگۇل قارىغىسىمۇ كەلمەيدۇ كىشىنىڭ.

تۇيۇقسىز شۇلارنى ئويلىدىم:

راست، سېيىت نوچى نانلىرىنى چىلاپ يېگەن، بۇ قىرىدىن ئۇ قىرىغا ئات بىلەنمۇ ئۆتكىلى بولمايدىغان دولقۇنلۇق ئانا دەريا — بورۇنقى تۇمەن دەرياسى ھازىر يوق ئىدى. ئىلگىرى ئاجايىپ دولقۇنلۇق كۆيىنى ياڭرىتىپ، شاۋقۇنلۇق سادالىرى بىلەن ئاۋامنى گۈزەل ئىقبالغا چاقىرىدىغان تۇمەن دەرياسى ھازىر ئۈن-تىنسىز،دولقۇنسىز، تولىمۇ سۇس ئاقاتتى. ئۇنىڭ بويلىرىدىكى قويۇق ئورمانلىق، دەل-دەرەخلەرنىڭ ئورنىغا سېلىنغان بىنالار، ياسالغان يوللار ئۇنى ئەركىلىتىپ، ئويناقلىتىپ قويمايتتى، ئۇنىڭ يۈزىنى مېھرى بىلەن سۆيۈپ، شۇۋىرلاپ پاراڭلاشمايتتى. چۈنكى ئۇلار قارايلا تۇرىدۇ. دەرھەقىقەت، تۇمەن دەرياسى ھەددى-ھېسابسىز بۇلغانما-چىقىرىندىدىن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۈن-تىنسىز ئاقماقتا. ئۇنىڭ تومۇرىغا قۇيۇلۇۋاتقان بۇلغانمىلار ئۇنى ھالسىرىتىپ ھالىنى قويمىدى. دەريادىكى سېسىق سۇلارغا قاراپ بۇرنىنى تۇتۇۋالغان ئىنسانلارغا «ئىزا تارتساڭلارچۇ»دېگۈسى كېلىدۇ كىشىنىڭ. بۇلغانغان بۇنداق«تۇمەن»لەر بىزدە ئازمۇ ھازىر؟! ئۇنىڭغا ھەر قېتىم قارىغىنىمدا ئىچ-ئىچىمدىن ئۆرلەۋاتقان يىغىنى تولىمۇ تەستە باساتتىم. ھازىرمۇ كۆزلىرىمگە لىققىدە ياش كەلدى. بۇ چاغدا يەرشارى بەك قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە يېنىك مۇشتلاپ قويدى. بىر چاغدا يۆتەلدىن توختىغان يەرشارى غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ مۇڭلۇق، زەئىپ چىقاتتى.

— چىدىمايمەن... چىدىمايمەن...

— ۋاي نېمىگە چىدىمايسىز، گاچچىدە دەڭا! پوسكاللىسنى دەڭ گەپىنىڭ، — دېدى قۇياش.

— نېمىسىنى دەي قېرىنداشلار، ھېرىپ كەتتىم، ئۆلتۈرۈۋېلىپ سۆزلەي.

— بولمايدۇ، نەدە بىزدە ئۇنداق ئۆلتۈرۈۋالىدىغان قائىدە بار، — دېدى ئۇران.

— لېكىن، مەندە ياشايدىغان ئىنسانلار يىغىن ئاچسا، مەرىكە ئۆتكۈزسە ئولتۇرىدۇ... بوپتۇ، ئولتۇرمىسام ئولتۇرماي.

— نېمە؟ ئىنسانلار قانداق نەرسە؟ — دېدى ساتورن.

تۇيۇقسىز قورقۇپ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. چۈنكى بۇ چاغدا يەرشارى قولى بىلەن مېنى ئىشارە قىلىشىغىلا ھەممىسى ماڭا تىكىلىپ قاراشقاندى. دەل مۇشۇ چاغدىلا ئۇلار مەندەك بىر شەيئىنىڭ شۇ سورۇندا مەۋجۇدلۇقىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك، ھەيران قالغاندەك تۇراتتى.

— ھە، بىلدۇق. گېپىڭنى داۋاملاشتۇر، — دېدى مارس.

يەرشارى گېلىنى قىرىپ رەسمىي سۆزىنى باشلىدى:

— راست، سىلەر ئېيتقاندەك مەندە سۇ، ئورمان، تۈرلۈك ھايۋانات، ئۇچار قۇشلار، ئىنسانلار بار، ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدىم.

بىراق يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىنسانلار ئۆپكەم بولغان ئورمانلارنى خالىغانچە كېسىپ، ئۆپكەمنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتتى. نېفىت، كۆمۈر، تۆمۈر قازىمەن دەپ ئىچ - قارنىمنى قوچۇۋەتتى. كۆل - دەريالىرىمدىكى خىلمۇ خىل بېلىقلىرىمنىمۇ ئۆيلىماستىن سۇلارنى بۇلغىۋەتتى. ئېقىن سۇلىرىم يۈرىكىمدىكى زەردابتەك ... بېھېساب ماشىنىدىن چىققان گازدا تىنالماي قالدىم. ئۇلار تەبىئەتنى بويسۇندۇرىمىز دەپ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى، زېمىننى ۋەيران قىلىۋاتقىنىنى ھېس قىلالمايۋاتامدىغاندۇ؟! قېزىلما بايلىقلارنى خالىغانچە قازىدۇ. سانائەت ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ھەرخىل نەرسىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان كېرەكسىز ماددىلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى ياخشى ئىشلىمەيۋاتىدۇ. سىلەر بىلىسىلەر، كاربون IV ئوكسىدى($SO_2$) ئىسسىقلىق ساقلىغۇچى گاز. بۇ گاز كۆپەيگەنسېرى قىزىتمام ئۆرلەپ، يىلىغا $0.6^0C$ ~ $0.9^0C$ قىچە ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇنداق بولۇۋەرسە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئۇسسۇزلۇقتا ئۆلىدۇ، زېمىن قۇرغاقلىشىپ سۇ مەنبەسى خەۋپكە دۇچ كېلىدۇ. قۇملىشىش، چۆللىشىش كۆلىمى كېڭىيىدۇ. بۇنى ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ نېمانداق قىلىدىغاندۇ؟

— يەرشارىنىڭ دېگىنى راستمۇ؟ — دېيىشتى ئۇلار ماڭا قاراپ.

— مەن... ئىنسانلار ھەر يىلى مۇھىت ئاسراش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەيمىزغۇ. 12 - مارت«كۆچەت تىكىش بايرىمى»قىلىپ بېكىتىلىپ نۇرغۇن ئىھاتە ئورمان ئەھيا قىلىنىدىغۇ، — دېدىممەن ھولۇقۇپ. بىراق كۆز ئالدىمغا كۆكتات يۇيغىچە ئېقىتىپ ئىسراپ قىلىۋەتكەن سۇلار؛ ئۇۋۇلىرىنى، ئۇۋۇلىرى جايلاشقان دەرەخلەرنى تاپالمايۋاتقان قۇشلار؛ تاڭ سەھەردە ئاسمانغا قارىسام ساناقسىز تۇرخۇندىن يالماۋۇزدەك ھەيۋە بىلەن چىقىپ، بىغۇبار ئاسماننىڭ باغرىغا رەزىل قولىنى سۇنۇۋاتقان قاپقارا ئىسلار؛ سۇلاردا، بۇلغانغان سۇلاردا جان تالىشىۋاتقان بېلىقلار؛ چۆللەردە بارغانسېرى يېگانە قېلىپ سىرلىق كۆيىنى مۇڭ بىلەن تۆكۈۋاتقان توغراقلار، جىگدىلەر؛ دوقمۇش - دوقمۇشتىكى ئەخلەت ساندۇقلىرىدىكى سۇلياۋ — چىرىندىلار، ئەۋرەز يولى بۇزۇلغانلىقتىن كوچىلارغا يامرىغان نىجاسەت - يۇندىلار، نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتقان ئەتىۋارلىق جاندارلار، ئىلگىرىكىدەك نۇرلۇق پارلىمايدىغان قۇياش... نۇرغۇن نەرسە كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئويلىغانسېرى تىترەيتتىم.

— بۇ قىزنىڭ دېگىنى راستمۇ؟ — سورىدى ئۇلار.

— بۇ قىزنىڭ دېگىنىمۇ راست. بىراق ئادەملەرنىڭ تۈزۈۋشىدىن بۇزۇۋشى كۆپ. مەن ئىنسانلارغا بىر مۇراجىئەتنامە يازدىم. بۇنى ئۇلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بۇ تەلەيلىك مېھماننى چاقىرغان. بۇ مۇراجىئەتنامىنى ئۇنىڭغا بېرىپ قويايلى، ئۇ ئىنسانلارغا يەتكۈزسۇن، — دېدى يەرشارى.

— قېنى، ئوقۇپ باقىن، — دېيىشتى ئۇلار ماڭا قاراپ.

«تەلەيلىك مېھمان»بوپقالغىنىمدىن باشتا خۇشھال بولغان بولسام، ئەمدىلىكتە پۇشايمان قىلىشقا باشلىدىم. «ئەگەر بۇ مۇراجىئەتنامىدە بىز ئىنسانلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنىڭ ھەممىسى يېزىلغان بولسا، بۇ پلانېتالار تۇيۇقسىزلا ‹ئۇرتوقماق›قا ئۆزگىرىپ مېنى دۇمبالاپ، جازالاپ كېتەرمۇ؟!»دەپ قورقۇپ، تىترەپ تۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

## مۇراجىئەتنامە

قەدىرلىك ئىنسانلار! مەن سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردىكىلا مۇھىم دوستۇڭلار يەرشارى. ھەسرەت، ئازاب، ئېچىنىش، ئۈمىد ئىچىدە بۇ نامىنى يازدىم. سىلەر ماددىي مەئىشەت پاراغىتىدە تولىمۇ بىخۇدلىشىپ كېتىۋاتىسىلەر. ئۆزۈڭلارغا قانچىلىك يوشۇرۇن - ئاشكارا خەۋپنىڭ يېقىنلاۋاتقانلىقىنى ، يېقىنلاپ بولغىنىنى بىلەلمەيۋاتىسىلەر. شۇڭا ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ بۇ نامىنى يازدىم. سىلەر ھاياتىڭلارنى سۆيۈسىلەر، سالامەتلىكىڭلارغا ئاجايىپ كۆڭۈل بۆلىسىلەر. بىراق سىلەر ياشاۋاتقان، ھاياتىڭلار نەپەس ئېلىۋاتقان مۇھىتنى ئاسرىمايۋاتىسىلەر. شۇڭا سىلەرگە تۆۋەندىكىلەرنى مۇراجىئەت قىلدىم:

1. بۇلغانغان سۇلارنى قالايمىقان قويۇپ بېرىش ۋە بۇنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلەنمەسلىكى سۇنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كېرەكسىز سۇلار شەھەرلەردىكى ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە بىۋاستە قويۇپ بېرىلىپ، %90 ئېرىق - ئۆستەڭ سۈيى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاندى. مۇشۇلارنى بىلىپ تۇرۇپمۇ سۇنى تېجەپ ئىشلەتمەيۋاتىسىلەر، يەر ئاستى سۈيىنى زىيادە كۆپ ئىشلىتىۋاتىسىلەر. «بىر تامچە سۇنىمۇ تېجەپ ئىشلىتىش»دېگەننى ھەممىڭلار ئېگىز پلاكاتلارغا يېزىپ قويغىنىڭلار بىلەن ، ئەمەلدە كۆرسىتەلمەيۋاتىسىلەر. شۇڭا سۇ بۇلغىنىشىنى ئازايتىپ، سۇنى تېجەپ ئىشلەتسەڭلار. شوخ، سەبىي بالىلار ئىلگىرى سۇلارغا چۆمۈلۈپ، چېچىشىپ شۇنداق خۇشھال - خۇرام ئوينايتتى. ھازىر بولسا بالىلارغا چۆمۈلگىدەك دەريا - ئېقىنلارمۇ يوق بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار مۇنچىلارنى بىلىدۇ. ھېس قىلمىدىڭلارمۇ، مۇشۇنداق كېتىۋەرسە بۈگۈن چۆمۈلگىلى سۇ قالمىغان بولسا، ئەتە ئىچىدىغانغا سۇ قالارمۇ؟ كېيىنكىلەرنى ئويلاڭلار!

2. مېنىڭ سۈمبۈل چاچلىرىم بولغان دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارنى يۇلۇپ، مېنى بارغانسېرى تاقىرباش قىلىۋەتتىڭلار. ئۇلار يالغۇز مېنىڭلا ئەمەس، سىلەرنىڭمۇ زىننىتىڭلار، جېنىڭلار ئىدى. شەھەرلەرنى گۈزەللەشتۈرىمىز ،كۆكەرتىمىز ،دەپ مەزمۇت دەرەخلەرنى كېسىپ، پۇتلاشتى، زامانغا لايىقلاشمىدى دېدىڭلار. سۇنئىي دەرەخ، مەنزىرە گۈللەرنى تىزدىڭلار. ئۇنى - بۇنى ياسايمىز دەپ ئورمانلارنى خالىغانچە كېسىۋەردىڭلار. ماشىنا - تۇرخۇنلاردىن چىقىۋاتقان گاز سىلەرنىڭ جان تومۇرۇڭلار - نەپەس ئالىدىغان ھاۋايىڭلارنى بۇلغايدۇ. دەل - دەرەخلەردە نېمە گۇناھ؟ ئۇلار ئاشۇ ئىسلارنى سۈمۈرۈۋېلىپ، ھاۋانى ساپلاشتۇراتتى، ئۇ تەبىئىي «ھاۋا تەڭشىگۈچ»ئىدىغۇ؟! ئۇ يەنە تېخى سىلەرگە يېڭى، ساپ ھاۋا ئىشلەپچىقىرىپ بېرەتتى. ئىلگىرى دەرەخ ئاستىدا سايداپ، سالقىنلايتتىڭلار، ھازىر شامالدۇرغۇچ ئالدىدا سالقىنلاۋاتىسىلەر. كېيىنچۇ؟! ئىلگىرى بالىلار دەل - دەرەخلەرگە يامىشىپ ئوينايتتى، بۈگۈن ئۇلار ئېگىز بىنالارنىڭ پەلەمپەيگە يامىشىۋاتىدۇ. ئىللىق شامالدا شۇۋىرلايدىغان يوپۇرماقلارنىڭ ئورنىنى تەرىنى سوغۇق

تۇرۇپ قاراپ تۇرغان ستولبىلار ئالدى. قۇشلار ئۇۋۇا تىزىدىغان دەرەخ بولمىغاچقا سەرسان بولدى، بەزىلىرى قەپەسلىرىگىلاردىن، تاماق ئۇستىلىگىلاردىن ئورۇن ئالدى. باللار قۇشلار بىلەن سىردىشىپ ئويىنيالماي، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىلاردا كارتونلار بىلەن سىرداشماقتا. كېيىنكىلەرنى، بىغۇبار باللارنى ئويلاپ بولسىمۇ كۆپرەك كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىپ، دەل-دەرەخلەرنى قالايمىقان كەسمىسەڭلار.

3. قىزىلما بايلىقلارنى تولىمۇ ئاچ كۆزلۈك بىلەن قېزىۋاتقىنىڭلارنى ھېس قىلمايۋاتامسىلەر!؟ ئەلۋەتتە، مەندىكى مەئىشەتلەر سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈندۇر. بىراق بۇزماسلىقىڭلار، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكىڭلار كېرەك ئىدى. سىلەرگە تەۋرىنىپ بېشارەت بەرسەممۇ بىلمىدىڭلارغۇ؟! بۇ، «ھاي! بۇيەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار»دەپ خىتاب قىلغىنىم ئىدى.

4. شەھەرلەرنىڭ سانائەتتىن بۆلۈنگىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شەھەر سانائىتىنى تەرتىپكە سېلىپ، كارخانىلارنى شەھەر سىرتىغا كۆچۈردۈڭلار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە باقمىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق قاتارلىق زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ كۆپىنچىسى شەھەر ئەتراپىدىكى رايونلارغا مەركەزلەشتى. بۇنىڭ بىلەن گىندە، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى قاتارلىقلار شەھەر ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭمۇ تۇپراق، سۇ مەنبەلىرىنى بۇلغىدى. ئىنسانلار تولىمۇ ئەقىللىقسىلەر.غايەت زور تۆمۈرنى ھاۋادا پەرۋاز قىلدۇرۇپ، سۇلاردا ئۈزدۈرەلىگەنىكەنسىلەر، مۇھەت قۇرۇلۇشىڭلار ئۈچۈنمۇ ياخشى چارىلەرنى تاپالايسىلەر. شەھەرلەرنىڭلا ئەمەس، يېزىلارنىڭمۇ مۇھەت خىزمىتىنى چىڭ تۇتساڭلار.

5. ئويلاپ بېقىڭلار، ساپ ھاۋادىن نەپەسلەنمىگىلى قانچىلىك بولدى؟ ھاۋا بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئاساسىي ئامىل ئاپتوموبىل — ماشىنىلار، تۇرخۇنلاردىن چىقىۋاتقان ئىسلار. ئىنسانلار ھەددىدىن زىيادە پاراغەتكە بېرىلىۋاتامسىلەر ياكى مودا قوغلىشىۋاتامسىلەر بىلمىدىم، ئادەم بېشىغا بىردىن ماشىنا بولۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىۋاتىسىلەر. شەھەرلەردىكى قىستائىچىلىق، بۇنچە كۆپ — ھەددى-ھېسابسىز ماشىنىغا كېتىدىغان يېقىلغۇ گاز، بېنزىن قېزىلما بايلىقلارغا ئېغىر بېسىم ئېلىپ كېلىپلا قالماي، چىققان كېرەكسىز گازلار ھاۋانى بۇلغاۋاتىدۇ. ئاممىۋى ئاپتوبۇسلارنى، تراللىبۇسلارنى قولايلىقلاشتۇرۇپ، شەخسىي ماشىنىلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئىلاج قىلىپ ئازايتساڭلار بولماسمۇ؟! سانائەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى «ئۈچ كېرەكسىز»نىڭ مىقدارىنى ئازايتىپ، بىرتەرەپ قىلىشنى ياخشى ئىشلەپ، ئوزۇن قاتلىمى ۋە ھاۋانى قوغداپ قالساڭلار.

6. سىلەر تولا ئۇرۇش قىلىپ، زەھەرلىك خىمىيىۋى قوراللارنى ئىشلىتىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىنىڭ ئۈستىگە، مېنىمۇ بەك ئېغىر زەخىملەندۈرۈۋاتىسىلەر. ئۇرۇشتىن نېمە پايدا كۆردۈڭلار. بىرەر قېينچىلىقتا ئۇچرىساڭلار«ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا قېينىلىپ نېمە قىلىمەن»دەپ بەل قويۇۋېتىشكە رازى سىلەر. ئەجەبا، «ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا ئۇرۇشۇپ نېمە قىلىمەن»دەپ ئويلىمامسىلەر. ئۆزىنىڭ ھەققانىي ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش كېرەك. بىراق، ئورۇنسىز ئۇرۇشنىڭ زىيىنىنى ئاز تارتتىڭلارمۇ؟! بولدى، ئەمدى ئىناق ئۆتسەڭلار.

7. ھايۋانات، ئۇچار-قاناتلار سىلەرنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇڭلار. بىراق ئۇلارنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرىپ قويۇۋاتقىنىڭلارنى سەزمەيۋاتامسىلەر. ھازىر دۇنيادا جانلىقلار تۈرىنىڭ يوقىلىش سۈرئىتى تېزلەشمەكتە. ئالىملار ھەر ئۈچ يىلدا ئىككى قۇش تۈرى يوقىلىدىكەن، دەپ مۆلچەرلىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ تۈر سىلەرنىڭ دىققىتىڭلارنى تارتمىغان ھالدا يوقاپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلارغا رەھىمسىزلىك قىلماڭلار. كەپتەرلەر قورقماي كېلىپ ئالقىنىڭلاردا دانلىسۇن. قوزىلار باللىرىڭلارغا ئەگىشىپ ئېتىز-ئېرىق بويلىرىدا ئوتلىسۇن، سىلەرنى كۆرسە ئالدىڭلارغا يۈگۈرۈپ كېلەلىسۇن: زەڭگەر ئاسماننىڭ زىننىتى قۇشلار ئەركىن پەرۋاز قىلسۇن؛ يايلاقلار يالغۇزسىراپ ياش تۆكمىسۇن. ئورمانلىقلار دوستىنى تاپسۇن. سىلەر هارساڭلار ھۇشقۇيتىپ بوران چىقىرىپ ئەمەس، شالقىن شامىلى بىلەن سىلەرنى قارشى ئالسۇن. بىپايان تەبىئەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىڭلار بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلانساڭلار.

8. بىرى تۈزىسە يەنە بىرى بۇزىدىغان ئىش بولمىسا. ھەممىڭلار ئاڭلىق ھالدا «ھەممە ئىشنى ئۆزىدىن باشلاش، ئەتراپىدىكى كىچىك ئىشلاردىن باشلاش»تەك ياخشى روھنى جارى قىلدۇرساڭلار. ھە راست، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىمۇ مېنى سۆيىدىغان، مۇھىتنى ئاسرايدىغان قىلىپ تەربىيىلىسەڭلار. سىلەر، باللار ۋە كەلگۈسىدىكى پەرزەنتلەر چىن مېھىر-مۇھەببەتتە ياشىساڭلار.

مۇراجىئەتنامىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئېغىر ئۇھسىندىم.

— توۋا، سىلەر ئىنسانلار نېمانداق... بىزمۇ سانسىز پلانېتا بىر-بىرىمىز بىلەن ئۇرۇشۇپ قالمايمىز. توققۇزىمىز قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىپ، قاپاق تۇرۇشۇپ قالمايمىز. ئۇلار بىزدىن ئۆگەنسە بولغىدەك، — دېيىشتى ئۇلار.

مەن خىجىلچىلىقتا مۇراجىئەتنامىنى تۇتقان پېتى تۇرۇپ قالدىم. قۇياش سائىتىگە قاراپلا: «كۆپچىلىك، بىز ماڭايلى، مەرىكىگە كېچىكىپ قالمىز» دېيىشىگىلا، ھەممىسى چۆرگىلەپلا يوقىلىپ كېتىشتى. تۇيۇقسىز زال ئىشىكى جالاققىدە ئېچىلغاندەك بولدى.

چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئەسلى ئانام ھويلىغا چىقىش ئۈچۈن ئىشىكنى ئاچقانىكەن. قولۇمدا دېرىزىنىڭ پەردىسىنى چىڭ تۇتۇۋاپتىمەن. چۈشۈمنى ئويلاپ-ئويلاپ گاڭگىراپ قالدىم. چۈشۈممىدۇ يا ئوڭۇممىدۇ، دەپ ئىككىلىنىپ، ئەتراپىمغا قارىسام، ياستۇقۇم بېشىدا ئاخشام كۆرۈپ ياتقان ژۇرنال بىلەن جۇغراپىيە كىتابىم ماڭا قاراپ تۇراتتى. تۇرۇپلا ئۇلارنىڭ ئامانىتىنى — مۇراجىئەتنامىسىنى بىز ئىنسانلارغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

2006-يىل 10-دېكابىردا يېزىلدى، 20-دېكابىر تەھرىراتنىڭ تەلىپى بىلەن قايتا تولۇقلاپ تۈزىتىلدى؛ شەھىرى قەشقەر.

---

ئاپتور: كونىشەھەر ناھىيە سايباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى(M2)



# بىزگە زۆرۈرى قەتئىي ئېنىقلىق

ــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»غا دائىر ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن

ئابلەت مۇھەممەت

«تەرەققىي قىلمىساق ھالاك بولىمىز.»

*ــ مۇستاپا كامال (مەسئۇل مۇھەررىردىن قىسقارتما)*

مەن بىر قىسىم ئىجتىھاتلىق ياش ئاپتورلارنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا بېسىلغان «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»نى چۆرىدىگەن مۇھاكىمە ـ مۇلاھىزىلىرىنى قىزىقىش ۋە زوقلىنىش بىلەن ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. مىللەت ئىچىدىن مۇشۇنداق ئىزدىنىشچان، مول بىلىمگە ئىگە، شەيئىلەرگە ھەرقايسى نۇقتىدىن دادىل باھا بېرەلەيدىغان ياشلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس. ئۇلار ھازىر ياش، روھى، ئەقلى قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار مىللەتنىڭ

شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ھايات مۇساپىسى جەريانىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، داۋاملىق ئىزدىنىشچانلىق كۆرسىتىپ بارىدىغانلا بولسا، قەدەممۇ ـ قەدەم يېتىلىپ، ئۆزلىرىنى بېغىشلىغان، بىلگەن ساھەلەردە چوقۇم مول نەتىجە قازىنالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل. ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى پەۋقۇلئاددە مۇھىتى ئىزدىنىش ۋە يارىتىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ مەنبەئى. بۇ مۇھىت مىللىتىمىزدە ئۆزگىچە تەپەككۇر ۋە يەكۈن ــ ھۆكۈملەرنى باشقىلارغا ئوخشىمىغان ھالدا ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ توغرىلىق، دەللىك دەرىجىسىمۇ باشقىلاردىن، ھەتتا ھەر ـ ھەر نوپۇز ئىگىلىرىدىنمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئىلگىرى مىللىتىمىز ئىچىدىن چىققان سىياسىي مېڭىگە ئىگە سەگەك كىشىلەر ئەينى دەۋردىكى سىياسىي زوراۋانلىق، بېسىم، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدىمۇ ئىستىقبالى، ھاياتىنىڭ

## مەنمۇ قارىشىمنى قويۇپ باقاي

نىمە بولۇشى بىلەن ھېسابلاشماي، چەكسىز نوپۇزغا قارشى جەڭ ئېلان قىلالىغانىدى. ھازىر ئەھۋال ئۇ دەۋرلەرگە نىسبەتەن ئومۇمەن ياخشى. «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش»، «ئىدىيىنى ئازاد قىلىش»، «سىياسىي مەدەنىيلىك»، «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»، «ئىناق مەدەنىيەت بەرپا قىلىش»نىڭ شارائىتىدىن تەپەككۇر ۋە پىكىر ئەركىنلىكىگە ئوبدانلا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. مەن جۈرئەتلىك، تىرىشچان ئاشۇ ياشلارنىڭ بارغانسېرى پىشىپ، مۇكەممەللىشىپ بېرىشىغا تىلەكداشمەن.

ئەلۋەتتە، مەن ئاساسەن ئۆتكەن دەۋرگە مەنسۇپ، يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە كۆرگەن - بىشمەدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىم كۆپ بولسىمۇ ئەمما زامان تەلپىگە نىسبەتەن يەنىلا چالا ساۋات ئادەم، ئادەتتىكى بىر شەھەر پۇقراسىمەن. شۇڭلاشقا يەنىلا، ھازىرقى خەلقئارا مەسىلىلەر ۋە ئۆز مەسىلىلىرىمىزگە نىسبەتەن باشقىلار، جۈملىدىن شۇ بىر قىسىم ياشلىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا بەزى مەسىلىلەردە ئوخشىمىغان قاراشتىمەن. «سودىگەرنىڭ يولى بىر، رىسقى باشقا» دېگەندەك، بىر شەيئى ئۈستىدە ھەركىمنىڭ ھەر تۈرلۈك نۇقتىدىن كۆزىتىشى، مۇھاكىمە قىلىپ يەكۈن چىقىرىشى نورمال ئەھۋال. «بىر تەرەپتىن ئاڭلىساڭ ئەھۋال تۇتۇق بولىدۇ، ھەرتەرەپتىن ئاڭلىساڭ ئەھۋال ئوچۇق بولىدۇ.» ئوخشاشمىغان پىكىرلەر ئىلمىي مۇنازىرە روھىنى كۈچەيتىدۇ، تەپەككۇرنى يۈكسەلدۈرىدۇ، تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ ۋە ئاخىرقى ھېسابتا توغرا يەكۈنگە ئېلىپ كېلىدۇ، دېگەن قاراشتىمەن. شۇ ئوي بىلەن مېنىڭمۇ ئۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويغۇم كەلدى.

## مەدەنىيەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى يېڭى چوڭ «سەكرەش» — «مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى»

بىز ئىلگىرى ئىمپېرىيە، مۇستەملىكە، جاھانگىرلىك دېگەن ئاتالغۇلارنى تارىختىكى، بولۇپمۇ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ۋە 1-، 2-دۇنيا ئۇرۇشلىرىدىكى ئەنگلىيە، چاررۇسىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، تۈركىيە، ھوللاندىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە... قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ زېمىن كېڭەيمىچىلىكى، قۇدرەت تاپقان دۆلەت ياكى مىللەتلەرنىڭ ھەربىي كۈچ ياكى سىياسىي ۋاستىلەرنى قوللىنىپ باشقا زېمىن، مىللەتلەرگە ئېلىپ بارغان مۇداخىلە — تاجاۋۇزچىلىقى، دەپ چۈشىنىپ كەلگەنىدۇق. تارىختىن بۇيان ئىنسانلار (مىللەتلەر، ئىرقلار) مەيلى ئۇ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولسۇن يۇقىرىقى ئاتالغۇ ئىپادىلىگەن خاراكتېرنىڭ ئەكسىچە مەدەنىيەتتىكى كېڭىيىشنى سىياسىي، ھەربىي چەكلىمىلەردىن، جۇغراپىيىلىك رايونلار تېررىتورىيىسىدىن ھالقىغان تەبىئىي، قانۇنىيەتلىك يۈزلىنىش، دۇنيا ئەزەلدىن مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىشىشى، سىڭىشىشى ۋە قوبۇل قىلىشى ئارقىلىق قىياپىتىنى يېڭىلاپ كەلگەن، شۇڭا مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ۋە ئامىللىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى، دەپ قاراپ كەلگەنىدۇق. ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە تەسىرى جەريانىدا ئوبيېكتىپ مىللەت ئەھۋالى، شۇنداقلا ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ شارائىت ئامىللىرى بەلگىلىگەن خاسلىق ئىچىدە مۇناسىپ تاللاش، قوبۇل قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەريانلىرى ھازىرقى دۇنيا ئەللىرىنىڭ، ھەتتا ھەرقايسى ئەللەر ئىچىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭمۇ شۇنىڭغا بىنائەن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرغانىدۇق. بۇنداق ئۆزگىچە پەرقلەر مەيلى تەرەققىي قىلغان ئەللەر ۋە مىللەتلەردە بولسۇن ياكى ئۇزۇن يىل مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە بويۇنتۇرۇقىدا ياشاپ كەلگەن ئەللەر ۋە مىللەتلەردە بولسۇن ۋەياكى فېئودالىزم، كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزم جەمئىيەتلىرىنىڭ تۈزۈملىرى شارائىتلىرىدا ياشىغان مىللەتلەردە بولسۇن، بۈگۈنكى غايەت زور تەرەققىي قىلغان ئېلېكترون دەۋرىدىمۇ يەنىلا ئوخشاشلا ئاشۇ مىللىي پەرقلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كۆرۈپ كەلمەكتە ئىدۇق. مەدەنىيەتلەردىكى ئۆزئارا تەسىرلىشىش قانداقتۇر ھەدېسىلا زوراۋانلىق، تاجاۋۇزچىلىق، مۇستەملىكە تۇسىگە كىرمەستىن بەلكى تەبىئىي تەسىرلىشىش ۋاستىسى بىلەن بوپكەلگەنىدى. چۈنكى مەدەنىيەتنى قورال، ھەربىي ۋاستە بىلەن تېڭىش، زورلاپ قوبۇل قىلدۇرۇش تولىمۇ تەس ۋە ھەتتا مۇمكىن بولمايدىغان جەريان ئىدى. ئىدىيىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىسە كىم كىمنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلسۇن؟

ئەمما مەدەنىيەت تەرەققىي قىلىپ، يېڭى ئېرانىڭ 21-ئەسىرگە كەلگەندە مەدەنىيەت ئۇقۇمىدا يېڭى بىر «سەكرەش» — «مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى» مەيدانغا چىقتى. (مەدەنىيەت بىلەن باغلانغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان ئۆتكۈنچى ئىبارىلەرنى ئىلگىرى ئۇچراتمىغان دېيەلمەيمىز، ئەلۋەتتە.)

ھازىر مەدەنىيەت ئۇقۇمى ئىپادىلىگەن مەنا ھەقىقەتەنمۇ كەڭ، تولۇق بىرلىككە كەلگەن ئېنىق قاراش يوق. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھەربىر قەدەم - باسقۇچى مەدەنىيەت بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر مەدەنىيەت ئۇقۇمىنى سىياسىيغا كىرىشتۈرۈپ قوللىنىشتىن كۆرە (بۇنداق قوللىنىش ئىلگىرى بەزى يۇقىرى نوپۇزلۇق سىياسىيونلارنىڭ مەلۇم مەقسەتتىكى سىياسى«ئويۇن»لىرى ئۈچۈن دەستەك بولغان)، ئادەتتىكى سىياسىي ۋە زور خەلقئارا مەسىلىلەردىن پەرقلەندۈرگەن ئاساستا ئۇنى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرى، مەدەنىيەت، تارىخ، تۇرمۇش، ئادەت ئۆزگىچىلىكلىرى، ئىلىم-پەن، سەنئەت ساھەلىرى دېگەندەك (مەلۇم بىرسىنىڭ قورالى دېيىلگەن تەقدىردىمۇ) تەشۋىش، ۋەھىمىدىن خالىي تېمىلاردا قوللىنىلىپ، ئىزچىل ۋە مۇقىم بولغان مەدەنىيەت تەرەققىياتى خاس دۇنياسىنى ياراتقانىدى. بۇنداق ئۆزگىچىلىك تەبىئىيلا مەدەنىيەتنى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلاندۇرغانىدى.

ئەلۋەتتە، «مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى»ياكى «مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى» دېگەنگە ئوخشاش مەدەنىيەتكە باغلانغان تېمىلار ئوتتۇرىغا قويۇلغانىكەن، بىزمۇ ( بىز دېيىشمەيدىكى سەۋەب پىكىرداش بۇرادەرلەر بىر قۇر مۇلاھىزە قىلىپ چىققانىدۇق) شۇ مەدەنىيەت ئىچىدىكى ئادەملەر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئۆز مۇلاھىزە - قاراشلىرىمىزنى قويۇپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

## ئىنسانلارنى ئايرىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل نېمە؟

مېنىڭچە، دوست-دۈشمەننى ئايرىشتا مەدەنىيەتنى بىردىنبىر - تۈپكى ئۆلچەم قىلىۋالىدىغان ھەرقانداق نەزەرىيە - ھۆكۈملەر مەيلى ئۇ كىم، قانداق نوپۇز ئىگىسى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلىشىدىن قەتئىينەزەر پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان ھۆكۈم، ئىنسانىيەت تارىخىي جەريانلىرىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قاراشتۇر. ھازىرغىچە بولغان ئىنسانلار (مىللەتلەر، دۆلەتلەر ياكى تۈرلۈك ئىنسان بىرىكمىلىرى) نىڭ دەرىجە پەرقى،

باي ـ كەمبەغەللىكى، كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىنىڭ گەۋدىلىنىشى مەدەنىيەت ئامىللىرىدىن كۆرە ماددىي تەرەققىيات ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، مەدەنىيەت ئامىللىرى نىسپىي ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان. «ماددا ئاڭنى بەلگىلەيدۇ»دېگەن قانۇنىيەت بويىچە قارىغاندىمۇ ماددا ـ زېمىن مەڭگۈلۈك دوست ـ دۈشمەنلىك زىددىيەتنىڭ تۈپكى ھالقىسى. مەدەنىيەت سالاھىيىتى ئاشۇ كۈچ ـ قۇدرەتكە ئەگىشىپ رول كۆرسىتىدىغان ئىككىلەمچى ئامىلدۇر.

بىز يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا نېمىنىڭ مەڭگۈلۈك(نىسپىي)، نېمىنىڭ ئىنسانلارنى ئايرىشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل بوپكەلگەنلىكىنى يەنە شۇ ئىنسانلارنىڭ تارىخى جەريانلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرايلى.

سەيمىل خانتىگتون «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»دېگەن كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغانىدەك ياكى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا بېسىلغان « مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» غا ئائىت ماقالىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك ھازىرقى دۇنيادىكى بارلىق توقۇنۇش ، كرىزىس، ئۇرۇش، بالايىئاپەتلەرنىڭ تۈپ مەنبەسى مەدەنىيەتنى بەلگە قىلغان توقۇنۇشمۇ؟

گەپنى يىغىپ ئېيتقاندا، خەلقئارا جەمئىيەتلەردىكى توقۇنۇشلار قارىماققا مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما تۈپ نېگىزىدىن ئالغاندا ، مەدەنىيەتنى ۋاستە قىلغان ئىقتىساد، مەنپەئەتنىڭ توقۇنۇشىدۇر. زېمىن، بايلىق، ئىقتىسادىي مەنپەئەت، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارغا زورلۇق ـ زومبۇرلۇق قىلىشى، دۆلەتلەر، مىللەتلەر ئارا ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۈرىشى بولمىغان بولسا دۇنيادا ھېچقانداق ئۇرۇش پارتلىمىغان بولاتتى.

مىللەتلەرنى، دۆلەتلەرنى يالغۇز مەدەنىيەت جەھەتتىكى ، ئىقتىساد جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلارلا ئۇرۇش، توقۇنۇش كرىزىسىغا سۆرەپ كىرمىدى. گەرچە نەچچە ئەسر ئىلگىرى دىن كېڭەيتىش يولىدىكى ئۇرۇش— توقۇنۇشلار شۇ خىل تۈستە زاھىرلانغان بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە بۇ نوقۇل مەدەنىيەت توقۇنۇشى تۈسىدە مەيدانغا چىقمىدى. بەلكى ئەڭ ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك، سىياسىي جەھەتتىكى نوپۇز تالىشىش كۈرىشىدىن باشلاندى. يەنى دۆلەتلەر، مىللەتلەر زېمىن، بايلىق، ھوقۇق، كۈچ تالىشىپ تىركىشىشكە باشلىدى. ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە ھەممىگە ئۆزى خوجا بولۇش غەرىزى ئۇرۇش پىلتىسىگە ئارقا ـ ئارقىدىن ئوت ياقتى.

... ئېنىقكى، بۈگۈنكى ئامېرىكا، ياۋروپا، ئومۇمەن تەرەققىي تاپقان غەرب دۇنياسىنى تونۇتقان نەرسە ماددىدۇر. ئەگەر ئۇلار قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي كۈچ، ھەربىي كۈچ، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئارقا تىرەك قىلمىغان بولسا، تەرەققىي تاپقان ئامېرىكا ـ ياۋروپا مەدەنىيىتى «ھاكىم مەدەنىيەت» ياكى «مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى»دېگەن «سالاھىيەت شەرىپى»گە نائىل بولالمىغان بولاتتى. يەنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈك بولمىسا ئۇلارمۇ ئۆز كۆز قارىشى،ئۆز ئىدىيىسىنى ھەرگىز بازارغا سالالمايتتى. يەنە شۇ ئىقتىساد، مەنپەئەت، كۈچ، ئۈستۈنلۈك، خوجايىنلىق تالىشىش نىيىتى بولمىسا ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆز مەدەنىيىتىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ يەرشارى مىقياسىدا ئومۇميۈزلۈك ئومۇملاشتۇرۇش غەرىزىدە بولماس ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ ، خەلقئارادىكى ھەربىر توقۇنۇش، ئۇرۇشنىڭ، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر تەگ ـ قاتلاملىرىدا پۇل ئۈچۈن، بايلىق ـ دۇنيا ئۈچۈن شارىلداپ ئېقىۋاتقان قان ـ شۆلگەيلەرنى كۆرۈپ يېتىش تەس ئەمەس. تارىخىي جەريان شۇنداق بوپكەلدى — قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى تارىخ مۇزېيلىرىغا كىرىپ كەتتى، ئورنىغا يېڭى شەكىللەنگەن مەدەنىيەتلەر بەزمە قۇردى. ئەرەبلەرنىڭ 7 ـ ئەسىردىن تارتىپ شىمالىي ئافرىقىنى ئىگىلىشى ئەرەبلىشىش (ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى)نىڭ باشلىنىشى بولغان بولسا، 17 ـ ئەسىردىن كېيىنكى شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا كۆچمەنلىرىنىڭ كېيىنكى ماكانىغا ئايلىنىشى بۇ زېمىندا يېڭى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۈلىنى ھازىرلىدى. ئوخشاشلا، 15 ـ ئەسىردىكى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي رىم (ۋىزانتىيە) ئىمپېرىيىسىنى گۇمران قىلىپ كونستانتىپولنى ئىشغال قىلىشى ۋە ئىستانبۇلغا ئۆزگەرتىشى ھەم فراكىينىڭ ئەسلىي ئاھالىسىنىڭ تۈركلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە ئۇيەردىكى ئەسلىي خرىستىئان (پراۋوسلاۋىيە) مەدەنىيىتىنى تۈرك ئىسلام مەدەنىيىتى ئىگىلىدى. مۇشۇ تارىخىي بۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىدە نوقۇل مەدەنىيەت ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى كۈچ ـ قۇدرەت، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي كۈچ مۇھىم رول ئوينىدى.

بىز گەرچە ئاشۇ يېڭىلانغان ئامىللارنى مەلۇم بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىساقمۇ ، بۇيەردە روشەن گەۋدىلىك رول ئويناۋاتقىنى يەنىلا نوقۇل مەدەنىيەت سالاھىيىتىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ سالاھىيىتىدۇر. ئەقەللىي ساۋاق شۇنداق — مەدەنىيەتنى، ئېتىقادنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دۆلەتنى، مىللەتنى، زېمىننى، بايلىقنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. زېمىن ـ بايلىق، ئىگىلىك ھوقۇقى قولدىن كەتكەن دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئېتىقاد، مەدەنىيىتى قانچىلىك ئېسىل، پارلاق، ئىلغار بولغان تەقدىردىمۇ مۇقەررەركى مۇنقەرز بولۇش ھالاكىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇ قەدەر پارلاق مەدەنىيەت نەمۇنىسىنى ياراتقان مايالار، ئازتېكلار، ئىندىئانلار قېنى؟

دوست ـ دۈشمەن، جاھانگىرلىك، مەدەنىيەت قاتارلىق چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسلا «مەڭگۈلۈك»تىن مۇستەسنا نىسپىي چۈشەنچىلەردۇر. دەۋرلەر، دۆلەتلەر، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەنپەئەتنى شەرت قىلغان ئاساستا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىز ئوخشاش غايە، ئېتىقاد، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە دۆلەتلەر، مىللەتلەرنىڭمۇ ئۈستۈنلۈك، مەنپەئەت تالىشىش يولىدا بىر ـ بىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى كۆپ كۆرگەن.

بىز جۇڭگو بىلەن سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغىچە بولغان جەريانىدا ئورتاق سوتسىيالىزم يولىدا بىر لاگېردىكى «يولداش»، ئورتاق كوممۇنىزم نىشانىدىكى ئېتىقادتا «قېرىنداش»، «دوست» بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئامېرىكىنىڭ بولسا، سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق دۈشمىنى — جاھانگىر دەپ جاكارلانغانلىقىنىمۇ بىلىمىز. ئەمما 1960 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ جۇڭگو بىلەن سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئىختىلاپىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە بۇ ئىختىلاپلارنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، دەسلەپكى «يولداش»، «قېرىنداش» تىن ئۆزگىرىپ، «سوۋېت ھازىرقى زامان رېۋىزىئونىزمچىلىرى» (ماركسىزمغا تۈزىتىش كىرگۈزگۈچىلەر)، «سوتسىيال جاھانگىر»، «1 ـ نومۇرلۇق دۈشمەن»، دەپ جاكارلاندى. ئەسلىدىكى 1 ـ نومۇرلۇق دۈشمەن «ئامېرىكا جاھانگىرلىكى»بىلەن بولغان مۇناسىۋەت يۇمشاپ 1974 ـ يىلى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. 1980 ـ يىللاردىن كېيىن جۇڭگو ـ (سابىق) سوۋېت (ھازىرقى روسىيە) مۇناسىۋىتىنىڭ تەدرىجىي ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىككى «جاھانگىر»مۇقامى سەھنىدىن چۈشۈپ كەتتى. بىز بۈگۈن روشەن كۆرۈپ تۇرماقتىمىزكى، ھازىر جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ

دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتە گەرچە ئىككى دۆلەتنىڭ تاللىغان تۈزۈملىرى (ئىجتىمائىي چوڭ مەدەنىيىتى) ئوخشاشلىقتا ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما دۆلەت ۋە مىللەت مەنپەئەتىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئىچكى-تاشقى نىسپىي ئورتاقلىق بۇ ئەللەرنى قايتىدىن يېقىنلاشتۇردى. ئەمەلدىكى زىددىيەت ئامېرىكا قاتارلىق غەربكە بولغان مۇناسىۋەتكە مەركەزلەشتى.

كىشىلەر جۇڭگو، روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقان يەتتە دۆلەتنىڭ «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نامىدا ئورتاق بىر رايون ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئاستىغا ئۇيۇشقانلىقىنى بىلىدۇ. دۆلەت، مىللەت، تۈزۈم ۋە ئېتىقاد، قىممەت قاراشلىرى بىر-بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان بۇنداق «سالاھىيەت»لەرمۇ ئورتاق مەنپەئەت ئالدىدا ئۇلارنىڭ بىر ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇشىغا توسالغۇ بولالمىدى. دېمەك، نوقۇل مەدەنىيەت سالاھىيىتى ئەمەس.

بىز تەۋە دەپ قارالغان ئىسلام ئورتاق ئېتىقادى ۋە مەدەنىيەت سالاھىيىتى بويىچە ئايرىلغان مۇسۇلمان مىللەتلىرى ۋە ئەللىرىنى قانداقتۇر «ئېتىقادىي قاتلام» ئاساسىدا تۇراقلىق، دوست ئۆتۈۋاتىدۇ، دەپ ئېيتالامدۇق؟ 1980-يىللاردا سەككىز يىل داۋاملاشقان ئىراق-ئىران ئۇرۇشى بىر خىل «مەدەنىيەت قاتلىمى»غا تەۋە «قېرىنداشلار»نىڭ زېمىن - بايلىق تالىشىپ، دەھشەتلىك ھالدا بىر-بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن ئۇرۇش. 1990-يىللاردا ئون يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان ئافغانىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇشمۇ بىرخىل ئىسلام مەدەنىيىتىگە تەۋە « سالاھىيەت»لىكلەرنىڭ مەنپەئەت - مەزھەپ كۆرەشلىرىنىڭ نەتىجىسى. يەنە كۈردلار ۋە باشقىلار. بۇنداق مىساللار ئىسلام ئېتىقادىدىكىلەردىلا ئەمەس، خرىستىئانلاردىمۇ شۇنداق. سابىق يۇگوسلاۋىيىدىكى بوسنىيە-ھېرتسېگوۋىنا ۋە كوسوۋودىن باشقا بارلىق سابىق يۇگوسلاۋىيە ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرى گەرچە ھەممىسى دېگۈدەك بىر خرىستىئان دىنى پراۋوسلاۋىيە مەزھىپىگە تەۋە بولسىمۇ، پەيت شۇنداق كېلىۋىدى، زېمىن ۋە مىللەت ئومۇمىيلىقى مەنپەئەت كۈرىشى ئالدىدا ئاشۇ ئورتاق مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە سالاھىيىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ بىر-بىرىگە شىددەتلىك ئوت ئاچتى. يەنىلا مىللەت، زېمىن ھەققىدىكى خاس چۈشەنچىلىرى غالىب كەلدى.

بىز ئادەتتە «بىر غېرىچ يەرنىمۇ دۈشمەنگە بەرمەيمىز»دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئەمما «مەدەنىيەتنى بەرمەيمىز» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. دېمەككى مەدەنىيەتلەر ئەمەس، مەنپەئەتلەر توقۇنۇشتى. ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرلا ئەمەس، ئوخشاش بولغان مەدەنىيەتلەرمۇ قانلىق يوسۇندا توقۇنۇشتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەگەردە بىھساب نېفت بايلىقى ئوتتۇرا شەرقتە ئەمەس، غەربىي ياۋروپاغا جايلاشقان بولسىمۇ، ئوخشاش مەدەنىيەت ئارىسىدىمۇ يەنىلا سۈركىلىش، توقۇنۇش بولىۋەرگەن بولاتتى. نېفت بايلىقىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە جايلىشىپ قېلىشى توقۇنۇشنى مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىۋاتقاندەك تۈسكە كىرگۈزۈپ قويسىمۇ، ئەمما بۇ تۈپ نېگىزىدىن ئالغاندا مەنپەئەتلەر توقۇنۇشىدۇر. يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، مېدىيىلەر، ھوللىۋۇدنىڭ فىلىملىرى ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرى مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاجاۋۇزچىلىق، سىڭدۈرمىچىلىك رولىنىلا ئۆتىمەيدۇ. بۇلار غەرب جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇش، قىممەت قارىشىنىڭ مەھسۇلى بولغانىكەن، شۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىشى ئېنىق گەپ. مېدىيە ۋاستىلىرى شەرقتىن تارقىسا شەرقنىڭ، غەربتىن تارقىسا غەربنىڭ قىممەت قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. بۇ مۇرەسسە تىلەپ قىلمايدىغان ئېنىق پاكىت. ئەمما بۇيەردىكى ھەممىدىن مۇھىم ۋە ئەڭ ئاخىرقى تۈپ مەقسەت كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ھەسسىلەپ پۇل تېپىش، ئىقتىساد جۇغلاشتۇر. دېمەككى، توقۇنۇش،جاھانگىرلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى كۆپلەپ مال-دۇنياغا ۋە مۇتلەق مونوپۇلغا ئىگە بولۇش بولۇپ، مەدەنىيەت بۇ جەھەتتە ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ، خالاس.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»، «مەدەنىيەت جاھانگىرلىكى»ۋە شۇنى چۆرىدىگەن ھالدا يېزىلغان ماقالىلارنىڭ قاراتمىلىقى ناھايىتى ئېنىق ھالدا مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن زادى سىغىشالمايدىغانلىقى، ھەرقاچان بىر-بىرىگە تاجاۋۇز قىلىش ھالىتىدە تۇرىدىغانلىقى، تەرەققىي تاپقان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ياۋۇزلۇقىنىڭ بۆشۈكى، غەرب مەدەنىيەت ۋاستىلىرىنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى، ھەتتا كىشىلەرنى ئالداپ، ئېڭىنى بۇرمىلايدىغانلىقى... قاتارلىقلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، تەبىئىي ھالدىلا «ھاكىم مەدەنىيەت»، «مەھكۇم مەدەنىيەت» دېگەن ئاتالغۇ - تېرمىنلار ئوتتۇرىغا چىققان ۋە بارلىق مەدەنىيەت - ئادەتلەر بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى مەيدانغا ئۆتكۈزۈپ قويۇلغان. ئەمما بۇيەردە بىرتەرەپلىمە ئۆچمەنلىك قىلىش ۋە ھەتتا مەۋجۇد رېئاللىقنىمۇ تەن ئالماسلىقتەك جاھىل پىسخىكا مەۋجۇدتۇر.

## ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىيەت تەپەككۇرىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ

بىزدە خېلى كۆپ كىشى بۈگۈنكى دۇنيادىكى مېدىيىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق، ۋەيرانچىلىق رولىنى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغىلەشتۈردى ۋە مېدىيە ۋاستىلىرىنى غەربنىڭ ئەڭ يېڭى، ئەڭ زامانىۋى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك تاجاۋۇزچىلىق، جاھانگىرلىك قورالى سۈپىتىدە چۈشەندى.

بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئاخبارات-تەشۋىقات ۋاستىلىرى (مېدىيىلەر) شۇنچىۋالا قۇدرەتلىكمۇ ياكى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي تەپەككۇر ھاسىلاتى ۋە خاھىشىمۇ؟

شۇنداق. ئۈچۈر، ئاخبارات - تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادا ئويناۋاتقان غايەت زور مۇھىم رولىغا ھەرگىزمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ مۇئەييەن شەرت بىلەن ھەققىي باغلانغاندىلا ئاندىن كۆزلىگەن ئۈنۈمگە يېتەلەيدۇ. ئۇ يەنىلا ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت بۇ تام ئالدىدا ئۇ ھامان چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئادەملەر كۆپىنچە ھالدا شەيئىلەرنىڭ راست-يالغان، توغرا-خاتاسىنى ئۆزى ئېرىشىۋاتقان ئۈچۈرغا تايىنىپلا قارىغۇلارچە ئايرىمايدۇ، بەلكى ئەمەلىيەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئايرىيدۇ. مېدىيىلەر سۈنئىي ياساپ چىققان كۆرۈنۈش ئەمەلىيەت قىلىپ كۆرستىلسە ئۇ يەنىلا سۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆپۈك، خالاس. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ياكى مۇئەييەن چەمبىرەك دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مېدىيىلەر يەنىلا ئاجىز، ئىشەنچىنى تەدرىجىي يوقىتىدىغان مېدىيىلەردۇر. بىز كۈندە قەدەمدە بىر دېگۈدەك ئۈچۈر، ئاخبارات- تەشۋىقاتلارغا ئۇرۇلۇپ تۇرىمىز. ئېيتايلى، سودىگەرلەر ماللىرىنى ماختاپ خېرىدار چاقىرىدۇ. دورا دۇكانلىرى ئوقۇسا ئادەمنىڭ قۇسقۇسى كېلىدىغان سەت - ئەپسانە سۆزلەرنى تەشۋىقات ۋەرەقلىرىگە يېزىپ ئۆز دورىلىرىنى ماختىسا، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئېلانلىرى ئارقىلىق ۋاستە تاللىماي تەشۋىق قىلىدۇ - داۋراڭ سالىدۇ. بەزى ھۆكۈمەتلەر بولسا خەلق

تۇرمۇشىنىڭ ئۈسكەنلىكى ، قانداقتۇر بىر باشلىقنىڭ «جاپادىن قورقماي، سالامەتلىكى ياخشى بولمىسىمۇ بۇنىڭ بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي ... دېھقانلار بىلەن تەڭ كەتمەن چېپىپ... كاتتا يايلاق يېزىسىنىڭ جىددىي سۇ مەسىلىسىنى ۋاقتىدا ھەل قىلغان»لىقىدەك «تۆھپە»لىرىنى ماختاپ (يۈسۈپجان ساۋۇت شورلۇق: «زادى كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟ — توختى باقى ئارتىشغا خەت») مەخسۇس تېلېۋىزىيە كۆرۈنۈشى ھاسىل قىلىدۇ. ھەرخىل تۈزۈلمىدىكى دۆلەتلەر ئۆز ئەۋزەللىكىنى رادىئو - تېلېۋىزىيە ۋە ھۆكۈمەت تىلى بولغان تۈرلۈك گېزىت - ژۇرنال ئارقىلىق توختاۋسىز مېدىيە تەشۋىقاتى ئېلىپ بارىدۇ. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مېدىيىلەر پائالىيىتى بولسىمۇ، يەنىلا خەلقنىڭ كۆزى كۆز، مېڭىسى مېڭە بولۇپ ئۆزئالدىغا پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. بىر قېتىم ئىشەنگەن بولسا، كېيىنكى قېتىم شۇ يالغان كېچىككە كىرىشى ناتايىن. چۈنكى ئادەملەر تەشۋىقات بىلەن ئەمەلىيەتنى سېلىشتۇرۇپ ھۆكۈم قىلىشقا ئادەتلەنگەن. مېدىيىلەر بىلەن ئاۋام ھەرقايسىسى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ، ھۆكۈم چىقىرىدۇ. چۈنكى مېدىيىلەر رېئال مادىدا ئەمەس، ئىنسان رېئال مادىدا. ئەمەلىيەت — رېئال ھادىسىلەر كىشىلەرگە بىۋاسىتە كۆرۈنۈپ، سوقۇلۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر دائىم پىكىر ۋە ھۆكۈم قىلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. مېدىيىلەر ئويدۇرمىنى قانچە كۆپ تۈۋلىغانسېرى كىشىلەر شۇنچە پىسەنت قىلمايدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادىكى زامانىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرى(مەلۇم مەنىدە) «ئىقتىسادنىڭ قولى»، سىياسىينىڭ كارنىيى بولۇپ، سەممىيەت، راستچىللىق دەرۋازىسىنى تىرەپ تۇرۇۋالغاچقا زامانىۋى مۇرەككەپلىك بىلەن تەڭ تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتىمۇ، تەجرىبىچىلىك ۋە شەخس ئاساسچىللىقىنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان بۇ دەۋر ئىنسانلىرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ھەق ۋە ناھەق، مۇھەببەت ۋە نەپرەتنى ئايرىش تۇيغۇسى ھەرقانداق بىر زامانىۋى مېدىيىلەر پائالىيىتىنى بېسىپ چۈشىدىغان كىشىلەر كۆڭلىدىكى ھەقىقىي سانلاردۇر.

ئەگەر سىز بىر دېھقان، رەۋەندە ياكى باققال بىلەن سودىلىشىپ 50سوم پۇل بەرسىڭىز ھەتتا ئاشۇ ئىسمىنىمۇ يازالمايدىغان دېھقان ياكى رەۋەندىمۇ پۇلنى ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ، سىنچىلاپ قاراپ ھەتتا بەزىلەرگە كۆرسىتىپ پۇلنىڭ راستلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن تۆش يانچۇقىغا سالىدۇ. ھەتتا يانچۇقنى يەنە بىر قېتىم بېسىپ تۇتۇپمۇ قويىدۇ. سىز: «بۇ پۇلنى ھازىر بانكىدىن ئالچىققان، ئىشەنچلىك» دېسىڭىزمۇ، «قويسىلا! ئۇ پۇل تەكشۈرۈش ماشىنىلىرى (ئەسۋابلىرى) نىڭ ساختىلىرىمۇ چىقىپ قالامدۇ تېخى» دەيدۇ. تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ ماھىيەتلىك ھەقىقىتىگە تۇتۇلىدىغان مۇئامىلىدە بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىزنىڭ ھەق ۋە ناھەقنى ئايرىش قەتئىيلىكى ئاشۇ كىشىلەرگە يەتمەيدۇ. دېمەككى، مۇتلەق كۆپ ئادەم تەشۋىقات، ئۇچۇرغىلا ئىشىنىدىغان «كىتاب خالتىلىرى» ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتنى بەكرەك تۇتقا قىلىدىغانلاردۇر.

توغرا، سىياسىي ۋە جۇغراپىيىلىك چېگرا - توساق ئايرىپ تۇرىدىغان تاشقى مۇھىت ئۇچۇرلىرى ئۈستىدە مېدىيىلەر بەزى ئويدۇرمىلارنى توقۇپ چىقالايدۇ. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ پۈتكۈل مېدىيە ئۇچۇر - ئاخباراتلىرىنىڭ ئويدۇرما — يالغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ ھەم بۇ خىل ئويدۇرما ئۇچۇرلارنىڭ مەلۇم بىر رايون خەلقىنىڭ تونۇش - بىلىشىنى مۇتلەق بۇرمىلىيالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. غەربنىڭ ياكى پالان - پۇستان بىرىيەرنىڭ مېدىيە ۋاستىلىرى ئارقىلىق تارقىغان ئۇچۇر، مەدەنىيەت ئامىللىرى يەنە بىر رايون خەلقىنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل بەربات قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بىر مىللەت تېلېۋىزور كۆرۈپ، مېدىيە ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنى يوقىتىدىكەن، بۇ گۇناھ مېدىيە ۋاستىلىرىدە ئەمەس، شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت چۈشەنچىسى، ئەقىدە - ئېتىقاد ساپاسىدىدۇر. ئىچكى ئاجىزلىق ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقتۇر.

ئەگەر مېدىيىلەر ئىگىلىگەن ئۇچۇرلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ، شۇ نۇقتىدىن ئاكتىپ توپقا تۇتسا ، ئاشۇ نۇقتىدىكى ئاجىزلىق ھەقىقەتەن راست بولسا، بۇ سىرتقى مېدىيىلەر ئامىلىدىن كۆرە ئاشۇ نۇقتىدىكى ئىچكى جەھەتتە مەۋجۇد ئاجىزلىق بىرلەمچى ئامىل بولىدىغانلىقى، ئاقىۋەت بۇنداق ئىچكى ۋە تاشقى ئامىلنىڭ ماس كېلىشى شۇ نۇقتىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى تېزلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىزمنىڭ يىمىرىلىش ھادىسىسى دەل ئاشۇ ئىچكى ئەجەللىك ئاجىزلىقنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، مۇئەييەن ھالاكەت باسقۇچىغا يەتكەنلىكى بولۇپ، غەرب مېدىيىلىرى بۇ جەريانىنى تېزلىتىشتە بەلگىلىك رول ئوينىغان، خالاس. ئۇنى يىمىرىۋەتكىنى ھەرگىزمۇ نوقۇلla مېدىيە ئەمەس. ئەگەر مېدىيىلەر ئارقىلىقلا مەلۇم بىر ھاكىمىيەت، مەدەنىيەت، تۈزۈمنى يىمىرىۋەتكىلى بولىدىغان بولسا، ھۆللىۋۇد جاھاننىڭ خوجىسىغا ئايلىنىپ كەتمەمتى؟ يەنە بىر رايونغا ئۆرۈش، ھەربىي يۈرۈش قوزغاشنىڭ ھاجىتى قالامتى؟ توغرا، مېدىيەلەرنىڭ رولى ، تەسىرى بار. ئەمما ئۇ مۇتلەق ئەمەس، شۇنداقلا بىزلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق يوقىرىمۇ ئەمەس.

سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىزمنىڭ يىمىرىلىش ھادىسىسى غەرب مېدىيىلىرىنىڭ غايەت زور ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسىمۇ ياكى شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغان ئىچكى سەۋەبلەرنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتىمۇ؟ بىز بۇ ھەقتە بىر قىسىم خەلقئارا سىياسىي مەسىلىلەر مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ غەرب مېدىيىلىرىنىڭ قانداق رول ئوينىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر قىسىم بايانلىرىدىن خەۋەردار بولساقمۇ، ئەمما يۇقىرىقى ئۆزلۈك قاراشلىرىمىزنى مەنتىقىلىق تەستىقلا ئىگە قىلىش ئۈچۈن سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى سوتسىيالىزمنىڭ خاراكتېرى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان مۇنداق بىرقانچە ماھىيەتلىك مۇھىم تارىخىي ھادىسىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

روسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بۇرۇنقى دۇنياۋى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئەقىدىسىنىڭ ئەكسىچە، سوتسىيالىزمنىڭ ئاۋۋال بىر ياكى بىر قانچە دۆلەتتە غەلىبە قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى دۇنياغا جاكارلىدى. مانا بۇ لېنىنچە ئىنقىلاب يولى ئىدى. كېيىن مۇشۇ يولنى بويلاپ بىر قاتار سوتسىيالىزم ئەللىرى دۇنياغا كەلدى. ئەينى تارىخىي شارائىتتا جاھانگىرلىك ۋە خەلقئارا كاپىتالىزم كۈچلىرىنىڭ قورشاۋى، جىددىي ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئېغىر تەھدىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان روسىيە بۇرژۇئازىيە خاھىشلىرىنى داۋاملىق باستۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى قەتئىي كۈچەيتىش زۆرۈر، دەپ قارىغانىدى. سوتسىيالىزمدىن كوممۇنىزمغا ئۆتۈش تۈرلۈك يول بىلەن بولىدىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ماھىيىتى پەقەت بىرلا — «پرولېتارىيات دىكتاتورىسىلا بولىدۇ» غانلىقى لېنىننىڭ «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنىڭ يادروسى ئىدى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا پۈتكۈل ھوقۇقنىڭ پرولېتارىيات سىنىپىغا، ئۇنىڭ ئاۋانگارتى كوممۇنىستلار قولىغا مەركەزلىشىپ ، كەڭ بىرلىكسەپ قۇرۇشقا سەل

قارالغانلىقى، ھوقۇقنىڭ شەخسلەر قولىغا يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىشى كېيىن بىخ سۈرۈپ ئەجەللىك ئاجىزلىققا ئايلىنىدىغان ئەشەددىي ھوقۇقچىلىق ئاملىنى ئىچىگە يوشۇرغانىدى. بۇ ئاجىزلىق ئەينى قىزغىن ئىنقىلاب دەۋرىدە ۋە كېيىنكى خېلى بىر مەزگىللىك تىنچ قۇرۇلۇش دەۋرىدە بەكلا ئاشكارىلىنىپ چىقمىغان. پەقەت ۋە پەقەتلا شۇنداق بولۇشى سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى، دەپ قارالغانىدى. شۇڭا ئەينى تارىخىي دەۋردىكى كۈچلۈك سوتسىيالىزم دۇنياۋى دولقۇنى ئالدىدا ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ قالغان كاپىتالىزم دۇنياسى خەلقئارالىق بىرلەشكەن قارشى لاگېر تەشكىللەش ئارقىلىق بۇ يېڭى شەيئى سوتسىيالىزمنى بارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ يىمىرىۋېتىش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى. بىز سوتسىيالىزمنىڭ ھازىرغىچە بولغان پۈتكۈل تارىخىي جەريانىدىن كاپىتالىزمنىڭ ئۆزئالدىغا قويغان بۇ «ۋەزىپە»سىدىن قىلچە تەۋرەنمىگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەمما ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى ئىككى لاگېرنىڭ ئىدىيە - ئاڭ ساھەسىدىكى ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشىدا سوتسىيالىزم خېلى ھەم دۆملەنگەن قازان بولۇپ، غەرب دۇنياسى بۇ قازاندىن بىلىنەر - بىلىنمەس چىقىۋاتقان ھورنى كۆرەلمىگەچكە ئاساسلىق ئۈمىدنى ھەربىي ئارىلىشىشقا باغلىغانىدى. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدىن تاكى 1920 - يىللارغىچە داۋاملاشقان غەرب كاپىتال كۈچلىرىنىڭ قوراللىق مۇداخىلىسى، تىرىلىش ئۇرۇنۇشلىرى، 1950 - يىللاردىكى چاۋشيەن ئۇرۇشى قاتارلىقلار مېدىيىنىڭ رولىدىن كۆرە ھەربىي كۈچ ۋاسىتىسىنىڭ رولىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. شەيئىلەرنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىگە بېقىنمايدۇ. ئەجەللىك بىخلارنىڭ كۆكلەپ ئاينىشىغا ئەگىشىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى سوتسىيالىزمىدىن ئىبارەت بۇ قازاندىكى تۇۋاقمۇ ئاخىرى ئېچىلىپ كەتتى ۋە بەلگىلىك دەرىجىگە كەلگەندە بۇ تۈزۈم سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى ئىچكى - تاشقى ئامىللار بىرىكمىسىدە يىمىرىلىشكە يۈزلەندى.

**مەسئۇل مۇھەررىردىن تولۇقلىما:** بىز بۇيەردە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى سوتسىيالىزمى ۋە شەرقىي ياۋروپا سوتسىيالىزمىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى ھەققىدە خۇاڭ رىنۋېي ئەپەندى يازغان «چوڭ دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشىدىكى تارىخىي سېلىشتۇرما» (قاراڭ: «شىنجاڭ گېزىتى» (ئۇيغۇرچە) 2005 - يىل 25 - يانۋار سانى) دېگەن چوڭ ھەجىملىك نوپۇزلۇق تەتقىقات ماقالىسىدىكى مۇنۇ بايانلار بىلەن كۇپايىلىنىمىز: «سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى ئۇنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە نىسبەتەن ئىچكى بويۇنتۇرۇق بولۇپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، ئىجادىي كۈچى ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچىنى بوغۇپ، ئۇنىڭ قەد كۆتۈرۈش جەريانىدىكى بارغانسېرى ئۇزاققا سوزۇلغان ئىچكى سەۋەبكە ئايلاندى. ستالىنغا خۇراپىيلارچە چوقۇنۇش ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتىش ھەرىكىتىنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۆلەڭگىسى ئاستىدا ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مۇستەبىت ھاكىممۇتلەق تۈزۈمنى ئۇزاققىچە يولغا قويۇپ، پارتىيە ئىچىدە توختىماي تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىمنى ۋەھشىيلەرچە باستۇردى. دېموكراتىك ۋە ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەشنىڭ كەمچىل بولۇشى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا بىر قاتار ئىستراتېگىيىلىك خاتالىقلارنى پەيدا قىلدى. پارتىيىنىڭ ئىمتىيازلىق ھوقۇق قاتلىمىدىكىلەر ئۇزاق مۇددەت خەلقتىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇلار بىر - بىرىنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، بىر - بىرىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيە ئىچىدە مەنپەئەت گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرۈپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارتىيىسى ۋە دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنىڭ تۈپ جەھەتتىن پارچىلىنىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ مەنپەئەت گۇرۇھلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا تۈرتكە بولغۇچىلار ۋە دۆلەت ئىگىلىكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان سىياسىي كۈچلەردۇر. رۇس مىللەتچىلىكىنى ئاساس قىلغان بۈيۈك دۆلەت شوۋىنىزمى ئىچكى جەھەتتە (سوتسىيالىزم لاگېرىغا تەۋە) ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ رايى قايتىش خاھىشىنى، تاشقى جەھەتتىن سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ پارچىلىنىشىنى، ‹سەييارە دۆلەتلەر›نىڭ يۈز ئۆرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئىتتىپاقتىن ئايرىلىشىدىن باشلاندى. بۇنىڭدىن، ئۇزاق مۇددەت قاتمال ھالەتتە تۇرغان ، خەلقتىن ئايرىلغان سىياسىي تۈزۈلمە ئاستىدىكى چوڭ دۆلەتنىڭ ئۇرۇشتىن ئىبارەت سىرتنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىمىغان تەقدىردىمۇ ، تىنچ يول بىلەن قەد كۆتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

1991 - يىلى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىنىڭ توختىغانلىقى ۋە مەغلۇب بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى. بۇ، خەلقئارا سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ تراگېدىيىسى، شۇنداقلا روسىيە تارىخىنىڭ تراگېدىيىسى.»

سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادا سوتسىيالىزمنىڭ مەغلۇبىيىتى ماھىيەتتە تۈزۈمدىكى ئاجىزلىق، ئىچكى زەئىپلىكنىڭ، كىشىلەر رايىنىڭ قايتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. دېمەك، مېدىيىلەرنىڭ رولى يەنىلا ئەمەلىيەتنىڭ بېرىدىغان تەسىرىدىن چوڭ ئەمەس. ئەگەر ھەممىلا ئىش مېدىيىلەرنىڭ تەشۋىقاتى بويىچىلا يۈرگۈزۈلىدىغان بولسا،دۇنيادىكى نەچچە مىليارد خەلق ئاڭقاۋ، گاس - گاچا بوپقالمامدۇ؟

دېمەككى، مېدىيىلەرنىڭ رولىنى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ سەلبىي قىلىپ كۆرسىتىش ئاقىلانىلىك ئەمەستۇر. گەرچە مېدىيە ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق بىزگە تەرەققىي تاپقان غەربنىڭ ئەخلاق، قىممەت قاراش جەھەتتە بولمىغۇر بەزىبىر ئادەتلىرى كىرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تاللاش، شاللاش، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق يەنىلا چوڭ نىسبەتتە بىزنىڭ قولىمىزدا، بىزنىڭ دىلىمىزدا. كىنو - تېلېۋىزور كۆرۈش تۈپەيلىلا بىر ياش تاپتىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەخلاقسىزلىقنىڭ تۈپ مەنبەسىنى يالغۇز مېدىيىلەردىن كۆرۈش كېرەكمۇ؟ توغرا، مېدىيىلەرنىڭ تەرغىب قىلىۋاتقانلىرىنىڭ بەزىلىرى بىزگە پايدىسىز — چاكىنا نەرسىلەر. لېكىن بىزنىڭ قولىمىزدىن تۈكۈرۈپ تاشلاش — رەت قىلىش كېلىشى كېرەكقۇ! بىزدە بۇنداق جۈرئەت كەم بولغانىكەن، ئەڭ ئالدى بىلەن ئاجىزلىق مەسىلىسىنى ئۆزىمىزدىن ئىزدەيلى. قېنى كىم مېدىيە ۋاسىتىلىرىنىڭ بىزلەرگە، دۇنياغا ئېلىپ كەلگەن غايەت زور ئىجابىي رولىنى ئىنكار قىلالايدۇ... ھەدېسىلا ۋاسىتىلىك نەرسىلەرنى يامان قىلىپ كۆرسىتىۋەرمەيلى، بەلكى ئاساسلىق سەۋەپ - ئامىلنى ئۆزىمىزدىكى مەنىۋى ئاجىزلىق - ئىللەتلەردىن كۆرەيلى.

## مەدەنىيەتلەر تارىخىدىكى بىر غەلىتە «مەنتىقە»

بىز مۇشۇنداق ئۆچمەنلىك نەزەرىمىز بىلەن قانداقتۇر «ھاكىم مەدەنىيەت دۆلەتلىرى»، «مەھكۇم مەدەنىيەت خەلقلىرى» دېگەندەك ئايرىملارنى ھاسىل قىلىپ، تەرەققىي تاپقان غەرب مەدەنىيىتىنى ئىجتىمائىي ئاڭ تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ قورالى دەپ ئەيىبلىگەن ۋاقتىمىزدا يەنە نېمىشقا غەرب دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى زامانىۋى

مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن، مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە بولغان قايىللىقىمىزنى، ھەتتا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرىدىن تارتىپ يېزىلىۋاتقان ئەسەرلەرگىچە غەرب مەنبەلىرىنى ئاساس قىلىپ پىكىر يۈرگۈزگەنلىكىمىزنى نېمىشقا ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويىمىز!؟

ئەسلىدە بىز شەرقلىقلەر راست گەپنى قىلساق، مۇشۇ بىرنەچچە ئەسىر مابەينىدە ئىختىراچى خەلقلەر ئەمەس، قوبۇل قىلغۇچى، پايدىلانغۇچى خەلقلەر بوپكەلدۇق. ئەنگلىيىلىك ۋات پارماشىنىسىنى كەشىپ قىلىش بىلەن غەربتە باشلانغان سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئىزچىل چوڭقۇرلىشىپ بېرىشى بىلەن باغلىق بولغان ئىلىم - پەن، تېخنىكىنىڭ يېڭىدىن - يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاخىرى ئىنسانلارنى ئالەم بوشلۇقىغا ئېلىپ كىردى. كىشىلەرنىڭ ماددىي ھايات شارائىتلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ۋە قىممەت قارىشىغىمۇ ئىنقىلاب خاراكتېرلىك جىددىي ئۆزگىرىشلەرنى ئەكەلدى. دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئىدىيىلىرى، خىيالىي سوتسىيالىزم ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزم تەلىماتلىرى بارلىققا كەلدى. بىز ئېتىراپ قىلماسلىقىمىز مۇمكىن ئەمەسكى، كۆپلىگەن مۇتەپەككۇر — ئالىمنىڭ جاپالىق ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئارقىلىق يارىتىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ زور تۆھپە سۈپىتىدە دۇنياغا تەقدىم قىلىنغان بۇ مەدەنىيەتلەردە غەرب دۇنياسى پاراۋۇز بوپكەلدى. مەلۇمكى، دۇنيا مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا تەسىرلىشىپ ئىلگىرىلىگەن دۇنيا. مەدەنىيەتمۇ باشقىلارنىڭ زۆرۈرەن ئىزدىنىش، قوبۇل قىلىشى ئارقىلىق كېڭەيگەن. ئەگەر مۇشۇنداق بىر قانۇنىيەتلىك يۈزلىنىشنى قاراپ تۇرۇپلا «مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى»، «مەدەنىيەت ئېكسپورتى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ رايىنى ئۆزىگە تارتقانلىق» ۋەھاكازا دەيدىغان بولساق، بۇ، سۇنى ئىچىپ بولۇپ ئۇسسۇزلۇقى قانغاندىن كېيىن بۇ سۇ مەينەت قۇدۇقتىن چىقىپتۇ، دەپ قازغۇچىنى ئەيىبلىگەندەك بىمەنە ئىش بولمامدۇ؟

خوش، ئۇنداق بولسا، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى نېمە ئۈچۈن قوبۇل قىلىمىز؟ ئۆزىمىزدە مەدەنىيەت يوقمۇ؟ باشقا ئەل - خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشنى خالىغانىكەنسەن، دېمەك شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيىتىدە چوقۇم دەۋر تەلىپىگە ماسلىشالماسلىق، تەلەپ بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدا ماس كەلمەسلىك، يېڭىلاشقا موھتاجلىق مەۋجۇد بولغان بولىدۇ؛ شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيىتىدە ئۇلارنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي مەنبەلەر بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرى ئۇچرىشىۋاتقان مەدەنىيەتلەر ئىچىدىن ئاكتىپ ئامىللارنى قوبۇل قىلىشقا چۈشىدۇ. سېلىشتۇرۇش، تاللاش ئىنساننىڭ ھېچنېمىگە بېقىنمايدىغان ئۆزلۈك ھوقۇقى، شۇنداقلا ئەڭ توغرا ئۇسۇلدۇر. نىسبەتەن ياخشىسىنى تاللاش ئەڭ ئەقەللىي توغرا تاللاشتۇر. ئىنسانىيەت ھامان مەدەنىيەت جەھەتتە تاكامۇللۇق قوغلاشقانىكەن، مەيلى ئۇ غەربنىڭ بولسۇن ۋەياكى شەرقنىڭ بولسۇن، ئىلغار تېپىلار بولسىلا قوبۇل قىلىۋېرىدۇ، ئىلغار بولمىسا قوبۇل قىلمايدۇ.ئۆزىدە بولسا ھەم باشقىغا يېلىنمايدۇ. دېمەككى، مەدەنىيەتلەر ھامان بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر مەدەنىيەتتە سېنى قايىل قىلالىغۇدەك ئېسىل ئامىللار بولمىسا ئۇنى بىراۋ ساڭا تاڭسىمۇ قوبۇل قىلمايسەن. دېمەككى، بۇ يەردىكى قوبۇل قىلىش كۆپىنچە سېنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاچلىقىڭ، ئاجىزلىقىڭ تۈپەيلى بولىدۇ، ئىختىيارىي بولىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «ھاكىم مەدەنىيەت»، «مەھكۇم مەدەنىيەت»دېگەن سۆزنىڭ زامانىمىزدا مەدەنىيەت ساھەسىدە قوللىنىلىشىنى ئورۇنلۇق دېگىلى بولماس. گەرچە غەرب مەدەنىيىتى تەرەققىياتتا ئىلگىرى كەتكەنلىك تۈپەيلى دۇنياغا زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن ۋە كۆرسىتىدىغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا غەرب دۇنياسىغا تەۋە مەدەنىيەت. يەنىلا غەربنىڭ ئۆزىدىلا ھاكىم مەدەنىيەت. ئەگەر سىز ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا ئۆزىڭىزنى «مەھكۇم مەدەنىيەت خەلقى»دەپ ئېتىراپ قىلسىڭىز، شۇنداقلا ئاشۇ غەربكە تەۋە مەدەنىيەتنى«ھاكىم مەدەنىيەت» دەپ ئېتىراپ قىلىۋالسىڭىز ،ئۇ چاغدا ئۆزىڭىزنى، ئۆزىڭىز تەۋە بولغان ۋە ھازىرغىچە يەنىلا مىللىي ھاياتىڭىزدا ئاساسىي ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتقان خاس مەدەنىيەتنى، ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئۇچايلا ئۆزلۈكىڭىزدىن باشقىلارغا بېرىۋەتكەن، ئۇنى ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن پەسلەشتۈرگەن بوپقالمامسىز؟ سىزنىڭ چەكلەش، تاللاش، قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقىڭىز ۋە بۇرچىڭىز نەگە كەتتى؟ مېنىڭچە، بۇيەردە «ھاكىم مەدەنىيەت»، «مەھكۇم مەدەنىيەت خەلقى»دېگەن ئىبارىلەر ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىگە ئىشەنمەسلىك، ئۈمىدسىزلىك، زامانىمىزدا ئۆزىنى باشقىلاردىن تولىمۇ تۆۋەن چاغلاشتىن ئىبارەت روھىي پىسخىكىدىن كەلگەن. ئەگەر بىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدا تەرەققىي تاپقان غەرب مەدەنىيىتى«تەھدىت»پەيدا قىلىۋاتىدۇ دەپ قارالسىمۇ، ئۇ يەنىلا تەھدىت، دېمەككى، تېخى «ھاكىم»ئەمەس. ھەرقانداق تاشقى «كۈچلۈك»مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر يەرلىك مەدەنىيەتنى ئۈزۈل - كېسىل يوق قىلىپ تاشلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ، شەكلەن، ھادىسە خاراكتېرلىك نەرسىلەرگە تەھدىت ۋە ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدۇ، ئەمما مىللەتنى، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى تۈپتىن يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ. بۇ ھەم يەنە شۇ خەلقنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە ۋە ئۇنى تاكامۇللاشتۇرۇش ، يۈكسەلدۈرۈش ئىرادىسىگە باغلىق ئىش. ئەگەردە سەن ئۆزۈڭدىكى بارى - يوقنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، باشقىلارنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئوينىدىڭمۇ دەيلى. ئەمما ئۇ ئاشۇ مەدەنىيەتنىڭ كۈچلۈك بوپقالغانلىقىنىڭ گۇناھىمۇ؟ ياكى سېنىڭ ئاجىزلىقىڭ، قوبۇل قىلىشتا توغرا مەيداندا تۇرالمىغانلىقىڭنىڭ گۇناھىمۇ؟ ھەرقانداق مىللەت باشقىلاردىن مەلۇم مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزىنىڭ تۈپكى خاسلىقى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇۋېرىدۇ. بىز ئەنگلىيىنىڭ 17 - ئەسىردىن تاكى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دۇنيادا 1 - نومۇرلۇق چوڭ سانائەت دۆلىتى، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تارىلىش مەنبەئى بولغانلىقىنى بىلىمىز. «قېرى جاھانگىر»دېگەن سۈپىتىنىمۇ بىلىمىز. ۋەھالەنكى، كېيىن ئەنگلىيىدىن ئۆتۈپ كەتكەن گېرمانىيە، ياپونىيىلەر، فرانسىيىنى ئۆزئىچىگە ئالغان غەربىي ياۋروپا ۋە روسىيىنى ئۆزئىچىگە ئالغان شەرقىي ياۋروپانىڭ ھەممىسىلا (ھەتتا جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان 3 - دۇنيا ئەللىرىنىڭ دۆلەت دەرۋازىلىرىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشىمۇ شۇغۇ)ئاشۇ «كۈچلۈك»تىن قورقماي، تەسىرلىشىشنى — مەدەنىيەت جەھەتتە قوبۇل قىلىشنى دادىل قارشى ئېلىپ،ئۆزىنى ھەر تەرەپلىمە كۈچەيتىپ، كۈچلۈك «قېرى جاھانگىر»دىن ئۆتۈپ كەتمەكتە. ئۇلار — گېرمانلار يەنىلا گېرمانلار، ياپونلار يەنىلا ياپونلار، ھىندىستانلىقلار يەنىلا ھىندىستانلىقلار... باشقىلار يەنىلا باشقىلار بولۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋەردى. يوقاتقىنى پەقەتلا گەجگىسىدىن بېسىپ، ھالسىرىتىپ

كېلىۋاتقان ئېغىر يۈكلەر، مەنىۋى بوپيا ـ ئاجىزلىقلار ، كېرىشكىنى ئۆزلىرىنى كۈچەيتىۋەتكەن ئەڭ زۆرۈر قىممەتلىك نەرسىلەر بولدى.

ئەگەر مەدەنىيەتكە سىياسىي تۈس بېرىپ مۇھاكىمە قىلىنغاندا، مەسىلىنى مۇنداق تەرزدە ئوتتۇرىغا قويىمىز: «هاكىم مەدەنىيەت» ۋە «مەھكۇم مەدەنىيەت خەلقى» بولۇش ئۈچۈن هۆكۈمران مىللەت ۋە هۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى خەلقتىن ئىبارەت شەرت بولۇشى، سىياسىي بېسىم، مەدەنىيەت مۇنقەرزلىكى ۋە شۇ خەلقنى چەكلەپ تۇرىدىغان هاكىمىيەت ئىرادىسى بولۇشى كېرەك. ۋەهالەنكى، بىز«هاكىم مەدەنىيەت»دەپ تەكچىگە چىقىرىۋالغان نەرسە ئەمەلىيەتتە قىتئە ـ ئوكيان ئاتلاپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەتقۇ. بىز نېمىشقا تەھدىت ـ ۋەھىمىنى ئۆزىمىزدىن تولىمۇ يىراق نامەلۇم بوشلۇقلاردىن ئىزدەپ يۈرىمىز؟...

بىز مۇستەملىكىچىلىك دۇنياسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەركىنلىكنى قولغا ئالغان ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرى تاللىغان يول بىلەن مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز. ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەنە شۇلاردۇر. قانداق ۋە قايسى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ئەركىنلىكى ۋە هوقۇقى ئۆزلىرىنىڭ قولىدا. تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەسىرلىشىشى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى نورمالنى شۇنداقلا ئۆزئارا پايدىلىق ئىش. كىشىلەر هامان بۇنىڭ ئىچىدىن ئۆزلىرىگە زۆرۈرەن پايدىلىق تەركىبلەرنى تاللاپ ئالالايدۇ. قانداقتۇر تەرەققىي تاپقان ئەل ـ مىللەتلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ زور دەرىجىدىكى جەلپ قىلىش كۈچى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىرىنىڭ يوق بوپكېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ پەقەت مەدەنىيەتنىڭ زامانغا ماس يېڭىلىنىش، ئورۇن ئالماشتۇرۇش، ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىش، ئىلگىرىلەش هادىسىسى، خالاس. شۇڭا قانداقتۇر «مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى»، «هاكىم مەدەنىيەت»دېگەنلەرنى زىيادە سەلبىيلەشتۈرۈپ بەكمۇ ئاسمانغا چىقىرىۋەتمەسلىك كېرەك. بىر خەلقنىڭ مەدەنىيىتىگە، مەۋجۇدىيىتىگە كېلىدىغان ئەڭ زور خەۋپ قانداقتۇر يىراقلاردىن شامال ئۇچۇرۇپ كېلىدىغان ۋە كىشىلەر خالاپ قوبۇل قىلىدىغان مەدەنىيەتتىن كەلمەيدۇ، بەلكى ئەڭ مۇھىمى شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى ئاجىزلىقى ۋە پەۋقۇلئاددە ئالاھىدە سەۋەبلەر ـــ مەجبۇرىي ئىرق، مەدەنىيەت ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى، جۇغراپىيىلىك مۇھىت، نامۇۋاپىق ـ ئەكسىيەتچى سىياسىي تۈزۈلمە قاتارلىقلاردىن كېلىدۇ. ئەمما بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە يۈرگۈزۈلگەن مۇنداق قەبىھلەرچە زوراۋانلىق شۇ خەلقتە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز غەزەپ، قارشىلىق پەيدا قىلىدۇ ـ دە، ئۆزلىرىگە تاجاۋۇزچىلىق، تېررورلۇق سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقان ئاتالمىش هاكىم مەدەنىيەتنى ئاڭلىق ياكى ئۆزلىرى خالاپ قوبۇل قىلمايدۇ. بىز سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، تاجىك، ئەزەربەيجان، ئۇيغۇر... قاتارلىق مىللەتلەرگە يۈرگۈزۈلگەن ئەشەددىي رۇس مىللەتچىلىكى ۋە رۇس مەدەنىيەتچىلىكىنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەتتىكى زوراۋانلىق، ئېتىقاد، تىل، ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان چېكىدىن ئاشقان كەمسىتىش، چەكلەش، يوقىتىشلارنى ئوبدان بىلىمىز. مانا بۇ مەدەنىيەت جاهانگىرلىكى، مەدەنىيەت ئىستېلاسى. بۇ خىل مەدەنىيەت باسمىچىلىقىنىڭ نەتىجىسىدە كۆرمەڭلىغان زىيالىي شەپقەتسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلدى، ئۆز مەدەنىيىتى، ئېتىقادىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا هەربىرىدە كەمسىتىشكە، چەتكە قېقىشقا، جازاغا ئۇچرىدى. تۈرمىلەرگە سولاندى. شۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى، ئېتىقادى، تىل ـ يېزىقى، تۇرمۇش ئادەتلىرى چەكلەندى. هەتتا بالىسىنىڭ خەتنە تويىنى قىلغانلار، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈرگەنلەرمۇ پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، خىزمەتتىن هەيدەلدى. دېمەككى، ئەشەددىي رۇس مىللەتچىلىكىنى ئاساس قىلغان بۈيۈك دۆلەت شوۋىنىزمى يادرو قىلىنغان مەدەنىيەت سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى هاكىم مەدەنىيەت سانالدى، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى باشقا مىللەتلەر مەھكۇم خەلق، مەھكۇم مەدەنىيەت خەلقىگە ئايلاندى. ئەمما ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، مەدەنىيەتتىكى بۇ خىل رەھىمسىز زوراۋانلىق ئەزەلدىن پايدا ئېلىپ كەلگەن ئەمەس. مەدەنىيەت زوراۋانلىقى ئاجىز مىللەتلەردە بېسىپ بولغۇسىز غەزەپ، نارازىلىق هەمدە ئۆز مەدەنىيىتىگە تېخىمۇ ئوتلۇق مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ، پەيدا قىلىپ قويىدۇ. زوراۋانلىق يۈرگۈزگۈچى تەرەپنىڭ سىياسىتىدىكى ئادالەتسىزلىك، چىرىكلىشىش، رەھىمسىزلىكنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. هەقىقەتەنمۇ زورلۇق بىلەن تاڭغان نەرسە چوقۇمكى ئەقىلدىن، ئىدىيىدىن ئۆتمەيدىغان ناباب نەرسىدۇر. ناباب بولمىسا نېمىشقا مەجبۇرىي تاڭىدۇ؟ ئىلغار بولسا تاڭمىسىمۇ ئۆگىنىدىغان، خالاپ قوبۇل قىلىدىغان ئىشقۇ. دېگەندەكلا، مەدەنىيەت جەھەتتە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان شەپقەتسىز تېررورلۇق يۈرگۈزگەن سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ رۇس شوۋىنىزمى ئاساسىدىكى مەدەنىيەت مەركەزچىلىكى ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۆمپەيكۈم بوپكەتتى. زوراۋانلىق تۈزۈمدىكى ئاجىزلىق، كەمچىلىكنى يېپىپ قالالمىدى. هەم شۇنداقلا مۇشۇنداق ئېغىر، شەپقەتسىز مەدەنىيەت زوراۋانلىقىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى تۈپتىن يوق قىلىۋېتەلمىدى. ئۇلار ئۆز ئېتىقادى، مەدەنىيىتىگە بولغان سەممىي ئىخلاسىنى يۈرىكىنىڭ، مىللىي غۇرۇرىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىدا سۆيۈپ ساقلاپ كەلدى. رۇس شوۋىنىزمى ئاساسىدىكى مەدەنىيەت زومىگەرلىكى ئاخىرى ۋەيرانچىلىق بىلەن ئاخىرلاشتى. ئاشۇ مىللەتلەر يەنە قايتىدىن ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى مەنىگە ئىگە قىلغۇچى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە قايتىپ كەلدى...

يىغىپ خۇلاسىلىغاندا، مەدەنىيەتتىكى تەھدىت، تاجاۋۇز، زوراۋانلىق، زومىگەرلىك هامان تاشقى ئامىل. ئەگەردە بىر مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىگە بولغان ئىخلاس ـ ساداقىتىنى، غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويمىسىلا هەمدە ئۆز مەدەنىيىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، تاكامۇللاشتۇرۇش قەدىمىنى توختىتىپلا قويمىسا سىرتقى تەسىرلەرنىڭ زەرەتلىشىدىن ئامان قالالايدۇ، ئۆز مىللىي مەۋجۇدلۇقىنى يوقاتمايدۇ ۋە هەتتا سىرتتىن كېلىۋاتقان مەدەنىيەت تەسىرىدىن تېخىمۇ كۈچلىنەلەيدۇ. ئەمما ئىچكى كۈچى ئاجىز مىللەتلەر پەۋقۇلئاددە ئالاھىدە مۇھىتنىڭ تەسىرىدە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزگىرىپ كەتمەيمۇ قالمايدۇ. كىشىلەر تارىختىن بۇلغارلارنىڭ ئەسلىدە تۈركىي خەلقلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بىراق بۇ بۇلغارلار ئەمدى تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپ ئەمەس. چۈنكى بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى ئۇلار كۆچۈپ بارغان جەنۇبىي ياۋروپا ئاھالىسىنىڭ سان نىسبىتىدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن سلاۋيانلار بولۇشى ئۇلارنى تىل جەھەتتىن ئاستا ـ ئاستا تەدرىجىي هالدا سلاۋيانلارغا ئۆزگەرتىۋەتتى. مەدەنىيىتىمۇ سلاۋيان ـ ياۋروپا مەدەنىيىتىگە قوشۇلۇپ كەتتى. شىمالىي ئافرىقىنىڭ ئەرەب ـ ئىسلاملىشىشى، ۋىزانتىيىنىڭ تۈركلىشىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭمۇ

مۇرەككەپ ئالاھىدە پەۋقۇلئاددە مۇھىت ئىچىدە بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخىدىن زوراۋان ئىمپېرىيە، ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىقى سەۋەبىدىنلا مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىرىنىڭ تۆپ يىلتىزىدىن يوقىلىپ كەتكەنلىكىدەك ئەھۋالنى تارىختىن ئانچە كۆپ ئۇچرىتالمايمىز. تارىختىكى زوراۋانلىق، مۇستەملىكىچىلىك، مەدەنىيەت باسمىچىلىقمۇ ئۇنچىۋالا يوق قىلىۋېتەلمىگەن. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ـ مىللەتلەر مەدەنىيەتلىرىنى بۈگۈنكى ئۆزئارا تەسىرلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئىختىيارىيلىق مۇقەررەر يۈزلىنىش بولۇۋاتقان دۇنيا ئۇنچىۋالا ئۇچاي يەپكەتمەيدۇ، بەلكى مەدەنىيەتلەر مۇشۇنداق ئىختىيارىي ئۇچرىشىش ئاساسىدا تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، راۋاجلىنىپ بارىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ بىز «ھاكىم مەدەنىيەت»، «مەھكۇم مەدەنىيەت» دەپ چۈچۈش ياكى ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىشقا ئۇرۇنۇش بىلەن بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىشىشىنى توسۇپ قالالمايمىز. دۇنياۋى يۈزلىنىشنىڭ چوڭ دولقۇنىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنۇش ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئۆزى ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىشتۇر. ھازىرقى دۇنيادا ئېتراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، تەرەققىي تاپقان ئاشۇ مەدەنىيەتكە مۇراجىئەت قىلمىغان بىرمۇ ئەلنى ئۇچرىتالمايمىز. تۈيۈقسىزلا توك توختاپ قىلىپ قاراڭغۇ (زۇلمەتتە) قالغان چېغىمىزدا يەنە تۈيۈقسىزلا توك پاللىدە يورۇسا ئىچىمىزدىن غايىبانە سۆيۈنمەيدىغان كىم بار؟ شۇنچىۋالا ئەل ۋە مىللەت ھەتتا دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ زور، ئەڭ قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلانغان خەنزۇلارمۇ ئاشۇ مەدەنىيەتلەرگە دۆلەت دەرۋازىلىرىنى كەڭ ئېچىۋەتكەن يەردە سىزمۇ، بىزمۇ يەنە نېمىدىن ئەنسىرەيدىكەنمىز!؟ قاچانغىچە يەنە ئارىسالدى بولۇپ، ۋاقتىمىزنى ئۆتكۈزۈۋېتىش كېرەككەن!؟

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»غا ئائىت ماقالىنىڭ بىرىدە «بۈگۈن بىز دۇنيانى جاھانگىرلار بەرگەن كۆزەينەكتە، ئۇلارنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىكىدە كۆزىتىۋاتىمىز» دەيدۇ.

مېنىڭچە، مەدەنىيىتىمىز ۋە مەدەنىيەت يۈزلىنىشىمىزدىكى بۇ خىل ئارىسالدى كەيپىياتنىڭ شەكىللىنىشىدە بىزنىڭ بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىزنىڭ رولىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. «جاھانگىرلار» بەرگەن كۆزەينەكنى ھەقىقەتەنمۇ ئەتىۋارلاپ قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكۈچىلەر، دۇنيانى كۆزىتىۋاتقانلار ئارىمىزدا خېلى بار. گەرچە بىر قىسىم كىشىلەر ۋە زىيالىيلار تەرەققىي تاپقان غەرب مەدەنىيىتىنى «جاھانگىر»، «تاجاۋۇزچى تەبىئەتلىك» دەپ ئومۇمەن يامانغا چىقىرىۋەتكىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، «يامانىنىڭ ئوتى يامان» دەپ بۇ «يامان»دىن ئايرىلىپ ياشىيالمايۋاتىدۇ. بۇ«يامان» نىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ مەنىۋى كۈچىنى ھامان تۆۋەن سانايدۇ. ئۇلارنىڭ «كەشپىياتى»سىز ئۆزلىرىنىڭ بىر ئىجادىي پىكىرلىق يارىتىش يوشۇرۇن ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنچ قىلالمايدۇ. تەرەققىي تاپقان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى ئەڭ يامان سۈپەت بىلەن تەسۋىرلىسىمۇ، ئەمما شۇ تەرەپتىن كەلگەن قاراش ـ نەزەرىيە، مەپكۇرىلەرنى شۈبھىلىنىشكە بولمايدىغان قانۇن سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. بىز سىياسىيغا، ئىجتىمائىيەتكە ئائىت بىر قىسىم ئەسەرلەردىن كۆرۈپ تۇرماقتىمىزكى، ئاشۇ ئەسەرلەردە ئېلىنغان ئاساسلىق ستاتا، كۆزقاراشلار ۋە شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر، شەرھلەر ئاشۇ غەرب مۇتەپەككۇر ـ ئالىملىرىنىڭ

پىكرىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭدىن، ئەيىبلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتقان غەرب دۇنياسىدىن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغان تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىشتەك مايىللىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما مۇشۇ مۇرەككەپ دۇنيادا مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇر خەرىتىسىنى ئاۋۋال ئۆزلىرى سىزىپ چىقمىقى زۆرۈر. ئەجەبا، مۇستەقىل تەپەككۇردىن يىراقلىشىش، ئىجادىي قاراش كەمچىل بولۇش، ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماي غەربلىك ئەقىلدارلار (ئۇلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا«سەر خىل مېڭە»لەر) سىزىپ بەرگەن تەپەككۇر خەرىتىسى بويىچە مېڭىش ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆز ـ ئۆزىنى ھاڭغا ئىتتىرگەنلىك بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

ئۇلارچە، ئىدىيە ـ قاراش، مەدەنىيەتلەر زادىلا سىغىشالمايدىغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا ئاشۇ نەزەرىيە، قاراش، مەپكۇرىلەر ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە شۇنچە كۆپ سىڭىپ كېتىدۇ؟ توغرا، ئۇلار غەربنىڭ تەبىئىتىدىن ھەزەر ئەيلەيدۇ، (ئۇۋاللىققا ئۇچراۋاتقان) شەرق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن بىجانىدىللىق بىلەن خىزمەت قىلماقنى ئويلايدۇ. ئەمما تەرەققىي تاپقان غەربنىڭ كۈچى ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە باقمىغان ھالدا ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىگە بويسۇندۇرۇپ، ئۆز قائىدىسىگە تارتىپ تۇرىدۇ؟ ئۇلار شەرققە مۇھەببەت باغلىغان ۋە ھەتتا غەرب مەدەنىيىتىنى دۈشمەنگە چىقىرىۋەتكەنىكەن، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ غەربنىڭ «ئەخلەت»لىرىنى مۇرەسسەسىز رەت قىلىشى ۋە غەربكە تۆپتىن قارىمۇ ـ قارشى بولغان تېخىمۇ ئىلغار يولدا ئەڭ پارلاق نەتىجىلىرى بىلەن ماڭالىشى كېرەك ئىدىغۇ! شۈبھىسىزكى، بىز مەسىلىنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋى ئاجىزلىقىدىن ئىزدىشىمىز ۋە ئۆز مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزگە سادىق بولغان ئاساستا، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ تەرەققىي قىلىشىمىز كېرەك.

مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىدۇ، دەپ ۋەھىمە ھېس قىلىپ قانچىكى ئارىسالدى بولساق ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئاجىز ـ زەئىپ ھالىمىزنى باشقىلارنىڭ ئىلغار تەركىبلىرى بىلەن كۈچلەندۈرمىسەك شۇنچە تېز بەربات بوپكېتىمىز. ئەگەردە بىر مىللەتتە ئېگىلمەس ـ پۈكۈلمەس ئەقىدە ـ ئېتىقادلا بولىدىكەن ئۇ سىرتقى مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچراشقانلىقى تۈپەيلىلا باشقىلارغا يەم بوپكەتمەيدۇ. ئەگەردە يەم بوپكەتسە، بۇ ئەڭ ئالدى بىلەن تاشقى مەدەنىيەتنىڭ ئەمەس، دەل شۇ خەلقنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادى، مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى كۈچىنىڭ زەئىپلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. ئۆز ـ ئۆزىنى زامانغا، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا كۈچلەندۈرۈپ تۇرالمىغانلىقنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. جاز مۇزىكىسى پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈنلا خەلق ناخشىلىرىنىڭ بازىرى ئۆلسە بۇنى جاز مۇزىكىسىدىن ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلغۇچى مىللەتلەردىن كۆرۈشىمىز كېرەكمۇ ياكى خەلق ناخشىلىرى بىلەن كىشىلىرىمىز ئارىسىدىكى ۋارىسلىق قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاسراش، قوغداش، باشقىلارغا تونۇتۇش جەھەتتىكى مۇناسىۋەت دىئالوگىنىڭ ئاجىزلىقىدىن كۆرۈشىمىز كېرەكمۇ؟ بىر تەقۋادار ئايال پادىچىلار ئىشتىنىنى كۆرۈپلا ئۆزىنىڭ ياغلىق ـ پەرەنجىسىنى تاشلىسا، بۇ پادىچىلار ئىشتىنىنىڭ گۇناھىمۇ ياكى ياغلىق ـ پەرەنجىنىڭمۇ؟ ۋەياكى شۇ ئايالنىڭ تەقۋالىق دەرىجىسىدىكى مەسىلىمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئىچكى ـ مەنىۋى ئاجىزلىق ئەڭ چوڭ ۋەيرانچىلىقتۇر. ئۆزىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا باش قاتۇرماي ھەدېسىلا كۈچلۈكلەرنى تىللاش، شۇلاردىن ئەيىب ئىزدەش بولسا تېخىمۇ ئېچىنىشلىق روھىي غالىبىيەتچىلىكتۇر. بىزدە « قورساق

ئاغرىقلىق بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقما»دەيدىغان گەپ بار. قارىغاندا، بىز ئۆزىمىزگە ، ئۆز مەدەنىيىتىمىزگە، ئۆز ئەقىدە ـ ئېتىقادىمىزنىڭ كۈچىگە، ئۆزىنى قوغداش قۇۋۋىتىگە تازا ئىشەنمىسەك كېرەك. بولمىسا، مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشىدىن شۇنچىۋالا قورقۇپ، ۋايىم يەيتتۇقمۇ؟ ...

قاراپ باقايلى، بىزدە زادى قانچىلىك سانائەت ئاساسى بار؟ تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىۋاتقان ۋە بىز ھەۋەس بىلەن كۆز تىكىدىغان ئەڭ يېڭى، ئەڭ سەرخىل ئىختىرا ـ مۇۋەپپەقىيەتلەر نەدە بولۇۋاتىدۇ؟ «شەرق گادايلىقى» ـ شەرقنىڭ ئاجىزلىقى بىزنى كۆپ نەرسىدىن مەھرۇم قىلغۇچى«ئاپەت» ئوخشايدۇ؟ بۇ «ئاپەت»بىزنى يەنىلا بىزگە كۈشەندە بولغان تەرەپكە مۇراجىئەت قىلىشقا، ئۇلاردىكى«پايدىلىق تەركىب »لەردىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئېلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. كىشىلەر «تۇزنى يەپ تۇزلۇقىغا تۈكۈرۈش»نى تولىمۇ ئېغىر ئەخلاقسىزلىق دەپ قارايدۇ. دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئالەمشۇمۇل تۆھپە كۆرسەتكەن تەرەققىي تاپقان غەربتىكى نۇرغۇن مۇتەپەككۇر، سىياسىيون، ئالىم ۋە ئىختىرا ـ مۇۋەپپەقىيەتلەر شەرق ـ غەرب دېمەي ھەممىسى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى ئۆز ئېھتىياجىغا يارىشا قاندۇردى، تۇرمۇشىنى مىسلىسىز دەرىجىدە قولايلىققا، زامانىۋىلىققا، يېڭىلىققا باشلاپ كىردى. نېچشى، گونتىيوگراسئان، سەيمېل خانتىڭتون قاتارلىق كۆپلىگەن مۇتەپەككۇر، سىياسىيوننىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ھەممىمىز ناھايىتى چوڭ بىلىپ دەستۇر سۈپىتىدە كۆتۈرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. ۋەھالەنكى، يەنە تىللايمىز، ئەندىشە قىلىمىز. دېمەك، روشەنكى، بىزنىڭ يېتەكچى روللۇق زىيالىيلىرىمىزنىڭ روھىي دۇنياسى ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك. بۇنى زادى قانداق مەنتىقە دېگۈلۈك؟ توغرا، تەرەققىي تاپقان غەرب جەمئىيىتىدە ، مەدەنىيىتىدە كېسەللىك، ئىجتىمائىي قاباھەت،كرىزىس يوق ئەمەس. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلىششى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئېششى، رەھىمسىز رىقابەت مۇھىتى بۇ جەمئىيەت مەدەنىيىتىنى تولىمۇ رەھىمسىز، سوغۇق تۈسكە كىرگۈزۈۋەتكەن. ئائىلە ، نىكاھ، ئەخلاق كرىزىسى شىددەت بىلەن كۆپەيگەن. كىشىلەرئارا مېھىر ـ مۇھەببەت، بېرىش ـ كېلىش سۇسلىغان، جىنسىيەت ئېچىۋېتىلگەن، ئەركىنلىك شوئارى ئاستىدا نومۇسسىزلىق ئەۋجىگە چىققان. تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېز، يۇقىرى، رەھىمسىز بولۇشى كىشىلەرنى ئەسەبىيلىك ئارقىلىق كۆڭۈل خۇشى قىلىشقا مايىل قىلىپ قويغان. ئەمما ئۇمۇ بىر جەمئىيەت. مۇنداق ھادىسىلەر بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەدەنىيەتكە تەبىر بەرگەندە ، ئۇ ئاساسەن ئېسىل نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. دېمەككى ئىلغار تەركىب ، ئېسىل ئادەت چىن مەنىسىدىن مەدەنىيەتكە ياتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يۇقىرىقىدەك رەزىل، چاكىنا ئادەت ـ قىلىقلار ئىلغار ـ ئىجابىي مەدەنىيەت جۈملىسىدىن ئەمەستۇر. بىز مەدەنىيەتلەر ئالاقىسىدە بۇ خىل ئەخلەتلەرنى ئەمەس، سەرخىل، ئېسىل، كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە پايدىلىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىمىز، ئۆگىنىمىز. ئەخلەت قوبۇل قىلساقمۇ، مەدەنىيەت قوبۇل قىلساقمۇ، تاللاش ئۆزىمىزدىدۇر. ئەگەردە بىز ھەربىر مەدەنىيەتنى كەڭ ئېچىلغان بىر داستىخان دېسەك، ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ تۇرغان ھەربىر ئەل ـ خەلق تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭدىن خالىغىنىچە بەھرىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. يېسىڭىزمۇ ـ يېمىسىڭىزمۇ ئىختىيار سىزدە . ھەسەل يېسىڭىزمۇ، زەھەر يېسىڭىزمۇ سىزگە باغلىق. ھەسەل يېمەي زەھەر يېسىڭىز بۇنى داستىخاندىن، داستىخاندىكى نېمەتلەردىن كۆرۈش كېرەكمۇ؟ ۋەياكى زەھەرلىنىشتىن قورقۇپ ئاچ قورساق ئولتۇرۇش كېرەكمۇ؟ كۆرۈش تەس ئەمەسكى، تەرەققىياتتا، ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرۈشتە قانداق يول تۇتۇش ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ مەسىلە ئەمەس. ئەڭ ھالقىلىق گەپ بىزنىڭ تاللاش ئىقتىدارىمىز، شاللاش سەۋىيىمىزدە ۋە بۇيولدا دادىللىق، كەسكىن تىرىشچانلىق بىلەن مېڭىش ـ ماڭالماسلىقىمىزدا. بىز نېمىشقا غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەر مەدەنىيىتىنىڭ ئەقلىيلىك، مەرىپەت، تەجرىبە، بىلىم، تېخنىكا، ئىقتىساد، پاراسەت، سەممىيەت، ئەخلاق ئىزدەيدىغان ئەڭ ئېسىل ئادەت ـ تەشەببۇسلىرىنى قوبۇل قىلماي ھەدېسىلا چېكىدىن ئاشقان ئەسەبىيلىكنى، ياسىنىش، كىيىنىش، ئىچىش، چېكىش، ئەيش ـ ئىشرەت، بۇزۇقچىلىق قىلىش دېگەندەك مەرەز تەرەپلىرىنىلا قوبۇل قىلىۋالىمىز؟ ھەرقانداق بىر جەمئىيەت جىنايەت ، ئەخلاقسىزلىق، رەزىللىكتىن مۇتلەق خالىي بولالمايدۇ. ئەمما قوبۇللاش ھالىتىدە تۇرغان يەنە بىر ئەل ئۇنىڭ ئېسىل تەرەپلىرىدىن، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرىدىغان ئىلغار تەركىبلەردىن قوبۇل قىلسا بولىدىغۇ.

## دىققەتكە سازاۋەر بىر مەسىلە

ھازىرغىچە غەرب «سەرخىل مېڭىلىرى»دىن كۆرە شەرق «سەرخىل مېڭىلىرى»گۇمان ۋە ئەيىبلەشتىن نېرى ئۆتەلمىدى. ھەل قىلىنمىغان بۇ مەدەنىيەت مەسىلىسىگە گۇنا ئارتىشمۇ كەتمەيدۇ، ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشمۇ لازىم بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ جاۋابى ئابلەت ئابدۇللانىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىل 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ۋە مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2004 ـ يىل 5 ـ سانىدا ئاپتور سۈرىتى بىلەن بېسىلغان «چىدىساڭ ياشا»دېگەن شېئىرىدا مەنتىقىلىق ھەل قىلىنغان. يەنى بۇ دۇنيا مەزكۇر شېئىردا دېيىلگىنىدەك «بىرگە ـ بىر»دۇنيادۇر. مېنىڭچە، سەۋەبى مۇنداق: غەرب ھەرقانچە كۈچلۈك بولغان بىلەن شەرقسىز غەرب بولالمايدۇ. شۇڭا شەرققە مۇراجىئەت قىلىپ «تەلمۈرۈپ» تۇرماقتا. چۈنكى كۈچلۈك غەربنىڭ مەنپەئىتى «ئاجىز»شەرقسىز كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ. بۇ «كۈچسىز» شەرقلىقلەر«كۈچلۈك»غەربلىكلەرنىڭ مۇشۇ پسىخىكىسىنى بىلىۋالدى ھەم بىلىپ يەتمەكتە. شۇڭا شەرقمۇ غەربتىن ئۆز مەنپەئىتى يولىدا پايدىلانماقتا ھەم پايدىلانماقچى. غەربمۇ ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئىتى يولىدا شەرقنىڭمۇ مۇشۇ پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقتا ھەم ئاشۇرماقچى. ھەرقايسى تەرەپنىڭ كۆڭلىدە تېگىشلىك سان بار. مانا بۇ خەلقئارا مۇناسىۋەت مۇرەككەپلىكى، «كۈچلۈك»لەرنىڭ يەنىلا مەلۇم «ئەيمىنىش»تىن خالىي بولالماسلىقىنىڭ، ئالدىراپ ھەممىنى بىراقلا دوغا تىكمەسلىكىنىڭ سەۋەبى. دېمەك، كۈچسىزلەر ئەمەلىيەتتە بەكلا كۈچسىز ئەمەس. كۈچلۈكلەرمۇ ئەمەلىيەتتە بەكلا قورقۇنچلۇق ئەمەس. ئۇلار بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىپ ياشىماقتا. ئۆزئارا مەنپەئەتدارلىق ئۆتۈشمىسى تەبىئىي ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئىتتىپاقداشلىقنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئەكسىچە، بىر ـ بىرىگە نىسپىي باراۋەر بولغان تەقەززالىقنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان. ئەگەر، ناۋادا مۇشۇ تەرەپلەر ئىچىدىكى بىر كۈچ ئاشۇ كۈچ تەڭپۇڭلۇقىدىن چەتنەپ، پايدا ـ زىيان مەسىلىسىدە بىخەستىلىك قىلىپ يەڭگىلتەكلىك بىلەن ھۆكۈم چىقىرىپ قويىدىكەن، ھامان چوڭ زىيان تارتماي قالمايدۇ. چۈنكى بۇ

رەھىمسىز رىقابەت ئالىمى. ئەمەلىيەتتە ھېچكىم ھېچكىمگە قەرزدار ئەمەس. ھەرقايسى تەرەپلەر بىر ـ بىرىنىڭ پېيىدە. شۇڭا بۇ دۇنيا «بىرگە ـ بىر»دۇنيادۇر. شۇڭا مەسىلىنى ئۆزىمىزدىن باشلاپ ئىزدىسەك ياخشىمۇ ياكى باشقىلاردىنمۇ، ۋەياكى بولمىسا ھەرئىككىلا تەرەپنى يۇغۇرۇپ، بىر ئەتراپلىق يەكۈنگە ئېرىشسەكمۇ؟

# كاپىتالىزمدىكى شەخسىيەتچىلىك ۋە سوتسىيالىزمدىكى ئومۇمىيلىق توغرىسىدا

بىز مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئومۇمىيلىق قارىشىنى ھەمىشە تەكىتلەيمىز. شەخسچىلىكنى بولسا ئىجابىي بولمىغان نۇقتىدىن رەت قىلىمىز. ۋەھالەنكى، ھەرقانداق بىر شەيئى قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكىشىدىن ئىبارەت ئىچكى قانۇنىيەتتىن تەشكىل تاپىدۇ. بىز ئىجابىي ۋە سەلبىي دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كېلىۋاتقان جەمئىيەت ھادىسىلىرىمۇ راۋاجلىنىش جەريانىدا بەزى ئۆزگىرىشلەرنى پاسايدۇ ھەمدە بىزنىڭ ئەسلىدىكى تونۇشىمىزنى يېڭىلاپ بارىدۇ.

مەلۇمكى، كاپىتالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكى شەخسچىلىك. شەخسچىلىك ۋە شەخسىيەتچىلىكلەرنىڭ ھەممىسلا شەخسنى مەركەز قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ جەمئىيەت شەخسىي مۈلۈكچىلىك ئىقتىسادى ئاساسىغا قۇرۇلغان. سوتسىيالىزم بولسا، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ئاساسىغا قۇرۇلغان جەمئىيەت.

بۇ ئىككى تۈپكى پەرق ئىككى جەمئىيەتنى ئەسلىدىلا ئوت بىلەن سۇدەك بىر ـ بىرىدىن كەسكىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. بىز بۇ ئىككى چوڭ نۇقتىنى شۇنداق ئايرىغان. سوتسىيالىزمدا پۈتكۈل ئىجتىمائىي بايلىقلارنى كاپىتالىست، بومېشچىكلارنىڭ قولىدىن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىككە ئۆتكۈزۈشنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى چوڭ بىر سەكرەشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىق، دەپ قاراپ كەلدۇق. ۋەھالەنكى، زىددىيەتلىك تەرەپلەرنىڭ مۇئەييەن شارائىتتا بىر ـ بىرىگە ئۆزگىرىدىغانلىقى تارىخىي ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلاندى.

قانۇنىيەت شۇنداقكى، ئىنسانلارنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى شەخسىيەتچىلىك؛ ئىنسان ئاۋۋال ئۆزىنى مەركەز قىلىدۇ، ئاندىن باشقىلارنى. ئەزىم دەريالار تاغلاردىكى تارام ـ تارام سۇلاردىن ھاسىل بولۇپ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە دەريادا سۇ بولسا ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىمۇ سۇ بولىدۇ (مەسئۇل مۇھەررىردىن).

ۋەھالەنكى، ھەرقايسى ھاكىمىيەت، تۈزۈم ـ تۈزۈلمىلەرنىڭ بۇ خىل ئىنسان تەبىئىتىگە بولغان قاراش ـ تونۇشى ۋە ئۇنى ھاكىمىيەت ئەندىزىسىگە تەتبىقلىشى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى، ئوخشاش بولمىدى. ئەنئەنىۋى سوتسىيالىزم شەخسنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئاساس قىلغان شەخسىيەتچىلىك، خۇسۇسىي ئىگىدارلىقنى جان ـ جەھلى بىلەن چەتكە قاقتى. ئەمما كاپىتالىستىك غەرب ئىنساننىڭ بۇ خىل ئاجىز تەبىئىتىگە باشقىچە نۇقتىدىن قاراپ ۋە ئۇيلاپ باقمىغان ئۇنۇم ـ نەتىجىگە ئېرىشتى. يەنى شەخسنىڭ ھوقۇق، ئىقتىدارى، مەنپەئىتى، خۇسۇسىي ئىگىلىك غەربتە بەكرەك ئېتىبارغا ئېلىندى. بۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق بىر ئىش، ئىگىلىك، تۈزۈم ئارقىلىق شەخس بەھرىمەن بولىدىغان مەنپەئەت، ئىمتىياز زور دەرىجىدە ئاشتى. بۇ ھال تەبىئىي ھالدا شەخسلەرنىڭ ئىجادىي، ئەقلىي ئىقتىدارىنى ۋە ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىنى ھەسسىلەپ ئۇرغۇتتى.

شەخس قانچە كۆچەپ ئىشلىسە ۋە قانچىكى ئىجتىھاتچانلىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتسە ئۇ ئېرىشىدىغان ھەق، مەنپەئەت، بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق، ئىمتىياز شۇنچە كېڭەيدى. ھورۇنلۇق قىلىپ بىر مىنۇت ياتسا، ئۇنىڭ بەھرلىنىدىغان نېمىتى شۇنچە ئازىيىپ ماڭدى شۇنىڭ بىلەن شەخسنىڭ ئىجادىي كۈچى شۇنچە زور تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى ـ دە، ماس ھالدا جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيىسى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئۆزىنى خىزمەت، ئىلىم، تەرەققىيات ئۈچۈن جان دەپ ئاتايدىغان جان پىدالىق پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ بارلىق ھۈجەيرىلىرىگىچە سىڭىپ كەتتى ـ دە، جەمئىيەت توسۇۋالغىلى، توختىتىۋالغىلى بولمايدىغان سۈرئەتتە ئىلگىرىلەش باسقۇچىغا كىردى. شەخسچىلىك ئاخىرى بېرىپ كوللېكتىپ ئومۇمىيلىققا ئايلاندى. شەخسچىلىك ئومۇمىيەتچىلىك ئىككىنى يەپكەتمىدى، بەلكى ئېخىمۇ مۇستەھكەم قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. چۈنكى شەخس قانچىلىك بېيىپ كەتسۇن ياكى كاتتا ھوقۇق، ئىمتىياز، شەرەپ ئىگىسى بوپكەتسۇن، ھامان ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت، جەمئىيەتتىن ئايرىلالمايتتى. ئومۇمنى قوغدىمىسا، كەڭ ئاۋامنى ئويلىمىسا، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئويلىمىسا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى، خۇسۇسىي ھوقۇق ـ پايدىسى زور دەرىجىدە دەخلى ـ تەرۇزگە، زىيانغا ئۇچرايتتى. شەخسنىڭ قۇدرەت تېپىشى ماھىيەتتە ئوخشاشلا كۆپنىمۇ ئالغا باستۇراتتى. كۆپ ئالغا باسماي تۇرۇپ شەخس ئېخىمۇ قەد تىكلىيەلمەيتتى ... نەتىجىدە شەخسچىلىك ـ خۇسۇسىيلىقتىن ئومۇمىيلىق ۋە يىمىرىلمەس تەبىئىي ئائىلىق كوللېكتىپ ئالغا شاخلاپ چىقتى. شۇئار توۋلىمىسىمۇ، بىرسى چاقىرىق قىلمىسىمۇ ئومۇمىي مۈلۈكلەرنى، ئومۇمنىڭ، شەخسنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە بىۋاستە تاقىشىدىغان تۈزۈمنىڭ، باراۋەرلىكنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، ئىلىمگە، ئىقتىدارغا ئەڭ يۇقىرى چەكتە ھۆرمەت قىلىش، باشقىلارنىڭ ئىززىتىنى قەدىرلەش، مۇھىت، مائارىپ، سەھىيە، قاتناش... قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئەلالاشتۇرۇش بارلىق شەخسنىڭ ئومۇمىي، ئورتاق غايىسى ۋە تىرىشىپ رېئاللاشتۇرىدىغان نىشانىغا ئايلاندى. ئاممىۋى ئىشلاردا ساختىپەزلىك، كۆزبويامچىلىق قىلىش، چىرىكلىك دېگەندەك ئىشلار ھېچكىم كەچۈرمەيدىغان ئەڭ نومۇسلۇق ئىشلار قاتارىدا سانالدى. چۈنكى بۇ ئىشلار بىۋاستە شەخسنىڭ، ھەربىر پۇقرانىڭ مەنپەئىتىگە ۋە باراۋەرلىك، مەنپەئەتلىنىش خاھىشىغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن باراۋەر ئىدى. شەخسچىلىك ئەڭ ئاخىرىدا چېقىلغىلى بولمايدىغان ئومۇمىي ئاممىۋى كۈچ، ئەخلاق، ئاڭنى تۇرغۇزۇپ چىقتى.

نۆۋەتتە، تەرەققىي تاپقان غەربتىكى كىشىلەر ساپاسى مەدەنىيەتنىڭ تۆرلۈك ساھەلىرىدە مۇئەييەن يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەلۋەتتە مۇتلەق ساپ نەرسە بولمىغىنىدەك، يەنە بىر قىسىم ناچار مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىمۇ، مىسالەن: ئائىلە مۇقەددەسلىكىگە سەل قاراش، جىنسىيەت ئەركىنلىكى، يالىڭاچ بەدەن دېگەندەك بىز شەرقلىقلەرنىڭ كۆزىگە سىغمايدىغان نەرسىلەرنىمۇ مەيدانغا چىقارغانلىقىنى كۆرمەي قالمايمىز، ئەلۋەتتە. لېكىن بىز ھەرقانداق بىر جەمئىيەتكە ئاساسىي نۇقتىدىن باھا بېرىمىز. ئۈچ خىل ھوقۇقنىڭ ئايرىلىشى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك شۇئارلىرىنىڭ دۆلەت تۈزۈمىدە ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەنلىكى سەۋەبلىك كىشىلەرنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنىمۇ جەمئىيەتكە نىسبەتەن خوجايىنلىق ۋە ئومۇمىيلىق ئامىللىرى بىلەن زىچ بىرىكىپ يېتىلىپ بېرىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلماي

قالمايمىز، ئەلۋەتتە. گەرچە تەرەققىي تاپقان غەرب جەمئىيىتى ھازىر يەنىلا شەخسچىلىكنى مەنبە قىلغان جەمئىيەت بولسىمۇ، يۇقىرىقى ئامىللارغا بىنائەن جەمئىيەت ھالىتى شەخسىيەتچىلىك بىلەن شەخسچىلىك ئارىسىدا بارغانسېرى پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئومۇملۇق ئېڭى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلدى. ئاددىي ساۋاق شۇكى، كاپىتالىست (شەخس)نىڭ ئۆز مۈلكىگە خىيانەت قىلىشى ئەقىلغە سىغمايدىغان ئىش. كىشىلەرنىڭ جانجان مەنپەئىتى بىلەن خالىغانچە ئوينىشىدىغان رەزىللىكلەرگە نىسبەتەن يۇقىرىقى جەمئىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ئومۇمىيۈزلۈك چەك قويۇش ئىقتىدارىنى تامامەن نامايان قىلالايدۇ.

سوتسىيالىزم بولسا، باشتا دەپ ئۆتكىنىدەك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى يوقىتىشنى ئالللىقاچان جاكارلىغان بولسىمۇ، ئەمما بىر جەرياندىن كېيىنكى زۆرۈرىيەت ئاخىرى بۇ جەمئىيەتنى يەنە بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنىشكە، يەنى مەلۇم بىر شەخسچىلىك باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈش كېرەكلىكىگە ئېلىپ باردى. ئەمما بۇ شەخسچىلىك (شەخسلەشتۈرۈش) جەمئىيەتنىڭ تۈپكى خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشكەن ھالدا، يەنى پىلانلىق ئىگىلىك ئاساسىدىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ئاملى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئەھۋال ئاستىدا يۈرگۈزۈلگەچكە ، بۇ ھال شەخسىيەتچىلىك ئامىللىرىغا زور بوشلۇق ھاسىل قىلىپ بەردى. مەركەزلەشكەن ھوقۇقچىلىق ۋە ھوقۇقنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈشى جەمئىيەتتە بىر قىسىم ئىمتىيازلىق كىشىلەر قاتلىمىنى (گەرچە پرىنسىپتا ئىنكار قىلىنسىمۇ) ئەمەلىيەتتە تەبىئىي ھالدىلا مەيدانغا چىقاردى. ئىلگىرىكىگە ئوخشىمىغان ھالدا كىشىلەردىكى ماددىي يۇقىرى-تۆۋەنلىك پەرقىنى ناھايىتى تېزلا گەۋدىلەندۈرۈۋەتتى. ماددىي كاپالەت تەقسىماتى (ئىش ھەققى قاتارلىقلار) ئادەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قاتلىمىدىلا نوقۇل بەلگىلەنگەن چەك دائىرىسىدىن سىرت ھېچقانداق «قوشۇمچە قىممەت»بىلەن باغلانمايدىغان، ئەمما نىسپىي يۇقىرىلايدىغان دەرىجە قاتلىمى بۇ ئىزچىللىققا تەۋە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئومۇمەن بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، بىز بۇيەردە ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدىكى يۇقىرى-تۆۋەنلىك پەرقىنى دېمىسەكمۇ، ئەمما ھوقۇقچىلىق قاتلىمىدىكى چىرىكلەشكەن بەزى ئۇنسۇرلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك خاراكتېرى ۋە ھوقۇق - ئىمتىيازدىن تولىمۇ ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ بىۋاسىتە دۆلەت مەنپەئىتىنى ۋە كىشىلەر مەنپەئىتىنى ھازىرقى كاپىتالىزمغا قارىغاندىمۇ ئۆزى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرمەسلىكىمىز مۇمكىن ئەمەس.خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، شەكلۋازلىق، يالغانچىلىق، بۇزغۇنچىلىق قاتارلىق رەزىل ھادىسىلەر سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئومۇمەن ھەممە جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ ماخاۋ كېسەلدۇر. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قاتتىق چەكلەۋاتقان ، جازالاۋاتقان بولسىمۇ، ھوقۇقچىلىققا باغلانغان چىرىكلەشكەن بىر قىسىم كونكرېت تارماق- مۇئەسسەسەلەر، مەنسەپدارلار شۇنداق سورلۇك ئەلپاز بىلەن مەيدانغا چىقماقتىكى، ئۇلار شەكىللەندۈرگەن بۇ «مۇستەقىل پادىشالىق»لارنىڭ «دەرۋازىسى»نى سىزدە ھەرقانچە بىلىم، ئىقتىدار بولغان بىلەنمۇ ئاچمىقىڭىز بەسى مۈشكۈل. پەقەت بىرلا نەرسە بۇ تىلسىملىق ئىشىكنى سىزگە داغدام ئېچىپ بېرەلەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ پۇلدۇر. ئەزەلدىن سوتسىيالىزم ئومۇمىيلىقىغا ئىشىنىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ بۈگۈنگە كەلگەندە بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلمىقى يەنىلا تەس. ئەمما ھەممىدە پۇلغا قاراش ، پۇلنى ئۆلچەم قىلىش جەمئىيەتتىكى بەزى چىرىكلەشكەن تارماق ۋە مەنسەپدارلار قاتلىمىدا ئەمەلىي رېئاللىق بولۇپقالغان. بۈگۈنكى كۈندە سىز ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن قابىل پەرزەنتىڭىزنى بىرەر تەشكىلىي ئورۇنغا «ھەققانىي سىياسەت»كە تايىنىپ ئۆتكۈزەلمەي ئاۋارە. ۋەھالەنكى، نەچچە تۈمەن پۇلنى «گاچچىدا تاشلىيالىغان»لىقى بىلەن مەقسىتىگە يەتكەن كىشىلەر ، چىرىكلەشكەن ھوقۇق - ئىمتىياز ئۆزىنىڭ «ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان»لىقى بىلەن غۇرۇرىڭىزغا ئازار بەرگەن چېغىدا ، ئاندىن بۇ ھالەتنى ئېتىراپ قىلماي ئامالىڭىز يوق. كىشىلەرنىڭ ئەسلىي تەبىئىي شەخسىيەتچىلىك بولغىنى ئۈچۈن ئاخىر شەخسلىشىش ئەمدى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى مەركەز قىلىشىغا يول ئاچتى. بەلكىم بىر خىل يۈكسەك ئاڭ كونتروللۇقى يېتىلمىگەن جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئەسلىي تەبىئىتى يەنىلا ئۆزىنى ئاساس قىلىش بولسا كېرەك. ئەگەر بىز ھازىرقى تۈزۈم - تۈزۈلمىلەر نۇقتىسىدىن سېلىشتۇرما ھالدا ھەربىر ئاددىي شەيئى - ھادىسىگىمۇ راستچىللىق بىلەن لىللا باھا بەرسەك، كۆپلىگەن شەخسچىلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك ئاملىنىڭ كۆكلەپ تەرەققىي قىلىشىغا قولاي پۇرسەتلەرنىڭ ھازىرلىنىپ قالغانلىقىنى ئىنكارقىلالمايمىز. گەرچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇنداق يوچۇقلارنى ئېتىش، ئوچۇق-ئاشكارا بولۇش توغرىسىدا داۋاملىق تەلەپ قويۇۋاتقان، مۇھىم يولىيورۇق -تەدبىرلەرنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما تۈپكى چوڭ نۇقتا ھامان مەۋجۇد بوپكەلگەچكە، كىشىلەر يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاشۇ چاقىرىقلارغا يېتەرلىك ئاۋاز قوشۇشقا چارىسىز قېلىۋاتىدۇ.

مۇئەييەن زېمىن - مۇھىت شارائىتى يېتىلدۈرگەن مىللىي ئادەت كۈچلىرى بىلەن زىچ گىرەلەشكەن يېتەكچى قاتلام مەدەنىيەت ھالىتى كىشىلەرنىڭ يېتەكچى ئاڭ ھالىتىنىمۇ بەلگىلەپ قويىدۇ. يا ئۇنى تۈيۈق يولغا قىستاپ ئەكىرىدۇ ياكى داغدام يولغا ئېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر بىز شەخسچىلىك غەربتىكى يۇقىرى تەرەققىيات ۋە كىشىلەر ھايات شارائىتلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئاخىر كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيلىق ئېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۆسۈپ، ئادەتكە ئايلانغان دەرىجىگە كۆتۈردى، بىزدىكى ئەسلىدىكى ئومۇمىيلىق بولسا يېڭى شەخسچىلىككە يۈرۈش قىلىش جەريانىدا شەخسىيەتچىلىكنىڭ داۋاملىق تەرەققىياتىغا زېمىن ھازىرلاپ بەردى، دەپ تومتاقلا (سېلىشتۇرۇپ) يەكۈن چىقارساق، بىر قىسىم كىشىلەر «بۇ قانداق بولغىنى»دەپ ماقۇل كۆرمەس. ئەمما ئەقەللىي تۇرمۇش كارتىنىلىرى دەل شۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر بىز رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلغىدەك جۈرئەتكە ئىگە بولساقلا بۇ پاكىتلارنى قوبۇل قىلالايمىز.

بىز خىزمەت، تۇرار جاي، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، دوختۇرخانا مۇلازىمىتى، ئاممىۋى تۇرمۇش كاپالىتى ۋە باشقىلاردا بىر قىسىم چىرىكلەشكەن ئورۇن ۋە مەنسەپدارلار سەۋەبلىك باراۋەرلىك، ئىقتىدار ۋە توغرىلىق ئۆلچەملىرىنىڭ تولىمۇ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، ئومۇمىيلىق ئورنىغا رەزىل شەخسىيەتچىلىكنىڭ دەسسىتىلىپ، كىشىلەرنى زار قاقشىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئاڭلاپ، بېشىمىزدىن بىۋاسىتە ئۆتكۈزۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بىزدە پەقەت ئۇلگىلەر غەربنىڭ بوپقالغانلىقى ئۈچۈنلا كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ، ئۇلارنى مۇھىم شەكىلدە ئەيىبلەشكىلا بېرىلىمىز. بىزگە زۆرۈرى ئەيىبلەشمۇ ياكى ساۋاق ئېلىشمۇ؟! ئەيىبلەش ياكى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئىشىدا كونكرېت ساھەلەر بويىچە سېلىشتۇرما ئوبيېكت نەزەردە تۇتۇلىشى، كىشىلەر قوبۇل قىلالايدىغان ئاكتىپ نۇقتا ۋە رەت قىلىنىدىغان

پاسسىپ نۇقتا بولۇشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك باشقىلارنى رەت قىلىش ئۈچۈن ئاشۇ مۇئەييەن ساھەدە باشقىلارغا قارىغاندا كىشىلەر مايىللىقىنى تارتىدىغان ئەۋزەل ئۈستۈنلۈكىمىز بولۇشى كېرەك. مانا مۇشۇنداق بىر دەسمايە بولغاندىلا ئاندىن بىز تەبىئىي ھوقۇققا ـ مايىل قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان بولىمىز، دېگەنلىكتۇر.

بىز دۆلەت، تۇرمۇش، تۇزۇلمە، ئېتىقاد دېگەندەك چوڭ مەدەنىيەت ساھەلىرىنى دېمىسەكمۇ،كىشىلەر دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى تۇرمۇش، ئەخلاق قاتارلىق مەدەنىيەتلەردىكى ئومۇمىيلىققا، كىشىلەر يېتىلدۈرگەن مۇھەت ئېڭىنىڭ قاندىقلىقىغا قاراپ، بىر خەلقنىڭ ئومۇمىيلىقتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم مەسىلىدە قانداق ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا شۇ خەلقنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت ساپاسىنى باھالاپ چىقىلى بولىدۇ. بىز گېزىت ـ ژۇرناللاردىن، چەت ئەللەرگە بېرىپ ـ كەلگەنلەردىن، تەرەققىي تاپقان ئاشۇ ئەللەردە تۇرۇۋاتقانلاردىن ئۇلارنىڭ مۇھەت ئاسراش ئېڭىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، كېرەكسىز نەرسىلەرنى تۇرلىرى بويىچە ئايرىپ خالتىلارغا قاچىلاپ، بەلگۈلەنگەن ئەخلەت تۆكۈش ئورنىغا تاشلايدىغانلىقىنى، بۇ ھەقتىكى ھۆكۈمەت مۇلازىمەتلىرىنىڭ دائىمىي، سىستېمىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. ئۇلار «يەرشارى مۇھىتىنى ئاسراش ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنى ئاسرىغانلىق» دېگەن ئاڭ بىلەن ئۇنى دائىمىي ئادەتكە ئايلاندۇرغان. بۇ ئىشلارنى باشقىلار كۆرسۇن ـ كۆرمىسۇن بۇ مىزانغا ئەمەل قىلىدىكەن. بۇ ئىشلاردا كۆزبويامچىلىق، شەكىلۋازلىققا ئورۇن يوق ئىكەن. بۇلار ئاشۇ شەخسچىلىك غەربىدە يېتىلگەن ئېسىل ئادەتلەردۇر. ئەگەر بىز پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىشنى مەدەنىيەت ۋە كىشىلىك ئەخلاقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا مىسال ئورنىدا ئالغان پەقەتلا بىر پاكىتنى ئۆزىمىزنىڭ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان بىر قىسىم «مەدەنىيەت» ھالىتىمىزنىڭ ئەينىكى ئورنىدا كۆرسەك ئەيىب ھېسابلانماس.

بىزدىكى ئومۇمىيلىق قارىشىنىڭ ئەمەلىي ھالىتى ھەقىقەتەنمۇ ئاجىز. ئائىلىۋى، ھۆكۈمەتلەرنىڭ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى»نى قانداق ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى «تەكشۈرۈش»ى بەئەينى بىردەمدىلا يېغىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆتكۈنچى يامغۇرغا ئوخشايدۇ. دائىمىي ئادەتكە ئايلانغان ئاڭ كونتروللۇقىدىكى سىستېمىلىق ھەرىكەت تەرتىپى بولمىغاچقا، تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىشلار يەنىلا كونىچە داۋاملىشىۋېرىدۇ. كىشىلەرمۇ بۇنىڭدىن تەبىئىي ھالدىلا ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ئورنىغا كۆپىنچە شەكىلۋازلىق، يالغانچىلىقنى ئۆگىنىۋالىدۇ. ئومۇمىيلىق باشقىلارنى نەزەردە تۇتۇشتا روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

مەنمۇ تەرەققىي تاپقان غەربنى، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئومۇمىيلىق ئاڭ ھالىتىنى بىر تۇتقا قىلىپ، ئۇلاردىكى «رەزىل مەدەنىيەت»، «شەخسچىلىك» دېگەنلەرنى تازا بىر كېلىشتۈرۈپ ئەيىبلەش ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىپ باقماقچى بولغان بولساممۇ، ئوبيېكتىپ ئەقەللىي سېلىشتۇرما مېنى ھېچبىر كونكرېت تۇتقا بىلەن تەمىنلىمىدى. ئۆزىنى ئەمەلىيەت ئاساسى ئىچىگە قويۇپ تېگىشلىك باھاغا ئىگە قىلىشلا كىشىلەرنى بىمەنىلىكتىن ساقلىيالايدۇ. ئىشىنىمىزكى، كىشىلەر ھامان مۇشۇ ئومۇمىيلىقتىن ئىبارەت ئاملىنى ئىبرەتلىك ئەينەك قىلىپ، ئۆزىمىز ۋە شەرق، غەرب تەرەپلىرىدىن تېگىشلىك يەكۈن چىقىرالايدۇ.

## بىزگە زۆرۈرى قەتئىي ئېنىقلىق

مېنىڭچە، رېئال شەيئىلەرنىڭ ئۆزى چوقۇم ئاق ياكى قارا دەپ ئېتىراپ قىلىنىشى، راست بىلەن يالغان، توغرا بىلەن خاتا ئاشۇ ھەقىقەت رېئاللىقى ئاساسىدىلا چوقۇم شۇنداق تونۇلۇشى زۆرۈر. بىزدە مەۋھۇم ھالدا قانداقتۇر «توغرا تونۇش»نى تەلەپ قىلىشنىڭ تارىخى خېلىلا ئۇزۇن. شۇڭا بۇنىڭدىن ھاسىلات بولۇپ تۇرىدىغان چۈشەنچە قالايمىقانچىلىقى ھەققىدە كىشىلەر خېلىلا ئاچچىق ساۋاقلارغا ئىگە.

ئېنىقكى، شەيئىلەرنى تونۇشتىن مەقسەت نېمە؟ كىشىلەر نېمىنى تونۇيدۇ؟ نېمىنى ئۆزگەرتىدۇ؟ ئەلۋەتتە رېئاللىقتىكى زۆرۈرىيەتكە ماس كەلمىگەن شەيئىلەرنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەگەر رېئاللىقتىكى ناباب شەيئىلەر ئۈستىدە توغرا تونۇش بولمىسا، ئۆزگەرتىش ئوبيېكتىمۇ توغرا بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغۇچىلار ئاۋۋال ئاشۇ شەيئىنىڭ خاراكتېرى، ماھىيىتىنى تونۇغۇچىلاردۇر. ھازىرغىچە ئۆتكەن پەيلاسوپلاپ، تەبىئىي پەن ئالىملىرى، ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىجتىھات ـ ئەمگەكلىرىنىڭ ھەممىسىلا تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى تونۇش، ئاخىرقى ھېسابتا زۆرۈرەن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش بوپكەلدى. تونۇش بىلەن ئۆزگەرتىش بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە. تونۇپلا ئۆزگەرتمىسە، تونۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ھەرىكەتنىڭ ئۆزى ئۆزگەرتىش، ئۆزگىرىش جەريانىدۇر، مەۋجۇدىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچى بىلەن ھالاكەتنىڭ پاسىلىدۇر. شۇڭا بىز تونۇش بىلەن ھەرىكەتنى بىرىكتۈرۈپ قارايمىز. پاسسىپ تونۇشنى قۇۋۋەتلىمەيمىز. ئۇيغۇرلارنى ئۆزئىچىگە ئالغان ھەممە خەلقلەرنىڭ رېئاللىقىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. مەيلى ئۇ مەدەنىيەت رېئاللىقى بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي سىياسىي رېئاللىق بولسۇن.

ئىنسانلارنىڭ شەيئىلەرنى تونۇش جەريانى، ئۆزگەرتىش پائالىيەتلىرى ۋە ئۆزگىرىش جەريانلىرىنىڭ ھەممىسىلا مۇئەييەن قانۇنىيەتكە بېقىنغان ھالدا تەرتىپلىك ئۆزگىرىش ئىچىدە راۋاجلىنىپ بارىۋېرىدۇ.

## تەرەققىيات ئۈچۈن ــ مەھمىيەت، ئۆگىنىش زۆرۈرىيەتتۇر

خوش، ئۇنداق بولسا، مەدەنىيەتلەرنى نوقۇللا توقۇنۇشىدۇ ياكى بىر ـ بىرىگە تاجاۋۇز، زوراۋانلىق يۈرگۈزىدۇ، دەپ قارىماستىن، ئەڭ ئالدى بىلەن بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، ئىلگىرى سۈرىدۇ، دەپ قارىغانىكەنمىز ۋە غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنىڭ ھامان ئۈستۈن تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى تەن ئالغانىكەنمىز، ئۇنداقتا، بىز بۇ خىل مەدەنىيەتلەر ئالاقىسىدىن زادى نېمىلەرنى قوبۇل قىلىمىز، ئۆگىنىمىز، نېمىلەردىن قەتئىي يىراق تۇرىمىز؟

ئەلۋەتتە تەرەققىي تاپقان بىر قىسىم غەرب ئەللىرىدە خېلىلا بازار تاپقان جىنسىيەت ئەركىنلىكى، يېرىم يالىڭاچ قىياپەت ياكى «ئىختىيارىي ئائىلە»نى ئۆگەنمەيمىز. مىللىي مەۋجۇدىيەت تەشۋىشى ئۇلارنىمۇ ھامان بۇ جەھەتلەردە جىددىي تۇزەشكە چاقىرىپ تۇرۇپتۇ. بۇلار بىزنىڭ مىللىي ئادەت ـ يوسۇنلىرىمىز، ئادەت كۆچلىرىمىزگىمۇ توغرا كەلمەيدۇ ھەم بىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت

ئادەتلىرىمىزنى كاردىن چىقىرىدۇ. بىز ئاشۇ تەرەققىي قىلغان ئەللەر- خەلقلەر تەدرىجىي يېتىلدۈرگەن، مىللىتىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان ھەم ئەينەك بولىدىغان، ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە قىممەتلىك ئىجابىي نەرسىلەرنى، ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى ئۆگىنىمىز .

بىز بۇيەردە ئۇلارنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىدىكى «ئۈچ خىل ھوقۇقنى ئايرىۋېتىش» دەك ھاكىمىيەت مەدەنىيىتى ئالاھىدىلىكى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. تەرەققىي تاپقان غەربنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، ئەركىنلىكتىن ئىبارەت دۆلەت تۈرمۇشىدا تەستە تىكلەنگەن، بىز دائىم ھەۋەس بىلەن تىلغا ئالىدىغان ئارزۇ تۇغرىسىدىمۇ توختالمايمىز. بىزنىڭ توختىلىدىغىنىمىز ۋە ئۆگىنىدىغىنىمىز ئۇلاردىن سەل تۆۋەن تۇرىدىغان، بىزنىڭ ھەرتەرەپلىمە يۈكسىلىشىمىزگە پايدا ئەكېلىدىغان سىياسىي - ئىجتىمائىي مەدەنىيلىككە پايدىلىق ئىجابىي تەركىبلەردۇر

1. ***زۆرۈرىيەت. تەرەققىي تاپقان ئەللەر ۋە مىللەتلەر نېمىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلغان دېگەن سوئالنى قويغان ئاساستا شەيئىلەرگە ئەقىل يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش، كەنكاس قايتۇرۇشنى ئۆگىنىمىز.*** قاتماللىق، كونسېرۋاتىپلىقتىن قول ئۈزۈش، دادىللىق، قورقماسلىق، تۈرگۈنلۈك، سىناپ بېقىش، تەۋەككۈل قىلىش روھىنى ئۆگىنىمىز.

2. ***زۆرۈرىيەت. تەرەققىي قىلغان ئەللەر ۋە مىللەتلەردىكى قانۇن- تۈزۈم ئېڭى، باراۋەرلىك ئېڭىنى ئۆگىنىمىز.*** باراۋەرسىزلىك ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا توسقۇن بولىدىغان تۈپكى ئامىل، بارلىق تىنچسىزلىق، مۇقىمسىزلىقنىڭ مەنبەسى. قانۇننى بىلىش، باراۋەرلىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش ئەڭ چوڭ مەدەنىيەتتۇر.

3. ***ئۇلاردا ھازىر ئومۇملاشقان ئومۇمىيلىق قارىشىنى ئۆگىنىمىز.*** ئۇلاردىكى مۇھىتنى ئاسراش، ئاممىۋى تازىلىققا دائىمەن رىئايە قىلىش، ھېچكىم كۆزەتمىسىمۇ، قوماندانلىق قىلمىسىمۇ ئادەتكە ئايلاندۇرغان قىممەتلىك مەدەنىيەت ئۈلگىسىدۇر. بۇ بىزدىكى ئاممىۋى تازىلىق، مۇھىت تازىلىقىغا تېگىشلىك ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىۋېلىشىنىلا كۆزلەپ، ئومۇم بىلەن كارى بولمايدىغان ئادەتلەر بىلەن روشەن سېلىشتۇرمىدۇر.

4. ***ئۇلارنىڭ ئەل ئىچىدىكى باشقىلارنى، باشقىلارنىڭ خاسلىقى، ئالاھىدىلىكىنى ھۆرمەت قىلىش، مەسىلىگە ئىنسانىي ھوقۇق نۇقتىسىدىن قاراپ، كىشىلىك قەدىر-قىممەتنى ئاسراشتەك ئالاھىدىلىكىنى ئۆگىنىمىز.*** زورلۇق- زومبۇلۇق، مۇتتەھەملىك، بىشەملىك، باشقىلارنىڭ ئىززەت- نەپسى بىلەن كارى بولماسلىق، «ياماندىن قورقۇپ، ياۋاشنى بوزەك قىلىش»رەزىل قىلمىشى زامانىمىزدىكى ئەڭ چوڭ مەدەنىيەتسىزلىكتۇر.

5. ***سەممىيەتنى، مەجبۇرىيەت ئېڭىنى ئۆگىنىمىز.*** بۇ، نۆۋەتتە بىزدە تولىمۇ يېتەرسىز پەزىلەت. سەممىيەتسىزلىك دۇنيادا بىر خەلققە، بىر دۆلەتكە شۇنداقلا كىشىلەر ئارا بىر- بىرىگە ئەڭ چوڭ ئىشەنچسىزلىك ۋە ئىشەنمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سەممىيەتسىزلىك دۇنيادا ئابرويىمىزنى تۆكىدىغان ئەڭ زور كۈشەندە. سەممىيەت ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن تولىمۇ كەڭ. ئۇ، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق يەردە شەكلىۋازلىق - يالغانچىلىق قىلماسلىق، راستچىل بولۇش، ساختىپەزلىك- ئالدامچىلىق قىلماسلىق، پايدا-مەنپەئەت ئۈچۈن ۋاستە تاللىماي ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىشنى قەبىھلىك، ئادەمىيلىكنىڭ رەزىل دۈشمىنى دەپ بىلىش دېگەنگە ئوخشاش كونكرېت مەزمۇنلارغا ئىگە. ئەمما بۇ بىزدىكى باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۆي چاشقىنىدەك يامراپ كېتىۋاتقان ۋە ھەممىنى ئىشەنچسىزلىك پاتقىقىغا پاتۇرۇۋاتقان قەبىھ ھادىسىدۇر، شۇنداقلا ئەڭ چوڭ مەدەنىيەتسىزلىكتۇر.

6. ***كىشىلىك قەدىر- قىممەتنى- ئىنسانىي غۇرۇرنى ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىگە قويۇشتەك قىممەتلىك پەزىلەتنى ئۆگىنىمىز.*** پارا ئېلىش، پارا بېرىش، خۇشامەتچىلىك، تەخسىكەشلىك، جاپا تارتمايلا جان بېقىشقا، كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئۆرۈنۇشتەك يامان ئىللەتلەرنى تەرەققىي تاپقان خەلقلەر كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمەتكە قىلىنغان ھاقارەت، دەپ قارايدىكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق. پارا بەرگۈچى پارا ئالغۇچى ئالدىدا ئۆزىنى شۇنچە بىچارە، پەس ھالدا ئىپادىلەيدۇ. پارا يېگۈچى بولسا، قولىدىكى خەلق بەرگەن ھوقۇقنى ئىمتىياز ئورنىدا كۆرۈپ، باشقىلارنىڭ قان- تەرى بەدىلىگە كەلگەن ھالال ھاسىلاتلىرىنى ئېپلاس نەپسىگە تەپ تارتماستىن يۇتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ ۋەھشىي يىرتقۇچ ھايۋان بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇپ قالغان تەبىئىتىنى نامايان قىلىدۇ ۋە ئەمەلىيەتتىكى بىر ئادەمنى ھايۋانغا ئايلىنىدۇ. ئەڭ مۇھىمى بۇيەردە ئىدىل - ئادالەت، ھەققانىيەت يوقاپ كېتىدۇ.

7. ***ئەمگەكنى ھۆرمەت قىلىش، ئىسراپچىلىق قىلماسلىقتەك پەزىلەتلىك ئاڭنى ئۆگىنىمىز.*** تەرەققىي قىلغان ئەل- خەلقلەر گەرچە ماددىي مەدەنىيەتتە يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەن دۇنيا بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئىقتىسادچىل تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۇرگەن. بىز ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن ھەرگىزمۇ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق چوڭ يەپ- چوڭ ئىچىش، ھەشەمەتچىلىك، بۇزۇپ- چېچىشتەك نومۇسلۇق ھالەتلەرنى كۆرمەيمىز. ئەمما بىزنىڭ ئۆزىمىز نامرات، ئەھۋالىمىز شۇنچىلىك بىچارىيۇ، بىراق ھەرقانداق بىر ئولتۇرۇشىمىز نازۇ- نېمەتلەر بىلەن تولۇپ- تاشقان شىرەلەر، ماچىلىدىتىپ يەۋاتقان تاماقلار، ئېشىپ قېلىپ تۆكۈۋاتقان يېمەكلىكلەر بىلەن لىق تولغان. قايسىبىر تەسىرات ماقالىدىن كۆرۈشۈمچە، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ ئېشىپ قالغان تاماقنى ياپونىيىلىك بىر كاپىتالىستنىڭ يىگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ كېيىن تولىمۇ خىجىل بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.بىز ئۇلاردىن ئىقتىسادچىللىق ئېڭىنى ئۆگىنىمىز. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، تەرەققىي قىلغان ئەللەر ياراتقان ھېسابسىز بايلىق گەرچە شەخسكە تەۋە بايلىق بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئومۇمىي مىللەت، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىسراپچىلىقنىڭ ئەمگەكنى ھۆرمەت قىلمىغانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشمۇ مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسىدۇر.

8. ***تەرەققىي تاپقان ئەل - خەلقلەرنىڭ ئەقىل بايلىقنى ئېچىش، قەدىرلەش، تولۇق جارى قىلدۇرۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى ئۆگىنىمىز.*** ئەمىلىيەتتىمۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى بولغان ئىلىم، پەن- تېخنىكا راۋاجىنىڭ مەنبەئى دەل ئاشۇ ئەقىلگە، ئىقتىدارغا ئەھمىيەت بېرىشتىن، يىراقنى كۆرەرلىكىدىن كەلگەن. ئەقىل- ئىقتىدار ئۇلارنى ئىجاد قىلغۇچى مىللەتلەرگە، كۈچلۈك مىللەتلەرگە، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر خەلقلىرىگە ئايلاندۇرغان. نۆۋەتتە، زامانىمىزدىكى ئاجىز ئەل - خەلقلەردىكى چارىسىزلىق ئەمەلىيەتتە باشقىلارنىڭ ئاشۇ ئارتۇقچىلىقلىرىغا يەنىلا كۆز يۇمۇۋېلىش، پايدىسىز مەھەللىۋازلىق كونا سەنىمىگە دەسسەۋېرىشنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. ھەممە ئەقىل - ئىقتىدارغا سەل قاراش تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئاچچىق پاجىئەدۇر.

9. ***ماگارىپ- تەربىيىدىكى كەيپىيات ئەركىنلىكى، مۇستەقىل***

***تەپەككۇر ۋە باراۋەرلىك قارىشىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشىنى ئۆگىنىمىز.*** بۇ بىزدە تولىمۇ كەم. مائارىپ، ئائىلە ۋە جەمئىيىتىمىزدە مۇئەييەن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مېخانىكىلىق تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن ئۇلارنىڭ جانلىق تەربىيە ئۇسۇلى ھەققەتەنمۇ روشەن سېلىشتۇرما. قۇلچىلىقتىن خالىي، باراۋەرلىك روھىغا ئىگە، مۇستەقىل تەپەككۇرنى يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلى ئۇلارنى دادىل ئىختىراچى مىللەتلەرگە ، قەتئىي - تۇرغۇن مىللەتلەرگە ئايلاندۇرغان. بىز دۇنيادىكى بەزى تەۋەككۇلچىلىكلەرنى كۆرۈۋاتىمىز. دەل ئاشۇ روھ ئۆزىگە، ئۆز كۈچىگە ئىشىنىشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ، ھەقىقىي كۈچ ۋە غالىبلىقنى نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ. سىياسىي، ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، ھەربىي، مائارىپ، مەدەنىيەت... قاتارلىق ساھەلەردىكى مىسلىسىز زور كۈچ ۋە قۇدرەت دەل ئۇلاردىكى ئەركىن، جۇشقۇن، دادىل سىناق روھىغا ئىگە روھىي ئۈستۈنلۈكتىن كەلگەندۇر.

***10. دېموكراتىك مۇنازىرە ، پىكىر، قاراش ئەركىنلىكىنى، ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش، پىكرىي مۇستەقىللىق خاھىشىنى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۆگىنىمىز. ھەممە باراۋەر ، تۈرلۈك ئۇقتىدا ئەركىن پىكىر بايان قىلىش، قېلىپلىق قىلماسلىقنى ئۆگىنىمىز. ئۆزىنى دۆلەتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى دەپ بىلىش، دۆلەتنىڭ تەقدىرى، ئىناۋىتى بىلەن ئۆز تەقدىرى، ئىناۋىتىنى چەمبەرچاس باغلاپ مەسئۇل بولۇش ۋە مەجبۇرىيەت ئىگىسى بولۇشتەك ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئۆگىنىمىز.***

***11. ئۇلارنىڭ تىنىمسىز يېڭىلىق يارىتىش، يېڭىلاش ئارقىلىق يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىش روھىنى ئۆگىنىمىز.*** ئۇلاردا بۇ روھ ئۇرغۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنى بۈگۈنكى گىگانت ئورۇنغا چىقارغىنىمۇ ئەمەلىيەتتە دەل تىنىمسىز يېڭىلىق يارىتىش، ھالقىش روھىدۇر. ئۇلار كىيىم-كېچەكتىن تارتىپ يۇقىرى تېخنىكىلىق مەھسۇلاتلارغىچە تىنىمسىز لايىھىلەپ، يېڭىلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارماقتا. يېڭىلاش ئەمەلىيەتتە زۆرۈرىيەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىنغان مۇقەررەرلىك بولۇپ، ئىنسان پائالىيىتىنى تېخىمۇ ئاددىي، تېخىمۇ ئەركىنلەشتۈردۇ.يېڭىلاش يۇرۇشلەشكەن جاپالىق ئەمگەك جەريانى بولۇپ، ئىجادىيەت يولىدىكى بۇ «قانائەتسىزلىك»قاتماللىقتىن خالىي بولغان يېڭىدىن -يېڭى مەدەنىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئەڭ ئالىلىق مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر.

دېمەك، تەرەققىي قىلغان ئەل - خەلقلەردىن بىزنىڭ ئۆگىنىدىغان نەرسىلىرىمىز خېلىلا نۇرغۇن. ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزدا خېلى نۇرغۇن قەدەمنى بېسىپ ئۆتۈپ كەتتى. بىزنى ئۇلگە، ساۋاقلار بىلەن تەمىنلىدى ھەم بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئىنتايىن نۇرغۇن مەدەنىيەت ئامىلى،تېخنىكا، ئەۋزەللىكنى ھازىرلاپ بەردى. بىزنىڭ بۇنىڭغىمۇ قايىل بولمايدىغان ئاساسىمىز بارمۇ؟ بىز ھەرقانداق بىر مەدەنىيەت ھادىسىسىگە باھا بەرگەندە شۇ مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىمىز. ئەگەر ئۇنىڭدىن يەتتە ئۇلۇشى ياخشى، ئېسىل بولسا ، ئەلۋەتتە ئىجابىي باھا بېرىمىز. ھەرگىزمۇ مەلۇم جەھەتتىكى چەكلىمىلىك ياكى يېتەرسىزلىكىگە قاراپلا بىر تاياقتا ھەيدەپ ئېسىل تەركىبلىرىنىمۇ رەت قىلىۋېتەلمەيمىز. باشقىلارغا ئادىل باھا بېرىشنى بىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەدەنىيەت، بىر پەزىلەت، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كېيىنكى قەدىمىگە مەسئۇل بولۇش، جاۋابكار بولۇش دېگەنلىكتۇر.

**يۇقىرىقى تېمىغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى قىستۇرما:**

1. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2004-يىل 11-ئۆكتەبىر سانىدا ئادىل مەتنىيازنىڭ مۇھىتنى ئاسراش ھەققىدىكى بىر ماقالىسى بېسىلدى. ماقالىدا دېيىلىشىچە: ئادىل مەتنىياز بىرنەچچە بۇرادىرى بىلەن بىللە ناھىيىنىڭ باغچىسىدا تاۋۇز يېيىشكەن ۋە شاپاقلىرىنى قالايمىقان تاشلىغان. بۇلاردىن سەل نېرىراقتا ئولتۇرۇپ تاۋۇز يېگەن چەت ئەللىكلەر تاۋۇزنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن بىرى ئۆزلىرىنىڭ شاپاقلىرىنىلا ئەمەس، يەنە ھەم بۇلارنىڭ قالايمىقان تاشلىغان شاپاقلىرىنىمۇ يالتىراق قەغەز خالتىغا تېرىشكە باشلىغان. بۇنى كۆرۈپ خىجىل بولۇشقان ئادىل مەتنىيازنىڭ بۇرادەرلىرى دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ، شاپاقلارنى بىللە تەرگەن. ئۇلار بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلەشكەندە ئاشۇ چەت ئەللىك كىشى ناھايىتى خاپا بولۇپ، «يەرشارى ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق ماكانى، مۇھىتقا زىيان يەتكۈزۈش ئۆزىگە زىيان يەتكۈزگەنلىك بولىدۇ»دېگەن.

2. 2004-يىل ئىيۇلدا شەھەر ئەتراپى يېزىسىدىكى بېغىمىزغا قىزىمنىڭ دوستلىرى دەم ئېلىشقا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئامېرىكىلىق قىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كىيىنىشى ئادەتتىكىدەك ، شۇنداقلا چوڭ سۈپەت ئىدى. بولۇپمۇ بويى 1.90مېتىردىن ئاشىدىغان ئامېرىكىلىق قىزنىڭ كىيىنىشى ھەممىدىن ئۆزگىچە بولۇپ، كىيگەن ئۇزۇن يوپكىسى پۇتىنىڭ ئوشۇقىغىچە چۈشۈپ تۇراتتى. مۇئامىلىدىكى ئەدەب، مۇلايىملىق ۋە ئېغىر-بېسىقلىق كىشىگە ھەقىقەتەنمۇ ياخشى تەسىر بەرمەي قالمايتتى. ئالدىنقى يىلى مەلۇم بىر دوختۇرخانىدىمۇ، مەھەللىمىزنىڭ كوچىسىدىمۇ ئاشۇ غەربلىكلەرنى كۆرگەنىدۇق. غەرب ئاياللىرىنىڭ كىيىنىشنى باشقىچە تەسەۋۋۇر قىلغان كىشىلەر كېيىن «بۇ چەت ئەللىك ئاياللارنىڭ كىيىنىشى بىزنىڭكىلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنغۇ، ھايا - ئەخلاققا دىققەت قىلىدىكەن»دېيىشكەنىدى.

دېمەك، ئۆزىنى تونۇش، ئۈلگە كۆرسىتىش جەھەتتە ئۇلارنىڭ بىزگە بەرگەن تەسىرىدىن قانداق يەكۈنگە كېلىمىز؟ بۇ ئەلۋەتتە شۇ دائىرىدىكى ئىجابىي تەسىرات. ياۋروپا، ئامېرىكا ئەللىرىگە، ياپونىيە قاتارلىق شەرقىي ئاسىيادىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە چىققانلار ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىنمۇ خېلىلا بار. ئۇلارنىڭ تەسىرات ماقالىلىرىدىن بولسۇن ياكى بىز شۇلاردىن سوراپ بىلگەنلىرىمىزدىن ۋەياكى ئاڭلىغانلىرىمىزدىن بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق، كىشىلىك قەدىر-قىممەت، كەڭ قورساقلىق ۋەھاكازا مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتلىرىدە كىشىلەرنى قايىل قىلغۇدەك ئېسىل ساپا-سۈپەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاۋاتىمىز، بىلىۋاتىمىز. مانا بۇ بىر ئاڭلىق، شۇنداقلا خاس ئادەتكە ئايلانغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى. ئەگەر مۇشۇنداق تەسىرلەرنى ئۇ پەقەتلا چەتنىڭ -تەرەققىي تاپقان غەربنىڭ بوپقالغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى «شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى»ئورنىدا كۆرۈپ قورقساق، ۋەھىمىگە چۈشسەك، بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرى بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئۆزىمىزنى تارتساق ، ئۇ چاغدا بىزگە قايەرنىڭ قانداق شەكىلدىكى مەدەنىيىتى كېرەك؟

## مەدەنىيەت ئارىسالدىلىقى

بىزدىكى راست-يالغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئارىسالدى نائېنىق، مەۋھۇم خاراكتېر ئىجتىمائىي ئاپەت خاراكتېرلىك بىرقىسىم ھادىسىلەرنى پەيدا قىلىپلا قالماستىن، مەدەنىيەت ساھەلىرىدىمۇ ئوخشاشلا نائېنىق، زىددىيەتچان كەيپىيات پەيدا قىلىپ تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ تەرەققىي قىلغان غەربتىكى ئەللەرگە تۇتقان پوزىتسىيىمىز

تولىمۇ زىددىيەتلىك، مۇئەييەن ئېنىقلىققا ئىگە ئەمەس. بىزدە نېمىگە قارشى تۇرۇپ، نېمىنى قوغدايدىغان ئېنىق نىشان خاراكتېرلىك نەرسىلىرىمىز يوق. پەقەتلا غەرب مەدەنىيىتىنى«تاجاۋۇزچى»، «توپان بالاسى»، «چىرىك»دېيىشتىنلا ئىبارەت. بىز ئۇلار «يامان»بولغاندىكىن ئىشىكنى بىراقلا ئېتىۋېلىپ ئۆگەنمىدىلا قويىمدۇق. دۆلەت دەرۋازىلىرى ئېچىۋېتىلىپ، تەرەققىي تاپقان غەربتىكى ئەللەردىن ئۆگىنىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغاندىن كېيىن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ مەلۇم ئېنىقلىق بويىچە ئۆگىنىشكە ئىرادە تىكلىيەلمىدۇق. ئەمەلىيەتتە سۆزىمىز بىلەن ھەرىكىتىمىز بىردەك ئەمەس. ئۇلارنى تىللاۋاتقانلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىن تارتىپ، يۇرۇش-تۇرۇش ئادىتىگىچە ، ئىدىيە - قارىشىغىچە شۇلارغا بولغان قايىللىق، مايىللىق مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. خۇددى «ھەسەنكام ئاچچىق، ئامۇتلىرى تاتلىق»دېگەن ئۇيغۇر تەمسىلدەك. بىز شەرقلىقلەر ئاغزىمىزدا «يامانلاپ»تۇرغىنىمىز بىلەن ماھىيەتتە «ياق-ياق دەيدۇ، موك-موك يەيدۇ» دېگەندەك، تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشتىكى ئىلغار تەرەپلىرى، تۈزۈلمىلىرى جەھەتتىلا ئەمەس، ئىلىم-پەن، مائارىپ جەھەتلىرىدىكى تەرەققىياتىنى تېزلىتىۋاتقان ئەجايىب ئامىللىرىنى بىلىپ، ھەۋەسلىنىپ تۇرۇۋاتىمىز. نېمە ئۈچۈن دۇنيا ئىلىم-پەن، مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان نوبېل مۇكاپاتى ھەقدارلىرى ئاساسەن شۇلاردىنلا چىقىدۇ؟ ئۇلارنىڭ مائارىپىدىكى مۇستەقىل تەپەككۇرغا ، ئەمەلىي تەجرىبىگە، دادىل تەۋەككۈلچىلىكلەرگە ئىلھام بېرىش ئۇسۇلى نېمىشقا ھەممىمىزنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدۇ؟ ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىختىرا قىلىش، ئەڭ يېڭى تېخنىكىلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە نېمىشقا ئۇلار ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. ئەجەبا، بۇ خىل مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن قىلچە ئالاقىسىزمۇ؟ بىزدە ئۇلارنىڭ تالانت - مۇۋەپپەقىيىتىگە، پەن-تېخنىكا، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە بۈگۈنكى دۇنيادا تۇتقان يۇقىرى ئورنىغا قايىل بولمايدىغان كىم بار؟

مۇشۇ ھەۋەسلىنىش ـ قايىل بولۇشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ۋە ئۆزىمىزدىكى مېخانىك - ئۆلۈك، قاتمال باشقۇرۇش ئۇسۇلى، رامكىلىق تەپەككۇر، ئەقىل بايلىقىنى نابۇت قىلىۋېتىدىغان ناباب مۇھىتنى سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە تەبىئىي شەكىللەنگەن. ئەمما بىز بۇلارنى كۆڭلىمىزدە، قىسمەن ئىپادىلىرىمىزدە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تۇرساقمۇ، ئەمما بىزدىكى بېكىنمە، بىرتەرەپلىمە، ھەسەتخور ئادەت كۈچى، ئىلمىي پوزىتسىيە كەمچىل بولۇش تۈپەيلى، ئۇ تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ نەرسىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆز ئەھۋالىمىزغا بىرلەشتۈرۈپ، قوبۇل قىلىشنى تازا خالىمايمىز. ھە دېسە ئۇلارنىڭ جەمئىيىتىنىڭ قاراڭغۇ، كېسەل تەرەپلىرىنىلا زىيادە سەلبىيلەشتۈرۈپ سەتلەشتۈرىمىز. خۇددى بىزدە مۇنداق رەزگىلىكلەر يوقتەك ۋەياكى بىزنىڭ بارلىق ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋابالىرىمىزغا شۇلارلا سەۋەب بولغاندەك! باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان جۈرئەتنىڭ كەم، ئۆزىمىزگە ئەمەلىيەتتە قىلچە پايدىسى يوق كونا تەركىبلەردىن ئادا-جۇدا بولۇشقا رايىمىزنىڭ سۇس بولۇشى بىزنى غەپلەتكە، روھىي مەھكۇملۇققا تېخىمۇ چوڭقۇر پاتۇرغان.

نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ھەممىلا ئىشلىرىمىز ئارىسالدىلىق ئىچىدە داۋاملىشىدۇ؟ نېمىشقا مەدەنىيەت، تەرەققىيات جەھەتتە بىز كەسكىن، ئېنىق يول تۇتالمايمىز؟ پوزىتسىيىمىز نېمىشقا ھەدېسىلا زىددىيەتلىك بوپقالىدۇ؟ ئېنىقكى، بۇ، بىرىنچىدىن، قاتمال ئەنئەنىۋى قاراشلارغا مايىل ئاجىز پسىخىكا بىلەن مىللىي مەدەنىيەتكە مۇئامىلە قىلىشتەك، ئىككىنچىدىن، ئىلغار ئىدىيە ـ مەدەنىيەتلەردىن دادىل قوبۇل قىلالماسلىقتەك قورۇمچىلىق ئىدىيىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

مەسىلەن: بىز ھەممىمىزلا مىللىي مەدەنىيەت توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا خۇددى يادلىۋالغاندەك ئەنئەنىلەرنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنى يەنىمۇ زامانغا خاس تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەكىتلەيمىز. ئەلۋەتتە بۇ تەشەببۇستىن «زامانىۋىلىشىش»نىڭ «غەربلىشىش» ئەمەس بەلكى ئۆزلۈكلىشىش بولىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

مەزكۇر ژۇرنالدىكى «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»غا ئائىت ماقالىلەرنىڭ بىرىدە: «مېنىڭچە، زامانىۋىلىشىش ئۆزىڭىزگە تېخىمۇ ئوخشاڭ، ئۆزىڭىزنى قېزىڭ، ئۆزىڭىزنى تېپىۋېلىڭ دېگەنلىك بولۇپ، ھەرگىزمۇ زامان بىلەن تەڭ قەدەمدە يۈگۈرۈپ، كۆزىڭىزگە چىرايلىقلا كۆرۈنگەن ئالۋۇننىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ كېتىۋېرىڭ، پۇت-قولىڭىز ۋە ئىدىيىڭىزگە مەھكەم چىرمىشىپ، سىزگە زامانىۋى ئادەم بولۇش ئىمكانىيىتى بەرمەيۋاتقان ئەجدادىڭىزنىڭ ‹ئەسكى-تۈسكى› لىرىنى يىراققا پىرقىرىتىۋېتىڭ دېگەنلىك ئەمەس» دەيدۇ. بۇ سۆز ياخشى ئېيتىلغان بىر مەۋھۇم ئۇقۇم. ئەمما بىزدەك زاماننىڭ كەينىدە قالغان خەلقلەر ئەمدى زامان بىلەن تەڭ قەدەمدە يۈگۈرۈشكە تىرىشمىساق بولمايدۇ.

بىز تەرەققىي قىلىشىمىز، مەدەنىيىتىمىزنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ تەرەققىياتقا پايدىلىق ئامىللارنى نەدىن بولمىسۇن قوبۇل قىلماي، ئۆزىمىزدىكى تەرەققىياتقا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان، پۇت-قول ۋە ئىدىيىگە چىرماشقان توسالغۇلاردىن مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باشقىلار قانداق ئىككىلەنمەي ۋاز كەچكەن بولسا، بىزمۇ شۇنداق قىلماقتىن ئۆزگە يولىمىز يوق. زامانغا نىسبەتەن سەلبىي ئەھمىيەتلىشىپ پۇت-قولىمىزنى چۇشىۋالغان رەزگىلىكلەرنى «تاشلىۋېتىش»تىن ۋە باشقىلاردىن ئىلغارلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن نېمە ئۈچۈن قورقىمىز؟

مانا بۇ دەل بىزدىكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نەسچىلىكلەرنىڭ مەنبەسى. ئەمەلىيەتتە، ئاللىقاچان قىممىتىنى يوقىتىپ زامانىۋى تەرەققىياتقا پۇتلاشقان نەرسىلەرنى بىز تاشلىمىساق زامان، دەۋر تاشلىۋېتىدۇ. زاماننىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھامان سىزنى بەزى نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. كىشىلەر ساقلايمەن دەپمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ، قوغدايمۇ قوغداپ بولالمايدۇ. ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان دۇنيادا شاللىنىش ھادىسىسى تەبىئىي ھادىسىدۇر. تەرەققىيات تۈپ قائىدىدۇر. شۇنداقلا تەدرىجىي ماسلىشىش ھادىسىسىدۇر. پەقەت ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ ئالدىغا ماڭماقتىن ئۆزگە يول يوق. پۇتقا تاش باغلاپ يۈگۈرۈپ ئۆزىنى قىيناشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟! ۋاستىلىك نەرسىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى مۇقەررەر ئەھۋال. ئەمما ئەنئەنىدىكى ئەڭ مۇھىم ، تۈپكى ئامىللار ـ ئەقىدە - ئېتىقاد، دۇنيا قاراش، ئەخلاقىي ئامىللارنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇلارغا باش قاتۇرۇش ئەڭ زۆرۈر مەسىلىدۇر.يەنە كېلىپ ئەنئەنىمۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس.

بىز چوڭراق تېمىلارنى قويۇپ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىدىن چەكمەن چاپاننى مىسال قىلايلى:

ئۇ، 1960-يىللاردىن ئىلگىرى دىيارىمىزنىڭ جەنۇبىدىلا ئەمەس، شىمالىدىمۇ كۆپىنچە ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلارنىڭ ئۈچىسىدا

كۆرۈنىدىغان قىشلىق ئۇزۇن چاپان ئىدى. ئۇنى شەكىل ۋە كۆرۈنۈش جەھەتتىن ھازىرقى پەلتولارنىڭ «تۇغقىنى» دېسەكمۇ بولىدۇ. پەرقى پەقەتلا ئۇنىڭ يەرلىك پاختا ۋە يۇڭ ماتېرىياللىرىدىن توقۇلغان رەختتە تىكىلگەنلىكى ھەم قايرىما ياقىلىق بولماسلىقىدا. تەبىئىي ساپلىق ۋە سالامەتلىككە پايدىلىق تەرەپلىرىدىن ئۇنىڭ رولى ئەلۋەتتە زور ئىدى.لېكىن ھازىر دىيارىمىزدا ھەتتا ياشانغانلارنىڭ ئۇچىسىدىمۇ بۇ كىيىمنى كۆرەلمەيمىز.

بىز ئەگەر ئاشۇ «ئەسكى - تۈسكى»لەرنى ساقلاپ قالغۇچىلارغا مۇشۇ چاپاننى كىيىپ ئۈرۈمچى كوچىلىرى بويىقتا تۇرسۇن ھەتتا ناھىيە كوچىلىرىنى بىر ئايلىنىپ كېلىڭ دېسەك، شۇنداق قىلىشى ناتايىن. روشەنكى، قانداقتۇر باشقا خەلقلەر ئالدىدا «خىجالەتچىلىك»ھېس قىلىشى تەبىئىي. بۇ، ئۆزىڭىز سەزمەيلا ئادەتلەنگەن «زامانىۋىلىشىش» شەكىللەندۈرگەن يېڭى پسىخىكىڭىزنىڭ مەھسۇلى. مانا بۇ ئەنئەنىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە يېڭىچە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ ئورۇن ئېلىشىدۇر. ئەمەلىيەتتە بۇنى ئۆزىڭىز ئەمەس، دەۋر مەجبۇرلىدى.

ئەنئەنىنىڭ يېڭىلىنىشى ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەتنىڭ، دەۋرنىڭ، تەرەققىياتنىڭ ئەقەللىي تەلىپىدۇر . كىشىلەر ئىلگىرى ئىشتانباغلىق ئىشتان كىيىشەتتى.(ئەمەلىيەتتە بىز ئىشلىتىۋاتقان ئىشتان سۆزى ئۆزىمىزنىڭمۇ ياكى رۇسلارنىڭ ئاتالغۇسىمۇ؟)ئاشۇ شىملارغا ئىشلەنگەن ئىشتانباغلارغا كۆكۈل قويۇپ رەڭگارەڭ باغ توقۇلاتتى. كىشىلەر كوچىدا ئىشتانباغلىرىنى ساڭگىلىتىپ ، ناخشىنى دۆڭ تولاپ، خىرامان كېتىشىۋېرەتتى. ھازىر سىز ناھىيە - شەھەر كوچىلىرى، ھەتتا سەھرالاردىمۇ مۇشۇ ئەنئەنىنى كۆرەلمەمسىز؟ ئەگەر بىز ئەرىيەتكەن بىر بالىمىزغا ئاشۇ ئۇزۇن ئىشتانباغلىق ئىشتاننى كىيىپ شەھەرنى بىر ئايلىنىپ، مىللىي ئەنئەنىمىزنى بىر نامايان قىلىپ كېلە، دېسەك، ئۇ شۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالامدۇ؟

دەسلەپ بىز تاسما ئۆتكۈزۈلىدىغان ھازىرقى شىملىرىمىزنى «ئورۇسچە ئىشتان»دەپ ئاتايتتۇق. ئەمدى ھازىر تەبىئىي ھالدىلا ئۇنداق دېمەيمىز. پەقەت ئىشتانلا دەيمىز. مېنىڭچە، بىزنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىزنى ئۆزئىچىگە ئالغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىمىزدىكى بىر قىسىم نەرسىلەر زۆرۈرىيەت تۈپەيلى شاللىنىپ كېتىدۇ، بىر قىسىم نەرسىلەر ساقلىنىپ قالىدۇ، شۇنداقلا تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ جەرياندا تەبىئىي ھالدا باشقا ئەل - خەلقلەردىن ئىلغار تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر بىز ئۆزىمىزگە ئىگە بولۇپ ۋە ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى ھەرتەرەپلىمە كۈچلەندۈرۈپ، باشقىلار بىلەن ۋاقتىدا بەسلىشىپ، يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ئاساستا يېڭىلاپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇدىغان بولساقلا، ئۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇلىشىپ داۋاملىشىدىغان مىللىي ئەنئەنىمىز بوپقېلىۋېرىدۇ. گەپ يەنىلا ئۆزىمىزدە، ئۆز ئەنئەنىمىزگە بولغان ساداقىتىمىزدە، ئۇنى زامانغا ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئۇسۇل، پىداكارلىقىمىزدا.

«ئىلچى»ماركىلىق كىيىملەر خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىك، كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ئالاھىدىلىكىنى ئاساس، ئەڭ ئىلغار توقۇمىچىلىق تېخنىكىلىرىنى ۋاستە قىلغان ھالدا مەيدانغا چىقىۋېدى، كىشىلەرمۇ ياقتۇرۇپ كىيىشتى، ئۇبدانلا بازارمۇ تاپتى. دوپپا، شەپكە قاتارلىق باش كىيىملەرمۇ رەڭگارەڭلەشتى. ئۇيغۇر ئۆتۈكلىرى، مەسلىرى ھازىرمۇ ئوخشاشلا ئىزدىلىنىپ كىيىلمەكتە. مەلۇم مەنىدىن زامانىۋىلىشىش، مەدەنىيلىشىش، مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش دېگەنلەر ئەنە شۇكەنغۇ؟ بۇنىڭلىق بىلەن بىز ئۇيغۇرلار يوقلىپمۇ كەتمەيمىز، ئاسمانغا چىقىپمۇ كەتمەيمىز بەلكى مەدەنىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز ۋە مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشىغا تېخىمۇ دادىللىق، كۈچ بىلەن قاتنىشالايمىز، ئۆزىمىزنىمۇ تونۇتالايمىز. قانداق قىلىش يەنىلا كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى، مەسئۇلىيەت بۇرچى بەلگىلەيدىغان ئىشتۇر.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - ،60 - يىللىرىدىن ئىلگىرى شەھەرلەردىكى خەنزۇلارنىڭ ئوقۇمۇشلۇقلىرى ياندىن ئىزمىلىنىدىغان ئۇزۇن قارا چاپان كىيىشەتتى، ئادەتتىكى كىشىلەر بولسا ئومۇميۈزلۈك قارا چاپان - ئىشتان كىيىشەتتى. خۇرۇم ئاياغ دېگەننى ئازساندىكى بايلار كىيىمسە، ھەممىسلا لاتا خەي كىيىشەتتى.مەن 1960 - يىلى ئەنخۇيدىن چېگرا رايونغا ياردەمگە كەلگەن خەنزۇ ياشلىرىنىڭ كىيىملىرىنى كۆرگەن. ئۇلار كىيگەن ئىشتانلار تاسما ئۆتكۈزۈلىدىغان ھازىرقى ئىشتانلار بولماستىن بەلكى قولدا ئاددىي قارا رەختتىن تىكىلگەن، لىپىزى ئۈستىدىن لاتا بىلەن باغلاپ كىيىدىغان ئىشتانلار ئىدى. مانا ئارىدىن 40 - 50 يىل ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئاشۇ كىيىملەرنى ئەمدى ھېچ نەدە كۆرەلمەيمىز. تېخى مۇشۇ 1980 - يىللارنىڭ ئالدىدىلا سىز كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ كوچىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىڭىز . چۈنكى بۇ نەرسىلەر شۇ يىللاردا «ئەجنەبىيلەرنىڭ نەرسىلىرى»دەپ تەنقىدلىنىپ كۆيدۈرۈلگەنىدى. 1980 - يىللاردىن ئىلگىرى جۇڭگودا كادىرلار بىلەن ئىشچىلارنىڭ پەرقىنى ئۇلار كىيگەن چاپانغا قاراپ ئوڭايلا ئايرىيتتى. كادىرلار ئومۇمەن دېگۈدەك تۆت يانچۇقلۇق، يانچۇقلىرى سىرتتىن تىكىلگەن قارا كۆك ياكى كۆك رەختتىن تىكىلگەن چاپان كىيىشەتتى. يۇقىرى دەرىجىلىكلەر بولسا، ئەنە شۇنداق تۆت يانچۇقلۇق «ستالىن پوسۇن» گىتىل كىيىشەتتى. مانا ھازىر ئارىدىن 20 نەچچە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇنداق كىيىملەرنى كەمدىنكەم ئۇچرىتىمىز. ھازىر ناھىيە - يېزىلارغىچە غەربنىڭ كاستۇم - بۇرۇلكىلىرى ئومۇملىشىپ بولدى. دېمەككى، ئاشۇ بىر دەۋر كىيىملىرى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە كېيىنكىسىگە ئورۇن بوشىتىپ بەردى. ھېچكىممۇ بۇ نەرسىلەرنى توقۇنۇشتى دەپ چەتكە قاقمىدى، بەلكى قوبۇل قىلدى، ئۆزلەشتۈردى. ئۆزىمىزنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمۇ يوق بوپكەتمىدى. يېڭىلىق، ھاياتىي كۈچ دېگەن شۇدە. ئەگەر سىز ئەمدى ئاشۇ بىرچاغلاردىكى ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان كىيىملىرىڭىزنى كىيىپ كوچىغا چىقسىڭىز كىشىلەرنىڭ سىزگە بەئەينى مايمۇنغا قارىغاندەك قارىشى تەبىئىي. بۇنىڭدىن ھەتتا سىز ئۆزىڭىزمۇ خۇدۇكسىرەپ، مەن نېمىگە ئوخشاپ قالغاندىمەن، دەپقېلىشىڭىز مۇمكىن. مەدەنىيەتكە بولغان مۇناسىۋەتتە ئادەم ماھىيىتىنىڭ نېمىگە مايىللىقى كېيىنكى قەدەمنى بەلگۈلەپ قويىدۇ. مانا بۇ كىيىم - كېچەكتىكى مەدەنىيەتنىڭ، ئەنئەنىنىڭ ئۆزگىرىشى، تەرەققىي قىلىشى.

1966 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە ئون يىل داۋاملاشقان بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەسلىپىدىلا «ليۇشاۋچى - دېڭ شياۋپىڭنى تەنقىد قىلىش» دولقۇنى ئەۋجىگە چىقتى. شۇ چاغدا مەن مۇنداق بىر تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى كۆرگەنىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، دېڭ شياۋپىڭغا ھۇجۇم قىلىنغان بۇ ۋەرەقىدە دېڭ شياۋپىڭ ماۋزېدۇڭغا خىزمىتىدىن دوكلات بەرمەي، «تۇل خوتۇننىڭ قايتا ئەرگە تېگىشى»دېگەن فىلىمنى كۆرىدىكەن، دېگەن مەزمۇن بايان قىلىنغانىدى.

چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا ناخشا - مۇزىكىلار، خەلق ناخشىلىرىنىڭ

ھەممىسلا چىرىك، بۇزۇق، فېئودالىزم، بۇرژۇئازىيىنىڭ سۇپپۇرۇپ تاشلىنىدىغان سېرىق نەرسىلىرى دېيىلىپ، چەكلەنگەن. پەقەت سەككىز ئىنقىلابىي تىياتىر — «قىزىل چىراغ»، «شاجىيابالڭ»، «ۋىخۇشەننى پەم بىلەن ئېلىش»... لارنىڭ ناخشىلىرى كېچە-كۈندۈز رادىئو كارنايلىرىدا ياڭراپ تۇراتتى. زېرىكسەڭمۇ مەجبۇرىي كۆرىشىڭىز، ئاڭلىشىڭىز كېرەك ئىدى. ئەلۋەتتە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ قىلغىنى تەبىئىي ئىنسان خۇسۇسىيىتى بولۇپ، بىمەنىلىكلەرنى مەنسىتمەسلىك ئىدى.

1970-يىللارنىڭ باشلىرىدا دېڭ شياۋپىڭ جۇڭېنلىيگە ياردەملىشىپ دۆلەتنىڭ خىزمەتلىرىگە بىرمەزگىل رىياسەتچىلىك قىلىپ، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشىغاندا يەنىلا ئۆزىنىڭ قارىشى بويىچە ئىش قىلىۋەرگەن. نەتىجىدە يەنە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ قايتا ئۇنى تەنقىد قىلىش دولقۇنى قوزغالدى. ئەينى ۋاقىتتا تەنقىد قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلغان نەرسە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگونى زامانىۋىلاشتۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى سۆزلىرى ئىدى. دېڭ شياۋپىڭ تەنقىد قىلىنغان بۇ كىچىك كىتابچە ئىشچىلارغا تارقىتىپ بېرىلگەندە ۋەزىيەت ئىنتايىن كەسكىن بولسىمۇ بىر قىسىم كىشىلەر كۆڭلىدىكىنى يەنىلا ئىزهار قىلالىدى. بىزنىڭ زاۋۇتتا خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، سېخنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن بىر قازاق ئىشچى ماڭا: «دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا ئىكەنغۇ، نېمىسىنى تەنقىد قىلىدۇ؟» دېگەنىدى. دېمەك، ئەينى ۋاقىتتىكى دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەشەببۇسلىرى خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان يېڭى نەرسىلەر بولغاچقا، خەلقمۇ چۈشەنگەن. ئاقىۋەت دېڭ شياۋپىڭ ئۆزى چىڭ تۇرۇپ قوغدىغان ئەقىدىسىنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىلىپ 1978-يىلىغا كەلگەندە — پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قەتئىي يولغا قويدى - دە، كەسكىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قارىشى جۇڭگو مەدەنىيىتىدىكى ئاجىزلىقلارنى پەيدىنپەي يوقىتىپ، جۇڭگو جەمئىيىتىنى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندۇردى. تارىخ ئاخىرى مۇتەئەسسىپ كونىلىقنىڭ، جاھىل ئەنئەنە ساداقەتمەنلىكنىڭ ئەمەس، بەلكى ئاكتىپ ئىسلاھ قىلىش، زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭلا توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئەگەر مىللىي مەدەنىيەتكە مۇئامىلە قىلىشتا بىزنىڭ پىسخىكىمىزدا يەنىلا قاتماللىق، ئارىسالدىلىق، مۇجمەللىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋېرىدىكەن، ئۇ چاغدا ھېچنېمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايمىز. ئەقەللىي تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمەيمىز. تارىخىي ساۋاق شۇنداقكى، يېڭىلىنىپ بارمايدىغان شەيئى يوق. پەقەت ئاكتىپ يول تۇتۇشلا ئەڭ توغرا تاللاشتۇر. بىزگىمۇ ئەمدى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆتمۈشتىكى شانلىق تارىخلىرىمىز تارتقاندەك كۈچلۈك تارتىدىغان يېڭى، جانلىق، دەۋرگە ماس مەدەنىيەت، سالاھىيەت زۆرۈر. بۇنداق سالاھىيەت مىللىي غۇرۇر، مىللىي ئىپتىخار ۋە بىز دائىم ئەسلەيدىغان ئۆتمۈشتىكى شانلىق تارىخىي ئىزلىرىمىز، تارىخىي مىراسلىرىمىزنى نامايان قىلىپ ۋە كېيىنكىلەرگە ئۇلاشتۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇشتا تولىمۇ مۇھىم. سالاھىيەت مەلۇم مەنىدە مەيدىگە بىمالال ئۇرۇپ مەيدانغا چىقالايدىغان خاس ھوقۇق، خاس مەدەنىيەت دېمەكتۇر. مۇشۇ ھوقۇق ۋە سالاھىيەت ھازىر بىزدە يېتەرلىك مەۋجۇدمۇ؟ ئەگەر بىر خەلق ئۆز سالاھىيىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان ۋە ئۇنى دۇنياغا تونۇتىدىغان خاس مەدەنىيەت، ھوقۇق ئاساسىنى تەييارلىيالمىسا، مەدەنىيەت سالاھىيىتى كرىزىسى داۋاملىشىۋېرىدۇ؛ زارلىنىش ئىچىدە كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىدىغان تارىخنىڭ مالىيى بوپقېلىۋېرىدۇ. سالاھىيەت مەلۇم مەنىدە مەدەنىيەت كۈچىنىڭ مەركەزلىشىشى بولۇپ، مىللەت مۇشۇ كۈچ ئارقىلىق نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ھەرقانداق مىللەتتە ئۇنى مەۋجۇدلۇق مەنىسىگە ئىگە قىلىپ تۇرغۇچى بۇ كۈچ يېتەرلىك بولمىسا، ئۇنىڭ سالاھىيىتى ھامان ئىككىنچى بىر كۈچلۈك سالاھىيەتكە ئورۇن بوشىتىدۇ. شۇڭا بىر قىسىم خەلقلەر مەيدىسىگە مۇشتلاپ ئۆز سالاھىيىتىنى كۆز-كۆز قىلىۋاتقان بۇ دۇنيادا تېخى (يېتەرلىك) سالاھىيەت ئاساسىنى ھازىرلىمىغان خەلقلەر ئاۋۋال سالاھىيەتكە ئېرىشىش ۋە ئۆز مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش توغرىسىدا كۆپرەك توختالمىقى، ئەڭ ئاۋۋال بۇ مەسىلىنى ھەل قىلمىقى زۆرۈر. ھەرقانداق بىر مىللەت تىرىشىپ ئۆز ئاجىزلىقلىرىنى تونۇپ، كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، ئىلغار ئەل - خەلقلەردىن ئۆگىنىش ئارقىلىقلا ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزالىشى، مەۋجۇدلۇقىنى ھەقىقىي تۈستە مەنىگە ئىگە قىلىپ چىقالىشى مۇمكىن.

تەبىئىي يەكۈن شۇنداق: ئىنسانىيەت يارالغاندىن بۇيان يېڭى مەدەنىيەت ئېقىملىرىنى ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ تەسىرلىشىشىنى شەخس، مىللەت توگۇل پۈتكۈل دۆلەت، پۈتكۈل تۈزۈملەرمۇ توسۇپ ئالالىغان ئەمەس. تەسىرلىشىش بىر خىل تەبىئىي ئۆلگىلەردىن ئۆگىنىش جەريانىدۇر. شەيئىلەر ھامان مۇئەييەن قانۇنىيەتكە بېقىنغان ھالدا ئۆزىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدا تەبىئىي تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ. بۇ خىل تاللاش پەللىگە چىققاندا ئۆزىنى ئېپقاچقان بىلەنمۇ بىكار. ئاجىز ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ئاچلىق، گادايلىق تەبىئىي ھالدىلا ئۆزىدىكى ئېھتىياجنى سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ پايدىلىق ئېلېمېنت تەركىبلىرى ئارقىلىق تولۇقلايدۇ. تولۇقلىيالمىسا، مۇقەررەركى تېخىمۇ ئارقىدا قالىدۇ، شاللىنىدۇ، بەربات بوپكېتىدۇ.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن مەدەنىيەتكە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە شۇنداق يەكۈن چىقىرىمىز: تەرەققىي تاپقان غەرب مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ شەيئىنىڭ ۋاسىتىلىك تەسىرىنىڭ بىزگە نىسبەتەن ئۈنچىۋالا قورقۇنچلۇق يېرى يوق. بىز ئەڭ مۇھىمى ئۆزىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىمىز، ئەقىدە - ئېتىقادىمىزغا بولغان ئىخلاسىمىزنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە چىڭىتىشىمىز ۋە پايدىسىز، تەرەققىياتقا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان قاراش - ئادەتلەردىن دادىللىق بىلەن ۋاز كېچىپ، ئىلغار ئەللەرنىڭ بىزگە پايدىلىق مەدەنىيىتىنى قورقماي، ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

بىز ئۇيغۇرلار ھازىر ئىزدىنىش، ئالغا ئىلگىرىلەش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان، بۇ جەھەتتە باشقىلاردىنمۇ بەكرەك جىددىي ئىزدىنىشى كېرەك بولۇۋاتقان مىللەت. ئاكتىپ تاللاش، قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسى بويىچە قىلچە ئارىسالدا بولماي، باشقىلارغا ئوخشاشلا تاشقى دۇنيادىن ئۆزىمىزگە زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى تاللىۋېلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ نېسىۋىلىرىمىز ئاشۇ جاھانگاللىق ئىچىدە. ئۇتتۇن ئالىمىز دەپ جاھانگالغا كېلىپ، يولۋاس بارمىكىن، دەپ قورقۇپ ئىچىگە كىرمىسەك قاملاشماس!

## نىشان ۋە ساۋاق: تارىخنىڭ ئېكرانىغا نەزەر سالايلى

يېڭى مەدەنىيەت ۋە تەرەققىياتقا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش ھازىرغا قەدەر ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇدلۇق تەقدىرىگە ھالقىلىق تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇيانقى

دۇنيانىڭ ئۈچ يېرىم ئەسىرگە يېقىن تارىخىغا نەزەر سالساق بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز. يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى ئويغىنىش ھەرىكىتىدىن قورقۇپ، ئىشىكنى ھەم ئېتىۋېلىپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداش، دەپ قۇلاقنى يوپۇرۇۋېلىپ ياكى دەككە ـ دۈككە بولۇپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەندە ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ بېشىدا تۇرغۇنلۇق، مۇتەئەسسىپلىك ئەۋج ئېلىپ، مۇنقەرزلىك خەۋپى كۆچەيدى. مەدەنىيەتنى يېڭى ــ ساپ قان بىلەن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ كەلگەن ئەل ـ مىللەتلەر شۇنچە تېز قۇدرەت تاپتى. تاشقى دۇنياغا ئىشىكنى چىڭ يېپىۋالغان ھەرقانداق بىر مىللەت شۇنچە تېز ئارقىدا قالدى، خارابلاشتى

ۋاھالەنكى، ئاشۇ يېپىق خەلقلەر ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى قايتا ـ قايتا قاتتىق زەربىلەردىن كېيىن خېلىلا سەگىدى، ئۇخلاۋاتقانلىرى سىلكىنىپ ئويغاندى. بۇ ئەللەر ۋە مىللەتلەرنىڭ يۈرەكلىك، پىكرى ئېچىلغان دانالىرى ئاشۇ ئۆزلىرىنى بوزەك قىلىۋاتقان كۈچلۈك مەدەنىيەت ئىگىلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم شۇلاردىن ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنى كۈچلەندۈرمىسە، دۇنيا خەلقلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشەندى ۋە خەلقنى قەتئىي ھالدا ، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇلارنىڭ تەرەققىيات ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلىدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ كەمبەغەللەردە، ئاجىزلاردا يەنە يوقىتىدىغان نېمە بار ئىدى؟ ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئۆزىلا ئۇلاردىكى تەرەققىياتقا پايدىلىق ئىلغار ئامىللارنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرەتتى. ئاجىز ـ مەزلۇم مىللەتلەردە مەھرۇم بولىدىغان يەنە نېمە بار ئىدى؟ يوقىتىدىغانلىرى پەقەت ۋە پەقەتلا ئەسىرلەر بويى ئىلگىرىلەش قەدىمىگە توسالغۇ بوپكېلىۋاتقان روھىي كىشەنلىرى ئىدى. ئۇلار تەرەققىي قىلغان ئەللەردىن ئۆگىنىشنى، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى مىللەت روھىنى ئۇرغىتىپ، ۋۇجۇدىنى تازىلايدىغان بىر بۈيۈك ئىنقىلاب دەپ قارىدى ۋە مەدەنىيەتتىكى بۇ خىل ئاكتىپ ئۆگىنىش ، يۈكسەلدۈرۈش پوزىتسىيىسى بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ قەددىنى كۆتۈردى.

سۇن جۇڭشەن ئەپەندى جۇڭگونىڭ ئۇلۇغ ئىنقىلاب پېشۋاسى. ئۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان غەربنى كۆرگەن، غەربنىڭ تەرەققىياتىدىن ئىلھام ئېلىپ، جۇڭگونى قۇدرەت تاپقۇزۇش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەن. قالاق ـ كونا جۇڭگونى ياۋروپا، ئامېرىكىدەك بۇرژۇئا دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش زۆرۈر دەپ قارىغان. ئۇ قوزغىغان شىنخەي ئىنقىلابى دەل مەدەنىيەت جەھەتتە يېڭىلىنىش، قوبۇل قىلىش، تەرەققىي قىلىش خاھىشىنى 1911 ـ يىلى جۇڭگودا تۇنجى نامايان قىلغانىدى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ، خەنزۇ ئەرلىرى بەش مىڭ يىل داۋامىدا شەكىللىنىپ، مىللەت يوسۇنىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئۇزۇن چاچلىرىنى قىلچە ئىككىلەنمەي قەتئىي كېسىشنى بىر تۈرلۈك ئىنقىلاب، دەپ قارىغانىدى.

كىشىلەر پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئۇستازى لېنىننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لېنىنگراد شەھىرىنىڭ 1991 ـ يىلىدىن كېيىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە روسىيىدە سوتسىيالىزمنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، قايتا يەنە پېتېربۇرگقا ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى يىللىرىدا پېتېربۇرگ لېنىن رەھبەرلىك قىلغان روسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى ئىدى. شۇڭا لېنىن ۋاپاتىدىن كېيىن، مەزكۇر شەھەرنىڭ نامى لېنىننىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن لېنىنگرادقا ئۆزگەرتىلگەنىدى. بىر چەت ئەل مۇخبىرى ستالىندىن رۇسلارنىڭ قەدكۆتۈرۈشىگە ئۈچمەس تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ پادىشاھ پېتېر بىلەن ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ئۇستاز لېنىننىڭ تۆھپىسىگە باھا بېرىشنى سورىغاندا ستالىن: «لېنىن گويا بىر دېڭىز، پېتېر بولسا دېڭىزنىڭ بىر تامچىسى»دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. ئەپسۇسكى، تۇزۇمنىڭ بىر قېتىملىق ئۆزگىرىشى بىلەن ئاشۇ تامچە يەنىلا ساقلىنىپ قالدى ۋە زورىيىپ دېڭىزغا ئايلاندى. تارىخ يەنە بۇ ئىككى بۈيۈك شەخسكە مۇناسىپ باھا بەردى. نېمە ئۈچۈن پېتېر روسىيە تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ شەخس، دەپ روسىيە خەلقىنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ كېلىنىدۇ؟

بۇ، پېتېرنىڭ رۇسلارنى قۇدرەتلىك مىللەتكە ئايلىنىش يولىغا باشلىغان زور تارىخىي تۆھپىسىدە. ئېنىق ئېيتقاندا، پېتېرنىڭ غەربنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى پراۋوسلاۋىيە دىنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يوسۇنلىرىنىڭ قاتتىق چىرمىشىدا تۇرۇۋاتقان فېئودال، قالاق روسىيىگە ئەينى تارىخىي دەۋردە قىلچە ئىككىلەنمەي ئېلىپ كىرگەنلىكىدە، ھەتتا قاتتىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشتىن يانماي، بۇ مەدەنىيەتنى تارقىتىشقا تىرىشقانلىقىدا. پېتېر 1701 ـ يىلى مەدەنىيەت جەھەتتە يېڭىلاش ئېلىپ بېرىشنىڭ رۇسلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇ ئۆزىنى نىقابلاپ ياۋروپا ئەللىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. كېمىسازلىق ئۇستىخانىلىرىدا تۆمۈرچى بولۇپ ئىشلىدى. غەرب مەدەنىيىتىدىن رۇسلارغا نېمە كېرەكلىكىنى چۈشەندى. روسىيىگە قايتقاندىن كېيىن رۇسلارنى مەنىۋى قىياپەت جەھەتتىن ئۆزگەرتىشتىن ئىش باشلىدى. ئۇ، مىللەتكە، ئۇنىڭ روھىيىتىگە پايدىسىز دەپ قارالغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلەرنى قىلچە ئىككىلەنمەي چۆرۈپ تاشلاپ، ئاشۇ ۋەيرانچىلىق ئۈستىگە يېپيېڭى قىياپەت بىلەن يېڭى مەدەنىيەت تىكلەش كېرەك، دەپ قارىدى. رۇسلار ئەينى ۋاقىتتا ئۇزۇن ساقال قوياتتى. پېتېر بۇ ساقاللارنى ھەتتا زورلۇق ئىشلىتىپ قىسقارتقۇزدى. كېلەڭسىز تون ـ پەرىجىلەر ئورنىغا ياۋروپانىڭ شۇ دەۋردىكى يېڭى پاسون كىيىملىرىنى كىيىشنى تەشەببۇس قىلدى. ھاكىمىيەت، قۇرۇقلۇق، دېڭىز ئارمىيىسىنى تەشكىللەش، باشقۇرۇش تۇزۇلمىسىگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ باردى.

16 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى موسكۋا كىنەزى ئىۋان گروزنىي رۇسلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن دەسلەپكى رۇس دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققاندا روسىيىنىڭ چېگرىسى شەرقتە تېخى ئورال، كافكاز تاغلىرىدىن نېرىغا ئۆتمىگەنىدى. پېتېرنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش دولقۇنىدىن كېيىن، روسىيە قەدەممۇقەدەم قۇدرەت تاپتى.

1703 ـ يىلى پېتېر شىمالدا دېڭىزغا چىقىش ئېغىزىغا ئىگە بولۇپ، فىنلاندىيىدىن نېۋا دەرياسى ئېغىزىنى تارتىۋېلىپ، 1712 ـ يىلى بۇيەردە ھازىرقى پېتېربۇرگ شەھىرىنى قۇرۇپ چىقتى. كېيىنكى روسىيە پادىشالىرى پېتېر باشلاپ بەرگەن يول بىلەن بارغانسېرى قۇدرەت تېپىشقا ئەگىشىپ، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى دېڭىزى بولغان قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى قىرىم ـ تامانلارنى تارتىۋېلىپ، بۇ دېڭىزنى خەلقئارا دېڭىزغا ئايلاندۇردى. ئورال، كافكاز تاغلىرىدىن ھالقىپ، ئەڭ ئاخىرىدا روسىيىنىڭ شەرقىي چېگرىسىنى بۈگۈنكى ياپون ئوخوت دېڭىزىغىچە بولغان دائىرىگە يەتكۈزدى. دېمەك، كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، روسىيە غەربتىن ئۆگىنىپ، ئىسلاھ ئېلىپ بېرىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى بەلكى روسىيە بولۇپ تېخىمۇ قەد كۆتۈردى. شۇڭا پېتېرنىڭ ھازىرغىچە ئۇلۇغلىنىپ كېلىشى، ئۇنىڭ دەل تەرەققىي تاپقان غەرب مەدەنىيىتىگە تۇتقان قەتئىي ئۆگىنىش ئىرادىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىقتۇر.

1860 ـ يىللاردىكى «مېيجى ئىسلاھاتى»ياپونىيە زامانىۋى تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دەپ قارىلىدۇ. «مېيجى ئىسلاھاتى» نىڭ يادروسى مەدەنىيەت ـ ئىدىيە جەھەتتە تەرەققىي تاپقان غەربتىن ئۆگىنىش، ياپونىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدى. مانا ئاخىرى ياپونلار ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرى ئۆگەنگەن ئەنگلىيىنى، كېيىن گېرمانىيىنى ئارقىغا تاشلىۋېتىپ، دۇنيادىكى 2 ـ چوڭ سانائەت دۆلىتىگە ئايلاندى. ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتنىڭ ئىگىسى بولۇپ، دۇنيانىڭ يەنە بىر دىققەت مەركىزىگە ئايلاندى. ياپونلار غەربتىن ئۆگىنىپ ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويمىدى. ئۆزلىرىنىڭ خاس مەدەنىيەتلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالمىدى.

بىز تۈركىيىنىڭ دۆلەت ئاتىسى «ئاتا تۈرك غازى مۇستاپا كامال»نى بىلىمىز. كامالچە ئىنقىلاب، كامالىزم دېگەندەك خەلقئارالاشقان ئاتالغۇلارنىمۇ ئاڭلىغان. نېمە ئۈچۈن مۇستاپا كامال بىر دۆلەتنىڭ ئاتىسى بولۇشتەك يۈكسەك شەرەپكە ئېرىشتى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ يولى بىر تۈرلۈك ئىنقىلاب، ئىزىم بوپقالدى؟ كامالنىڭ يولى مەيلى دۇنيادا قانداق چۈشىنىلسۇن، مۇھىمى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودال تۈركىيىدەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەللەرگە بىر يېڭى ئۆلگىنى تىكلەپ بەرگەنلىكىدە. مۇستاپا كامال قىلچە ئىككىلەنمەي غەرب مەدەنىيىتىنى تۈركىيىگە ئېلىپ كىردى. يېڭى مائارىپنى ئۆزى ئۆلگە بولۇپ، ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە تارقاتتى. مۇتەئەسسىپ ـ جاھىل كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا پەرۋا قىلماي قويماستىن، دادىللىق بىلەن تۈركىيە جەمئىيىتى، مەدەنىيىتىگە قارىتا كەسكىن ئىسلاھات ئېلىپ باردى. يېڭىلىقتىن، مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشىدىن قورقمىدى، بەلكى سىرتنىڭ مەدەنىيىتىنى تۈركىيىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئاساس قىلدى. مانا بۈگۈن كۆرمەكتىمىزكى، ئۇ تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان، باشقىلار ئاسانلىقچە چېقىلالمايدىغان دۆلەتكە ئايلاندى. دۆلەت ئاتىسىنىڭ شانلىق تۆھپىسىمۇ ئاشۇ دۇنياۋى يېڭىلىققا قەتئىي، دادىل، ئىجابىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، خارابىلىق ئۈستىدە يېڭى بىنا تىكلەش ئىرادىسىدىن كەلگەن ئەمەسمۇ؟ ئەمەلىيەتتە تۈركىيە يەنىلا تۈركىيە بولۇپ، قەد كۆتۈرۈپ كەلمەكتە.

مېنىڭچە، بىزنىڭ مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىش ، ئالاقە مەسىلىسىدە خاتىخۇننىڭ قارىشىنى قوبۇل قىلىپ، مەدەنىيەتلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن زادى سېغىشالمايدۇ، بىر ـ بىرىنى ئىستېلا قىلىدۇ، دەيدىغانغا زادى قانچىلىك لوگىكىلىق ئاساسىمىز بار؟ روشەنكى، بىر چوڭ مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلغاندا، دەۋر تەلىپىگە ئەمدى ماس كەلمەيدىغان ئەسلىدىكى مەدەنىيەت تەبىئىي ھالدىلا شاللىۋېتىلىدۇ. مەسىلەن: تۈركىيىنىڭ ئەسلىدىكى ئىمپېرىيە دۆلەتچىلىكى تۈركىيىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولاتتى. يەنە جاھىللىق بىلەن ساقلاپ قېلىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. شۇڭا مۇستاپا كامال ئىككىلەنمەي ئىمپېرىيىدىن ئىبارەت كونا دۆلەت ماشىنىسىنى ۋەيران قىلىپ، قەتئىي ھالدا ئۇنىڭ ئورنىغا جۇمھۇرىيەتنى دەسسىتىپ، تۈركىيىلىكلەرنىڭ خاھىشىغا ۋەكىللىك قىلدى. مانا بۇ دەۋر تەلىپىگە ماس كەلگەن ئىلغار قەدەم ئىدى.

ياپونىيىمۇ شۇنداق. ئۇمۇ پادىشاھ سىمۋول قىلىنغان ئەنگلىيە، گوللاندىيە قاتارلىق تەرەققىي قىلغان غەرب دۆلەتلىرىدەك پارلامېنتار ئاساسىي قانۇنلۇق ھاكىمىيەت دۆلىتىگە ئايلاندى. ياپونىيىلىكلەر ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جۇغلىغان. مۇقەررەركى، زامانىۋى غەرب مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنىڭ زامانىۋىلاشقان ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئېتىقاد،يوسۇن، ئادەت كۆچلىرىگە دېگىنىز دولقۇنلىرىدەك ئۇرۇلۇپ تۇرماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ياپونىيىلىكلەر ئەزەلدىن ئېتىقاد قىلىدىغان دىنلاردىن (مەسىلەن بۇددا دىنى)نىڭ ھازىرقى ياپونىيىلىكلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى ئورنى يەنىلا شۇنداق مۇكەممەلمۇ؟ غەرب خىرىستىئان دىنى ئېتىقادىنىڭ پەقەتلا تەسىرى بولمىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش قاتارلىق خاس مەدەنىيەت شەكىللىرىگە سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى قەتئىي بولمىدىمۇ؟ تەسىرنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. ئەمما ياپونلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ھېلىھەم شۇ قەدەر كۈچلۈك. كورىيانلارنىڭمۇ شۇنداق. تۈركىيىمۇ، تۈركلەرمۇ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن جۇدا بوپكەتكىنى يوق. بىزمۇ تۈركىي قەۋملەرمىز. مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىشىدىن قورقۇپ ، ئەندىشە قىلىپ ياكى باشقىلارنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى تىللاپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ زادى نېمە ھاجىتى، نېمە ئەھمىيىتى بار؟

جۇڭگودا دېڭ شياۋپىڭنى «ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى» دەپ ئاتايدۇ. جۇڭگودىكى ھازىرقى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ نامى بىلەن چەمبەرچاس باغلايدۇ. ئىلگىرى جۇڭگو تاشقى مەدەنىيەتلەرگە نىسبەتەن ھەقىقەتەنمۇ يېپىق ئىدى. دېڭ شياۋپىڭ دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇش، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىقلا بولىدىكەن، چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرى، ئىلغار مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى كىرگۈزۈش، ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆرنەك قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەنىدى. «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»، «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى»، «ئىناق مەدەنىيەت»نىڭ يادرولۇق مەزمۇنىمۇ دەل «زامانىۋىلىشىش»ئارقىلىق ۋەكىللىك مەدەنىيەت سالاھىيىتى ھازىرلاش ئەمەسمۇ؟

دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئىلغار مەدەنىيەتلەر ۋە ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان ھاسىلاتلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ئەزەلدىن دۆلەتلەرنىڭ، مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىش ياكى خارابىلىشىش ۋە ياكى مۇنقەرز بولۇشتەك تەقدىر ـ ئىستىقبالىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە بۇ پوزىتسىيىنىڭ مۇھىملىقى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ ساۋاقلارغا ، ئوبيېكتىپ رېئاللىققا كۆزىمىزنى يۇمۇۋالىدىغان نېمە ئاساسىمىز بار؟ تەرەققىي تاپقان ئىلغار ئەل ـ مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشتىن قورقۇشقا ۋە ھەتتا ئۇنى قورقۇنچلۇق نەرسە قىلىپ كۆرسىتىشكە زادى قانچىلىك مەنتىقىلىق ئاساسىمىز بار؟ بىز مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىشى، مەدەنىيەتلەر ئالاقىسى ئارقىلىق نېمىمىزنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمىز؟ باشقىلارنىڭ نۆۋەتتە بىزدىن ئۈستۈن بوپقېلىشى، بىزنى ئارقىسىغا تاشلاپ ئۈزۈپ كېتىۋېرىشى ئۇلارنىڭ گۇناھىمۇ؟ تەرەققىي قىلىش گۇناھمۇ ياكى ئارقىدا قېلىشمۇ؟ تەرەققىي قىلغانىكەن ـ ئىنسان ياشايدىغان جەمئىيەت بولغانىكەن مەسىلە، كرىزىسمۇ مەۋجۇد بولىدۇ. لېكىن بىز نېمىشقا ھەدېسىلا باشقىلارنىڭ ناچار تەرىپىنىلا كۆرۈپ ئۈركۈپ يۈرىمىز. ئۇنى قورقۇنچلۇق نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋالىمىز؟ قاراپ باقساق ھازىر ھەتتا دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە جۇڭگو ۋە نىسپىي كېيىن قالغان ئەل ـ مىللەتلەر ئاشۇ «بالايىئاپەت مەنبەئى»گە قوغلاپ يېتىشىش، ئۈزۈپ كېتىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىپ، ۋاقىت بىلەن بەسلەشمەكتە. ئەلۋەتتە جۇڭگودىكى بىزدەك

ئۇزۇن، شانلىق تارىخقا ئىگە بىر خەلقنىڭ بۇ «بالا - قازا»دىن قورقۇپ، ئۈركۈپ ۋە ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ بىچارىلىك قاپلاپ كەتكەن بولۇشىغا قاپسىلىپ دۇگدىيىپ تۇرۇۋېلىشىنىڭ نېمىگە، قانچىلىك ئەھمىيىتى بولسۇن؟

بىزنىڭ چىڭ تۇرۇپ ساقلىشىمىز زۆرۈر دېگەن (ئەسلىي)مەدەنىيىتىمىز زادى قايسى دەرىجىدە مەۋجۇد؟ سىرتتىن كېلىۋاتقان مەدەنىيەتلەر بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتامدۇ ياكى بىز خالاپ قوبۇل قىلىۋاتامدىمىز؟ ئەسلىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىن، ئېتىقاد - ئىمانىمىزنىڭ سۇسلۇقىدىن ئاغرىنىشىمىز كېرەكمۇ ياكى باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىنمۇ؟ ئېنىقكى، ئۇيغۇرلار باشقا كۆپ قىسىم خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئەزەلدىن ئارىلاشما مەدەنىيەتلىك مىللەت ۋە ئىزچىل مەدەنىيەت قوبۇل قىلغۇچى مىللەت بوپكەلگەن. ھېلىھەم شۇنداق. شۇڭا بىزگە نىسبەتەن مەدەنىيەت دېگەن بۇ ئۇقۇمدا زامانىمىزدىمۇ ئوخشاشلا ساقلاپ قېلىش، ۋاز كېچىش ، قوبۇل قىلىش دېگەن ئىبارىلەرنى مۇتلەق ھالدا ئىشلىتەلمەسەك كېرەك. مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشى ۋە مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىشتا پايدىلىق تاللاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى مەۋجۇد. مەدەنىيەت تەرەققىي قىلىش جەريانىدىلا ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن مەۋجۇدلۇقىنى خاس ھالدا ساقلاپ قالالايدۇ. گەرچە، ھەر بىر يېڭى مەدەنىيەت ھادىسىسى كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ، يۇسۇن - ئادىتى، ئاڭ قۇرۇلۇشىغىچە مۇئەييەن تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلسىمۇ، خۇددى رۇسلار، ياپونلار، خەنزۇلار، تۈركلەر ۋە باشقىلار يەنىلا ئۆز نامى، ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋەرگىنىدەك، بىز ئۇيغۇرلارمۇ يەنىلا مۇشۇ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىمىزدا ئوخشاشلا ئۇيغۇر بولۇپ كېلىۋەردۇق. ھېلىھەم ئۆز ئەقىدە - ئېتىقادىمىز ، مەدەنىيىتىمىزگە پۇختا بولساقلا ئۇنى يەنە ئۆز خاسلىقى بويىچە داۋام قىلدۇرالايمىز. ئۆزگەرگىنى، ئۆزگەرتىدىغىنى پەقەت شەكلەن ھادىسە خاراكتېرلىق نەرسىلەر بولۇپ داۋاملىشىۋېرىدۇ، خالاس.

شۇنداق ئىكەن، تارىختا تالاي رەت «تەجرىبە قاچىسى»بوپكەلگەن ۋە پىشىپ كەتكەن بىزدەك بۇنداق خەلقلەرنىڭ قانداقتۇر ناھايىتى يىراقتىن كېلىدىغان مەدەنىيەت خۇرۇچلىرىدىن قورقۇپ، ئۈركۈپ كېتىشى بەكلا ئارتۇقچىدۇر. توغرا، ئېھتىيات قىلىش كېرەك. لېكىن ئەڭ مۇھىمى ئۆزىمىزگە خاس سالاھىيەت تەركىبلىرىنى يىمىرىلمەس تۇستە تىكلەپ چىقىشىمىز ۋە ھەرقانداق مەدەنىيەت ئۇچرىشىشىغا دادىللىق بىلەن قاتنىشىشىمىز كېرەك.

## باشقىلار چايناپ بەرگەن نانىنىڭ تەمى بولمايدۇ

دېمەك بىز مۇستەقىل قاراش - پىكرىي مۇستەقىللىقنى تەكىتلىگەنىكەنمىز، مەسىلىلەرگە قانداقتۇر نوپۇز ئىگىلىرىنىڭ كۆزى بىلەن ئەمەس بەلكى خۇدا ھەممىگە ئوخشاش بەخشەندە قىلغان ئۆزىمىزنىڭ كۆزى بىلەن قارايمىز.

ئەلۋەتتە نەزەرىيىۋى ئاساسلارغا، تەپەككۇر بايلىقلىرىغا سەل قارىغىلى، ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە بۇ بىلىملەرنى ئىگىلەپ، قىممەتلىك ماتېرىياللار سۈپىتىدە پايدىلانماي بولمايدۇ. ئەمما باشقىلارنىڭ تەپەككۇرى يەنىلا شۇلارنىڭ تەپەككۇرى، كۆزىمۇ ئوخشاشلا شۇلارغا مەنسۇپ. ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىمىزنىڭ خاس تەپەككۇرى يەنىلا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. بىز ئۆزىمىزمۇ شەيئىلەرنى مۇستەقىل تەپەككۇر بىلەن ھۆكۈم قىلىپ، باشقىلارنىڭكىگە سېلىشتۇرۇپ، تارىخىي جەريانلارنىڭ سىنىقىغا قويۇپ بېرىشىمىز كېرەك.

ئەلگە، مىللەتكە، ئۆز مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھەممە مەسىلىلەر شۇ دائىرە ئىچىدە كىشىلەرنىڭ دائىمىي نەزەر دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا مەسىلىلەرمۇ ئوخشاشلا شۇ مىللەتنىڭ قىزىقىش مۇناسىۋىتى دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئەڭ توغرا تەپەككۇر ئايرىش پەقەت ۋە پەقەتلا ئاشۇ مۇناسىۋەتلىك خەلقلەرنىڭ خاس تەپەككۇرى ئىچىدىلا بىر قەدەر توغرىلىققا، ئېنىقلىققا ئىگە بولىدۇ. گەرچە باشقىلار ئەمدى ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە ئۆيدىن چىقمايمۇ باشقىلار ھەققىدە مەلۇم پىكىر يۈرگۈزسىمۇ، بەزى نوپۇزلۇق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان (ھەتتا بەزى ھۆكۈملەرنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى شۇنداق دەل بولسىمۇ)، ئۇ يەنىلا مەزكۇر رايونغا نىسبەتەن شۇلارنىڭ ئۆزلىرىگىلا تەن بولغان تەپەككۇر ئاساسى بىلەن چىقىرىلغان يەكۈن بولىدۇ.

شۇڭا، مەيلى قانداقلىكى بولمىسۇن مۇناسىۋەتلىك باشقىلار ئۆز ئالدىغا يەنە قايتا كۆرۈپ چىقىپ، سېلىشتۇرما ئاساسىدا مۇئەييەنلەشتۈرمىكى زۆرۈر. كۆپىنچە ھالدا نوپۇز كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ قويىدۇ، خاس تەپەككۇرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھەتتا خۇراپىيلارچە چوقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا كۆپىنچە ھالدا ئۆز مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇرى ۋە ھۆكۈمى ئەڭ ئىشەنچلىك بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا باشقىلار چايناپ بەرگەن نانىنىڭ تەمى بولمايدۇ. ھەركىم ئۆز نېنىنى ئۆزى چايناپ يېيىشى كېرەك.

## يەكۈنگە ئاساس — جەڭگىۋار پەلسەپە

بۇيەردە ھەقىقىي پەلسەپە، سىياسىي قاراشنىڭ ھاسىلاتى ئۆز يېنىمىزدا تۇرۇپتۇ. ئەمما بىز ئۇنى ئىزدەپ يىراقلارغا كېتىپتۇق. ئابلەت ئابدۇللانىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىل 3 - سانىدا بېسىلغان «چىددىساڭ ياشا»دېگەن شېئىرىدا:

*بۇ دۇنيا بىرگە - بىر، چىددىساڭ ياشا،*
*يىقىلساڭ يۈلەرمەس ئۆزۈڭدە گۇناھ،*
*ئالتۇن بول، تۆمۈرلۈك بول، سەن ئۆزۈڭ دۇنيا،*
*قىلىغۇرۇش، تۆكۈنۈش، بايدىسىز «ئاھ - ۋاھ»،*
*بۇدۇنيا بىرگە - بىر چىددىساڭ ياشا.*

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ھازىرغىچە تېخى ئۆزىمىز ۋە ياكى باشقىلارنىڭ خېلى - خېلى ئەدىبلىرى جۈرئەتلىك ئوتتۇرىغا قويالمىغان ھاياتلىق ھادىسىلىرىنىڭ يېشىمىنى يىغىنچاقلاپ دادىل مەيدانغا ئاتتى. (ئابلەت ئابدۇللانىڭ «ئىلى دەرياسى»ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىل 4 - سانىدا بېسىلغان«8280 كۈن»دېگەن شېئىرىدىمۇ ئاپتورنىڭ مۇشۇنداق خاس دادىل خاراكتېرى ئوخشاشلا ئىپادىلەنگەن). بۇ تېمىنى ھازىر بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان بارلىق ئىچكى - تاشقى ھادىسىلەرگە تامامەن تەتبىقلىغىلى بولىدۇ.

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئەگەر بىز ئىنچىكىلەپ دىققەت قىلساق، بىز ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرق تىپىدىكىلەر ئاساسەن دېگۈدەك «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»، «جاۋابكار بولايلى»، «ياشىسۇن!»دېگەندەك مەجبۇرىيەت تۈسىنى ئالمىغان،ئاڭلىق

چاقىرىق، ياخشىلىقنى ئۈندەش، ئۈمىد قىلىش ئىچىدە ياشاپ كەلدۇق. قەتئىي ئەمەلىي مەجبۇرىيەت تۇسنى ئالغان، ياۋروپادىكى مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ بايرىقىغا يېزىلغان «بىر ئادەم ھەممە ئۈچۈن، ھەممە بىر ئادەم ئۈچۈن» دېگەن ئىبنق، كونكرېت شوئارغا بولسا تېخى يېقىن كېلەلمىدۇق. شۇڭا بىزنىڭ سىياسەتلىرىمىز، يېزىلمىلىرىمىز، تەشەببۇس، قاراشلىرىمىز مۇئەييەن ئېنىقلىقتىن كۆرە بوشلۇق قالدۇرۇش«شەرتى»ئىچىدە داۋاملىشىپ كەلدى. شۇنىڭغا بىنائەن مەزكۇر شېئىرنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى ۋە ئۇ ئالغا سۈرگەن پىكىرلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەزكۇر يېزىلمىغا ئاساسىي خۇلاسىلىك نەقىل ئورنىدا كەلتۈرۈشنى لازىم تاپتىم. سەۋەب شۇنداق :«تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»دېگەنگە تەتبىقلىغاندا، ئەگەر ئەينى 7ـ ئەسىردىن باشلاپ بىر نەچچە ئەسىر داۋامىدا ئىسلام ئېتىقاد ـ مەدەنىيىتى قوراللىق كۈچ ۋاستىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك شەكىل بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تاراتمىغان بولسا، ئىسلام دىنى بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىننىڭ بىرى بولۇپ، دۇنيا سەھنىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتالمىغان بولاتتى.

يەنە شۇنداقلا، ئەگەر كوممۇنىستىك ئىنقىلاب كاپىتالىزم ئۈستىگە جەڭ ئېلان قىلمىغان ۋە ئەينى دەۋردە زور دۇنياۋى تەسىر قوزغىمىغان بولسا، ئۆتكەن بىر ئەسىر ئاساسەن سوتسىيالىزم غەلىبىسىنىڭ ئەسرى بولمىغان بولاتتى.

ئوخشاشلا، ئۆز نۆۋىتىدە ئەگەر كاپىتالىزمۇ قايتا پوزىتسىيىلىرىنى تەڭشەپ، مۇستەھكەملەپ، سوتسىيالىزم بورىنىنىڭ شىددەتلىك زەربىسىگە كۈچلۈك مۇداپىئە قۇرمىغان ۋە پۇرسەت پىششىپ يېتىلگەندە قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىمىغان بولسا، قولدىن كەتكەن بىر قىسىم پوزىتسىيىلىرىنى قايتۇرۇۋالالمىغان ھەتتا ئۆزىنىمۇ ساقلاپ قالالمىغان بولاتتى. دېمەك، تۈرلۈك مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاشۇ جەمئىيەتلەرنىڭ ھايات ـ ماماتلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەقدىرىگىمۇ ھەل قىلغۇچ تەسىر بېرىدىغان جەڭ ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا داۋاملىشىدىغان «بىرگە ـ بىر»جەڭدۇر. سەن قىلمىساڭ ئۇ چوقۇم قىلىدۇ. شۇڭا ھەر ئىككىلىسىلا ئوخشاش «تاجاۋۇزچى»، «جاھانگىر»ياكى ئەمەس. خاراكتېرى دەل شۇنداق ئوخشاش. ئەگەر بۇ جەڭدە چارىسىز قالسا، يېڭىلسە، ئۇنىڭ چوقۇم ئاشكارىلانغان ئاجىز تەرەپلىرى، ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىياتى قانۇنىيىتىگە زىت تەرەپلىرى چوقۇم بولغان بولىدۇ. بۇنىڭغا بىرىنچى نۆۋەتتە ئىگە بولغۇچى دەل ئۆزى بولىدۇ. ئەيىبنى نوقۇل باشقىلاردىنلا ئىزدەش مەنتىقىگە سىغمايدىغان بىمەنىلىك بوپقالىدۇ، خالاس. شۇڭا ئورنىدىن دەس تۇرۇشمۇ ياكى پۇرسەت كۈتۈش، يېتىۋېرىشمۇ ھەركىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى.

نوقتا قايەردە؟ ئىشەكنى ئۇرۇش كېرەكمۇ، توقۇمنىمۇ؟

دېمەك، بۇ «بىرگە ـ بىر، چىدىساڭ ياشا» دەيدىغان دۇنيا ئىكەن، ئۇنداقتا بىز ــ جۇڭگودىكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ دۇنيادىن ئىبارەت بۇ دېڭىزنىڭ شىددەتلىك دولقۇنىنىڭ زەربىسى ئىچىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان يۇزلىگەن ـ مىڭلىغان كېمىنىڭ بىرسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزگە كېلىۋاتقان دولقۇندىن قورقۇپ، ئەندىشە قىلىپ ئۆزىنشانىمىزنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەددىمىز يوق. بىز ئۆزىمىزگە ، ئالدى ـ ئارقا، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە ئوبدان زەن سېلىپ قارىشىمىز زۆرۈر. ئەسلىي ماھىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقى بالا ـ قازانى باشقىلار تەرەپكە ئىتتىرىۋېتىش، ئەيىبلەش ئۈستىگە ئەمەس، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنى مۇستەھكەملەش، ئۆز ئىشلىرىغا ئۆزى مەھكەم ئىگە بولۇش ئۈستىگە قۇرۇلغان.«ئىشەككە كۈچى يەتمەي توقۇمنى ئۇرۇش»تىن نېمە پايدا؟ بىزگە نۆۋەتتە لازىمى ۋەھىمە، زارلىنىشتەك ئاجىزلىق، بىچارىلىك ئەمەس، بەلكى بىزنى تەرەققىياتقا، يۈكسىلىشكە ئالغا يېتەكلەيدىغان كەسكىن ئېنىق يول ۋە ھەممىگە ئىشەنچ، ئۈمىد بېغىشلايدىغان مۇستەھكەم روھتۇر. ئادەملەر مۇشۇ مەنىۋى بايلىققا ھەقىقىي ئىگە بولغاندىلا ھاياتتىكى ئېرىشىش، ۋاز كېچىش، قايتا يارىتىش، ئۆزگەرتىش قاتارلىق ھوقۇق، مەجبۇرىيەت دېگەندەك ھاياتلىق ۋەزىپىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. شۇڭا ئابلەت ئابدۇللانىڭ پىكىرلىرىنى ئوخشاشلا تەستىقلايدىغان «ھەممە ئادەم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى»دېگەن رۇسلاردىكى بۇ مەشھۇر ماقالىنى ئىبرەت قىلىپ، ئەستە تۇتۇش لازىم.

بۇ ھەقتە دىلئارام قۇربان ئايتۇركىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى 2004 ـ يىل1 ـ سانىدىكى «قەدىمكى شەھەردە ئويلىغانلىرىم» ۋە مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2004 ـ يىل 3 ـ سانىدىكى بۇ ماقالىگە تەسىرات سۈپىتىدە يېزىلغان م.سۆيگۈنىنىڭ «يىراقتىن پىلىلدىغان نۇر»، گۆھەر ھەمرانىڭ «دىلئارام قۇربانغا خەت»قاتارلىق ماقالىلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مىللىي مەدەنىيىتىمىز ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرى دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ ماقالىلەردىن مىللەت ۋە مىللىي مەدەنىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەت، بۇرچ تۇيغۇسى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ماقالىلاردا بىز تەرەققىياتتىن نېمىلەرنى ئۆگىنىمىز؟ دېگەن سوئالغا ھېچقانداق سىرلىقلاشتۇرۇلماي، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تېگىشلىك مۇئەييەنلەشتۈرۈپ جاۋاب بېرىلگەن، زامانىۋىلىشىش بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە مەلۇم نۇقتىلاردىن ئىجابىي كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. مېنىڭچە، ھەرقانداق بىر ئىلغار مەدەنىيەت تېپى تەسىر قىلمىسا كىشىلەردە ئويغىنىش، ئويلىنىش ۋە سېلىشتۇرما بولمايدۇ. بۇنى توغرا نۇقتىدا تۇرۇپ چۈشىنىشىمىز ۋە بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم.

دىلئارام قۇربان ئايتۇركىنىڭ «قەدىمكى شەھەردە ئويلىغانلىرىم»دېگەن ماقالىسى ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن م . سۆيگۈنىنىڭ «يىراقتىن پىلىلدىغان نۇر»، گۆھەر ھەمرانىڭ «دىلئارام قۇربانغا خەت»دېگەن تەسىرات ماقالىلىرىدىكى بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك پىكىرلەرنى يۇقىرىدىكى مۇھاكىمە ۋە پىكىرلىرىمگە ئەقەللىي يەكۈن ئورنىدا كەلتۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپماقتىمەن. دىلئارام قىزنىڭ «دادىللىق بىلەن ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرىدىغان، ئاكتىپلىق بىلەن بازار ئاچىدىغان ئاجايىپ بىر دەۋر سىزگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۆزىڭىزنى، مەدەنىيىتىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنى قازمىسىڭىز باشقىلار سىزنى، شىنجاڭنى پايانسىز قۇملۇق، كەتمەن چېپىۋاتقان، ئىشەك مىنىپ كېتىۋاتقان ھالەتتە چۈشىنىپ كېتىۋېرىدۇ. مۇنداق رېئاللىق راستىنلا سىزگە قىستاپ كېلىدۇ. مەن ئويلايمەن، تەخىرسىز رېئاللىق قىستاپ كەلگىچە، سىز ئالدىدا تېزرەك ھەرىكەت قىلىڭ. كونىلارنىڭ ‹سۇ كەلگىچە توغان سال›دېگەن ھېكمەت سۆزى بار... ‹ئارمان› شىركىتىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان نەرسە، ئۇ دەل بىزدىكى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ زامانىۋى تۈس ئېلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېگەن يەكۈنى زامان تەلىپىگە مۇناسىپ پىكىرلەردۇر.

شۇنداق. بىز ئۇيغۇرلار تېخىچە «زامانىۋىلىشىش»تا باشقىلارنىڭ

ئىلغار مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلالمىدۇق ـ يوق، قوبۇل قىلساق قانداق قوبۇل قىلىمىز؟ دېگەن مۇھاكىمە جاڭگاللىقى ئىچىدە تەمتىرەپ، ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلىپ يۈرۈۋاتىمىز. بۇ ئەسلىدە 50يىل ھەتتا 100يىلنىڭ ئالدىدىلا ھەل بولۇشى كېرەك بولغان مەسىلىلەر ئىدى. ھەرقانداق بىر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت زامانغا خاس يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلمىسە، زامان تەرەققىياتى بىلەن ماس ھالدا راۋاجلىنىپ بارمىسا، سىزنى بۇ دۇنيادا ھېچكىم كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ. بۇ، «زامانىۋىلىك ئىچىدە زامانغا خاس بىر خىل ئىستىقباللىق مەدەنىيەتنى يارىتىش دېگەن سۆز». شۇڭا بۇ سۆز تازا جايىدا ئېيتىلغان. مەدەنىيەتنىڭ ئىستىقبالى دەل ئاكتىپ كۈچەيتىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئۆزئارا تەسىرلىشىشتە. نېمىشقا مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەنئەنىۋى خاس مەدەنىيىتىگە مۇناسىپ زامانىۋى تۈس بېرىپ راۋاجلاندۇرسا ، ئۆزىنى زامانىۋى مىللەتلەر قاتارىدا گەۋدىلەندۈرسە بولمايدىكەن؟ ئەنگلىيىدىن ئۆلگە ئالغان، بىر نەچچە ئەسىر بىقارارلىقتىن مۇستەسنا، قەدەممۇ ـ قەدەم يۈكسەك تەرەققىياتقا كۆتۈرۈلۈپ زامانىۋىلاشقان ياۋروپالىقلار ، ئامېرىكىلىقلار، ياپونىيىلىكلەر ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر قىسىم ئەللەر خەلقلىرى مايمۇنغا ئوخشاپ قالغىنى يوق. يەنىلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقىدەك سالاھىيەت ھازىرلىغان، تەرەققىي تاپقان ئەللەر ـ مىللەتلەر بولۇپ قالىۋەردى. شۇنداق ئىكەن، مەن ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەن مايمۇنغا ئۆزگىرىپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. بەلكى ئۆزىگە تېخىمۇ ئوخشايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۆزىدىن ئىلگىرى كەتكەنلەرنى ئۆرنەك قىلىش، ساۋاق ئېلىش، يېتىشىش نىشانى قىلىشنى قوللاش لازىم. شۇندىلا سىزگە ھېچبولمىغاندا ئەتراپىڭىزدىكىلەرگە، ئالدى ـ كەينىڭىزدىكىلەرگە ئامال بار يېتىشىۋېلىشنىڭ، بىر قەدەم بولسىمۇ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشنىڭ يولى ئېچىلىدۇ.

م . سۈيگۈن تەسىرات ماقالىسىدا «بىزدە بىردەملىك كۆڭۈل خۇشلۇقىغا ئەمەس، پۈتكۈل جەمئىيەتكە، مىللەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان، مىللەت ئۈچۈن غەم يەيدىغان قىزلىرىمىزمۇ بار ئىكەن. ئۇيغۇر قىزلىرىمىزدا ئۈمىد بار ئىكەن»، «مەسىلىگە يەنىلا ئۈمىدۋار، ئاكتىپ پوزىتسىيىدە قاراش كېرەك ئىكەن»دەپ پىكرىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈردى. مېنىڭچىمۇ شۇنداق. بىز كەلگۈسىمىزگە، ئىستىقبالىمىزغا ئۈمىدسىزلىك، ۋەھىمە ئىچىدە ئەمەس بەلكى ئاكتىپ، جەڭگىۋار پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىشىمىز زۆرۈر. ئۈمىد ۋە ئىشەنچتىن ئىبارەت روھىي كۈچ مەنبەدىن ئايرىلمايلى. «ئاشۇ چەت ئەللىكلەر بىلەن ئۆزىمىز ئارىسىدا قانچىلىك بوشلۇق بارلىقىغا، قانچىلىك پەرقنىڭ ساقلانغانلىقىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك». مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا، تەرەققىي قىلغان ئەل ـ مىللەتلەرنىڭ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى چۈشىنىۋېلىشىمىزدا قىممەتلىك «ماتېرىيال» بولىدىغانلىقىدەك«تۆھپە»سىنى يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ. يەھۇدىيلارمۇ، ياپونىيىلىكلەرمۇ تەرەققىي تاپقان غەربتىن ئۆگىنىپ، يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلەر قازانغان مىللەتلەردۇر. گەرچە بىزنىڭ ئىجتىمائىي ئورۇن شارائىتىمىز، قىممەت قارىشىمىز ئۇلار بىلەن ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما بىز يەنىلا ئۆزىمىزگە ئۇلار قىلغان ئىشنى بىز نېمە ئۈچۈن قىلالمايدىكەنمىز، دېگەن سوئالنى قويۇپ تۇرۇشىمىز زۆرۈر. گۆھەر ھەمرانىڭ «ئەجەبا، بىز شۇنداق قىلالمامدۇق؟» دېگەن سوئالى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كۈچلۈك ئىنتىلىشچان ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ھەربىرىمىز دائىم ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. «مېنىڭچە، بىز ئەمدى ئاز ـ ئازدىن بولسىمۇ ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك ئىش قىلغىنىمىز ياخشى. مەسىلەن: مېنىڭ ئىككى قىزىم بار. مەن چوقۇم قىزلىرىمنى ياخشى تەربىيىلىشىم كېرەك. بۇ مەن قىلالايدىغان ئىش. ئۆزىمىزنىڭ ئائىلىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن باشلاپ ساخاۋەت، پەزىلەتلەر خۇددى دېڭىز يۈزىدىكى دولقۇنلاردەك ئاستا ـ ئاستا كېڭەيسە، مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئېڭىدا چوقۇم ئەجابىي ئۆزگىرىش بولىدۇ. بىر كېچىدىلا يەھۇدىيلارغا، ياپونلارغا يېتىشىۋالغىلى بولمايدۇ. ماڭماي تۇگۈلۈپ تۇرۇۋالسىڭىز ھېچكىم سىزنى يۆلەپ ماڭمايدۇ. شۇڭا ئاز ـ ئازدىن بولسىمۇ چامداپ بېقىش كېرەك». ئەقىدە ـ ئېتىقاد، مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس بولغان ئىلغار تەرەپلىرىدە ئۆزىمىزگە پۇختا بولۇش،باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ بىزگە پايدىلىق بارلىق تەركىب ـ ئامىللىرىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق يۈكسىلىش، ئۆز خاسلىقىمىزنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش مۇمكىن. ئۆزىمىزگە پۇختا بولساقلا سىرتتىن كېلىدىغان تەسىرلەردىن قورقۇپ كېتىشنىڭ ئورنى يوق.

ئاخىرىدا مەزكۇر يېزىلمىنى گۆھەر ھەمرانىڭ مۇنۇ ئاددىي، شۇنداقلا سەممىي ئۈمىدى بىلەن يېزىلغان سۆزلىرى بىلەن ئاياغلاشتۇرىمەن. «قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ مىللەت ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى بەك چوڭ. شاخلاپ ئاينىپ بېرىۋاتقان چاكىنا ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاش بىرلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشتا ھەربىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز بار. يىگىتلەر يىگىتتەك ، ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئاتىلار ئاتىدەك، ئانىلارمۇ ھەقىقىي ئانىدەك بولسا، ھەربىر ئادەم ئۆزىگە، ئايالىغا، ئائىلىسىگە، كەسپىگە سادىق بولسا، مەسئۇلىيەت دېگەن ئىبارە ئۆزئىچىگە ئالغان مەنىنى تولۇقى بىلەن چۈشەنسە، بەخت قۇشى بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ ئەلۋەتتە قونىدۇ. بۇ بىزدىن ئىزچىللىقنى، تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ». مېنىڭچىمۇ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئىستىقبالىغا نىسبەتەن زۆرۈر نەرسە ھەرگىزمۇ ۋەھىمە، قورقۇنچ، ئەندىشە، ئارسالدىلىق ئەمەس، مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت ۋە ئۈمىدۋارلىقتۇر.

2004 ـ يىل 15 ـ دېكابىر ئەنخۇي خېفېيدا يېزىلدى؛ 2005 ـ يىل فېۋرال ـ مارتتا ئەنخۇي خېفېيدا تولۇقلاپ تۈزىتىلدى.

(ماقالە بەزى زۆرۈرىيەتلەرگە كۆرە مەلۇم دەرىجىدە قىسقارتىلىپ، مەسئۇل مۇھەررىر ۋە مۇھەررىر تەرىپىدىن كىچىك تېمىلار بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك، قىسمەن تولۇقلاندى.)

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر باھار كوچا 3 ـ كوچا يان 62 ـ قورۇدا، شەھەر يۇقراسى(M1),(M3)

**تەكلىپلىك بېكىتكۈچى: ئاۋۇت توختى (تەتقىقاتچى)**

## تەقدىرنىڭ تەدبىرىگدە

# ئىشسىزلىقمۇ ياكى ئىقتىدارسىزلىقمۇ؟

ئابدۇللەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي



ئىشسىزلىقنى ئىبارەت بۇ ئاتالغۇنىڭ قاچانلاردا پەيدا بولغانلىقى بىزگە نامەلۇم. لېكىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەڭ تېزلەشكەن دەۋردە بىزگە يۈزلەنگىنى بىر پاكىت. شۇنداقلا، خىزمەتكە، ئىش قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشنىڭمۇ بىر بەخت ئىكەنلىكى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىلا ئىسپاتلانغان بىر ھەقىقەت. ئادەم ئىشتىن باش كۆتۈرەلمىگەندە ئىشتىن بىزار بولغاندەك قىلغان بىلەن، ئىش تاپالمىغاندا جاندىن، ھاياتتىن بىزار بولىدۇ، ئىش قىلىشنىڭ جاپالىق ئەمما ئادەمنىڭ ئادەملىك قىممىتىنى ھېس قىلدۇرغۇچى بىر ئۇلۇغ ھوقۇق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. بىر ئادەم قىلىدىغانغىمۇ ئىش تاپالمىسا ياكى قىلغان ئىشى ئېتىراپقا ئېرىشەلمىسە، ۋەياكى ساپاسىز باشقۇرغۇچىلار تەرىپىدىن سانسىز قېتىم تەكرار ئىشلەشكە مەجبۇرلانسا ئەمما ئىشلىگەنگە تۇشلۇق ھەق - باھاغا ئېرىشەلمىسە ئۇنىڭ بۇ مۇقەددەس ھوقۇقى خارلىنىش يولىغا قەدەم قويىدۇ.

بۈگۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىر ئېغىر ئىشسىزلىق كرىزىسىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ كرىزىسنىڭ مۇقەددىمىسى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن تەڭ باشلانغانىدى. ئۇلۇغ ئىسلاھاتچى دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئاق مۈشۈك، قارا مۈشۈك، چاشقان تۇتقان ياخشى مۈشۈك» دېگەن مەشھۇر سۆزى، ئەمەلىيەتتە، ئىگىسى تاشلاپ بەرگەن تەييار بىز - گۆشكە كۆز پارقىرىتىپ تۇرىدىغان ھورۇن مۈشۈكنى ئەمەس، كاللىسى، پۇت - قولىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزى مۇستەقىل يەم تېپىپ يەيدىغان مۈشۈكنى ئوبراز قىلىپ تۇرۇپ جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ۋە ئىش تەقسىمات قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىغا بېشارەت ئىدى. ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش چوڭقۇرلىشىپ، جۇڭگو جەمئىيىتى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە قەدەم قويغاندا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سەرخىللىرىمۇ بۇ خىل يۈزلىنىشنى تونۇپ يەتكەن، ئەندىشە ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشىنى، خەلقىمىزنىڭمۇ بۇ كرىزىس ئىچىدە پىشىپ يېتىلىپ، تەرەققىياتنىڭ يېڭى بىر قەدەم باسقۇچىغا ئۇتۇقلۇق قەدەم قويۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئۇلار بۇ ئىشنىڭ يېڭى بىر تارىخىي تەرەققىياتتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، پۇرسەت ھەم خەتەرگە يەتكىچە تويۇنغان بۇ خىل ئىجتىمائىي بۆرۈلۈش ئىچىدىكى پۇرسەتنى چىڭ تۇتالىسا مىللىتىمىزنىڭ ئۆز ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى بىر ئالتۇن دەۋرگە

قەدەم قويىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. چۈنكى بازار ئىگىلىكى ھەممە نەرسىنى بازارنىڭ تەڭشىشىگە قويۇپ بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، بىزدىكى پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى بەزى ئىشلارنىڭ كەلمەسكە كېتىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. شۇنداقلا ۋۇجۇدىدا تۇغما سودىگەرلىك ئامىللىرىنى ھازىرلىغان، مەدەنىيەت تىندۇرمىسمۇ سودىگەرلىك ۋە بازار ئىگىلىكىگە بەكمۇ ماس كېلىدىغان بىزدەك مىللەت ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتەن بىر زور تارىخىي پۇرسەت ئىدى. مۇھىمى، كىشىلەرنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىنىڭ يېڭى بىر تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويىدىغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. ئەمدى، ھەممە ئادەم ئىشقىلىپ ئىشسىز قالمايدىغان پاراۋانلىق ئىش تۈزۈمى ئاخىرلىشاتتى، يەنى قولىدىن ئىش كېلىدىغانلار ئۆز ئىقتىدارىنى شۇنچە ئەركىن جارى قىلدۇرىدىغان ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشەتتى؛ تەييارتاپ، جان باقتى، ئىقتىدارسىز كىشىلەرنىڭ كۈنى ئۆلەتتى ۋە ئاز كۈن ئۆتمەي بىزدىمۇ ئىشسىزلىق دەيدىغان سوتسىيال پەنلەر ئاتالغۇسى پەيدا بولۇپ كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى ۋە تۇرمۇشىغا يېڭىدىن - يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. ۋەھالەنكى، كۆپىنچە ئۇيغۇر بۇنى تونۇپ يېتەلمىدى. مائارىپتىكى بازار ئىگىلىكىگە خاس ئىسلاھاتنىڭ ئېلىپ بېرىلماسلىقى سەۋەبلىك كىشىلەردە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان ئاڭ، تەپەككۇر يېتىلەلمىدى، يەنى رېئاللىق بىزنى بازار ئىگىلىكىگە مەجبۇرىي سۆرەپ ئەكىرگىنى بىلەن كالللىمىز پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى تەپەككۇر ئەندىزىسى بىلەنلا قېپقالدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇيغۇر خەلقى تاكى 2000 - يىللارغىچە بالىسى ئالىي مەكتەپكە ئۆتسە شتاتى بارمىكەن، دەپ سوراشنى داۋاملاشتۇردى. بۇ، ھۆكۈمەت بىۋاستە خىزمەت بېرەمدىكەن ياكى ئۆزى خىزمەت تاپامدىكەن، دېگەنلىك ئىدى. مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بالىلارنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىشنى تەبىئىي ھالدا دۆلەتنىڭ ئۈستىگە ئېلىشىنى ئارزۇ قىلدى. دىققىتىنى ئاجايىپ بوشلۇقلار بىلەن تولغان بازار ئىگىلىكى مۇھىتىدىن پۇرسەت ئىزدەشكە يىغماي، «داشقازان»نىڭ ئادەمنى يا تويغۇزماي، تويدۇرمايدىغان، ئەمما ئاچمۇ قويمايدىغان تامىقى ھەققىدە خام تەمەلەردىلا بولدى. بالام بۈگۈنكىدەك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا قانداق كەسىپلەرنى ئىگىلەپ، قانداق ئىقتىدارغا ئېرىشىپ، جەمئىيەتتىن بىر كىشىلىك خىزمەت ئورنىنى قانداق ئىزدەپ تاپىدۇ ياكى ئۆز ئەقلىگە تايىنىپ ئۆزىنى قانداق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ ياكى شۇنداق قىلىشى كېرەك، دەپ ئويلىمىدى. پۈتۈنلەي ئويلىمىدى دېسەك خاتالاشقان بولىمىز، ئەمما كۆپىنچە ئادەم بۇ ھەقتە ئويلاشنى خالىمىدى، ھەتتا مۇشۇنداق بىر زۆرۈرىيەتنى تونۇپمۇ يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتقان شىنجاڭدىن ئىبارەت ئىختىساس ئىگىلىرى ئەڭ كەمچىل بۇ يەردە ئادەمگە شۇنداق ئالاھىدە ۋە غەيرىي تۇيۇلىدىغان، قارا يۇمۇرغا ئوخشايدىغان ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئىشسىز قېلىش ھادىسىسى پەيدا بولدى. بازار ئىگىلىكى مۇھىتىدا شەكىللەنگەن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش پۇرسىتىنىڭ كېڭىيىشى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتىنىڭ شىددەت بىلەن ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەمما ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىسبىتىنىڭ ئېشىشى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە بولماي قالدى. يەنى جەمئىيەتتىكى ئېھتىياجلىق كەسىپلەر، ئىش ئورنى، ئىش ئورنى يارىتىش مۇھىتى بوشلۇقى ۋە شۇ خىل كەسىپلەرنى ئېچىش، كەسىپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بېكىتىش، دەرسلىك ئىسلاھاتى، بازار ئىگىلىكى بىلەن ماسلاشقان مائارىپتىكى تۈزۈلمە، ئوقۇتۇشنى ئىسلاھ قىلىش، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى يېڭىلاش .... قاتارلىق ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەر ئاقىلانىلىك بىلەن تەھلىل - تەتقىق قىلىنمايلا كۆپلەپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدىيۇ، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا يېتەرلىك ئىش ئورنى مۇھىتى شەكىللەنمىگەن جەمئىيەتتە تېڭىرقاپ، لەيلەپ قالدى. شۇنداق قىلىپ پىلانلىق ئىگىلىك تەرتىپىدە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچى پىلانلىق ئىگىلىك قېلىپى بۇزۇلۇپ، بازار ئىگىلىكى ئاستا - ئاستا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈۋاتقان جەمئىيەتتە ئىشسىز قالدى. ئۆزىنى بازار ئىگىلىكى مۇھىتىغا ماسلاشتۇرمىغان ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىنورمال كەسىپ قورۇلمىسى بىلەن بۇيرۇققا بويسۇنۇشقىلا ئادەتلەنگەن، ئىجادىي تەپەككۇر قىلىشقا ئىنتىلمەي تەپەككۇرى يىگىلەپ كەتكەن قاتمال - دوگما باشقۇرغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى، ئاتا - ئانىلار، جەمئىيەت شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كالللىسىدا بازار ئىگىلىكىگە خاس كرىزىس تۇيغۇسى، مۇستەقىللىق خاھىشىنىڭ شەكىللىنەلمەسلىكى، بېقىندىلىق، تايىنىۋېلىش پسىخىكىسىدىن قۇتۇلالماسلىقى ۋە بۇنىڭدىن باشقا بەزى ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي سەۋەبلەر بۇ خىل ھادىسىنىڭ بىۋاستە سەۋەبچىلىرى ئىدى. مەن 2002 - يىلى خىزمەت بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئايلانغاندا تېلېۋىزوردىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت - ئوبلاستتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر ۋە ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدىكى پائالىيەتلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. شۇ چاغدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، جەمئىيەتنىڭ ئىستېمالىدىن ئېشىپ قالغان ياكى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈپ ياتقان ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ سانى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر ناھىيىدە نەچچە مىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا ھەر يىلى ھەر بىر ناھىيىگە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىدىغان ئىككى - ئۈچ يۈز ئوقۇغۇچى يەرلىك دائىرىلەرنىڭ كۆتۈرۈپ قوپماق تەس يۈككە ئايلانغانىدى. چۈنكى ئاشۇ ناھىيىلەردە يارىتىلىۋاتقان ئىش ئورنى يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ، تۈركۈملەپ ئىختىساس ئىگىسىنى ھەزىم قىلىدىغان كارخانىلار ئاساسەن قۇرۇلمىغان ياكى قۇرۇلسىمۇ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بىر نەچچە ناھىيىسىدىكى زىيان تارتىپ توختاپ قالغان يىپەك زاۋۇتلىرىدەك بىر مەزگىل ئىشى ئېقىپ، كېيىن رەھىمسىز بازار رىقابىتىدە ۋەيران بولغانىدى. ھەر بىر ناھىيىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى سىڭدۈرىدىغان ئەڭ چوڭ ئاشقازان - مائارىپ سىستېمىسىمۇ تويۇنۇشقا باشلىغانىدى. ئىشسىزلىق ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان جىددىي مەسىلىلا ئەمەس بەلكى ھەر

بىر ئادەمنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە تاقىشىدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە بوپقالغانىدى. چۈنكى، كېلىپ چىققان بۇ ئىشسىزلىق بازار ئىگىلىكى بىلەن پىلانلىق ئىگىلىك ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشتىن پەيدا بولغان مەسىلە بولۇپلا قالماي، ئىشسىز قېلىۋاتقان ھەر بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئىقتىدارسىزلىق مەسىلىسى ئىدى.

مائارىپنىڭ مۇھىم مەقسەتلىرىدىن بىرى ئادەمگە بىلىم، ھۈنەر-كەسىپ ئىگىلىتىپ، تېخىمۇ زور ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، شۇ ئارقىلىق شەخسنىڭ تۇرمۇشنى باياشاتلىققا ياكى بەختكە باشلاشتۇر. لېكىن بىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن بالىلارنىڭ كۈچلىنىش ئورنىغا ئىش تاپالماسلىقى، يېڭى ئىشسىزلار قوشۇنىنىڭ ئەزالىرىغا ئايلىنىشى ئادەمنى بەكمۇ ئويغا سالىدۇ. ئۇنداقتا سەۋەب زادى نەدە؟ ئۇلارنى تەربىيىلەۋاتقان مائارىپتىمۇ ياكى جەمئىيەتنىڭ ئىش ئورنى يارىتىش ئىقتىدارى بىلەن ئوقۇغۇچى تەربىيىلەشتىكى سان - سۈپەت نىسبىتىنىڭ ماس كەلمىگەنلىكىمۇ؟ ۋە ياكى ئاشۇ ئالىي مەكتەپلەر تەرىپىدىن تەربىيىلەنگەن بالىلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىدىمۇ؟

1

كېيىنكى ئېيتىشقا بولىدۇكى، جۇڭگودەك دۇنيا بويىچە ئادىمى ئەڭ كۆپ دۆلەتتە ئىشسىزلىق ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىدىغان چوڭ مەسىلە. «ئادەم كۆپ بولغاچقا ئىشسىزلىقتىن ساقلانماق تەس» دەيدىغان كېسەل قاراشنىڭ كۆپىنچە ئادەمنىڭ كاللىسىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشى بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن. ھەتتا بۇ خىل «ساقلانماق تەس» دەيدىغان كېسەل قاراش بەزى جايلاردا بۇ مەسىلىگە بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىك، سەل قاراش خاھىشىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇنى تېخىمۇ چوڭ ئىجتىمائىي ئاپەتكىمۇ ئايلاندۇرۇپ قويغان. نېمىشقا بىز بۇ يەردە «كېسەل قاراش» دېگەن ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا قويىمىز؟ گەرچە جۇڭگو دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەت سانالسىمۇ نوپۇس زىچلىقى ئەڭ كۆپ دۆلەت ئەمەس. دۇنيادا نوپۇس زىچلىقى جۇڭگودىن كۆپ دۆلەتلەر ناھايىتى نۇرغۇن. مەسىلەن: دۆلەت زېمىنى شىنجاڭنىڭ تۆتتىن بىرىگە توغرا كېلىدىغان ياپونىيىنىڭ ئاھالىسى 120مىليوندىن كۆپ. مۇشۇ نىسبەت بويىچە قارىغاندا، جۇڭگولۇقلارنىڭ نوپۇس كۆپلۈكىدىن كېلىپ چىققان ئەقىل بايلىقى تولۇق ئېچىلسا، ياپونىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىر شىنجاڭ زېمىنى تەخمىنەن 600 مىليوندەك ئاھالىنى ياپونىيىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدە باقالىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇنداق سېلىشتۇرۇشقا ھەر خىل گەپلەر بىلەن قارشى تۇرىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن قىلدەك پاكىت پىلدىنمۇ چوڭ قۇرۇق گەپتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش ئاساسىدىكى ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا نەچچە مىڭ يىل ياشىغان، ئادەملىرى ناتۇرال ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىدىن تېخىچە تولۇق قۇتۇلالمىغان، ئەزەلدىن جىددىي ئىجتىمائىي رىقابەتكە يۈزلىنىپ باقمىغان، بىر مەزگىللىك پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئىشسىزلىق تېخىمۇ چوڭ مەسىلە. چۈنكى ناتۇرال ئىگىلىك پەيدا قىلغان ھورۇنلۇق، ھەممىلا ئىشتا ھۆكۈمەتكە تايىنىۋېلىش، يېڭى ئىش - خىزمەت مۇھىتى يارىتىشقا ئىنتىلمەسلىك، كىچىك ئىشنى ياراتماي، چوڭ ئىش قولىدىن كەلمەسلىكتىن ئىبارەت بوشاڭ پىسخىكا زاماننىڭ تېز تەرەققىياتى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىشسىزلىق بىلەن ئۇچراشسا تراگېدىيە تېخىمۇ ئېغىرلىشاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشسىزلىق مەسىلىسىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە بوپقېلىشى دەل مانا مۇشۇنداق تراگېدىيىنىڭ تۇرمۇشىمىزغا رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بىۋاستە ئىپادىسى.

ئىشسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىش - خىزمەت مۇھىتى يارىتىش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنى ھەزىم قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان ئىش - خىزمەت مۇھىتى كېرەك. ئۇنداقتا، بۇنداق شارائىتنى زادى كىم يارىتىدۇ؟ ھۆكۈمەتمۇ؟ ياكى بىل.گېيتسقا ئوخشاش تالانتلىق كارخانىچىلارمۇ؟

پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى تەپەككۇرىمىز بويىچە قارىغاندا بۇنداق ئىش - خىزمەت مۇھىتىنى ھۆكۈمەت يارىتىشى كېرەك. چۈنكى پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدە ھەممە ئىشىمىزغا ھۆكۈمەت ئىگە بولۇپ، ھەتتا بىزگە خىزمەت بېرىپ كاللىمىزدا ئېغىر دەرىجىدە ھۆكۈمەتكە يۆلىنىۋېلىش پىسخىكىسى پەيدا بوپقالغانىدى. نۇرغۇن كىشى جەمئىيەتتىكى خىزمەت ئورنى قانداق يارىتىلىدۇ، دېگەن مەسىلىگە قىلچە باش قاتۇرۇپ يۈرمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيىتىمىزدە شەخسنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرى- ئىقتىدارى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولىدىغان زور ئىشلار ناھايىتى ئاز يۈز بېرىدىغان ياكى زادى يۈز بەرمەس بوپقالغانىدى. لېكىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئاستىدا ھۆكۈمەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش فۇنكسىيىسىنى تەبىئىي ھالدا بازارنىڭ تەڭشىشىگە تاپشۇرىدۇ. ھەممە ئىش بازارنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە تەشكىللىنىدۇ. بازارنىڭ قانۇنىيىتىگە، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىش - تەرەققىيات تەلىپىگە ماس ھالدا ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن كۈچلەندۈرۈپ ماگىلىغانلار تەمتىرىمەي ئىش تاپىدۇ، ھەتتا باشقىلارغىمۇ ئىش ئورنى يارىتىدۇ. بولمىسىچۇ؟ بىر ئۆزىنىڭ جېنىنىمۇ باقالمايدىغان ئىجتىمائىي يۈككە ئايلىنىدۇ.

ئۇنداقتا، بۈگۈنكى ئىشسىزلىقنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟ ئۇ ھەقىقىي ئىشسىزلىقمۇ ياكى ئىدىيىنىڭ ئازاد بولماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان، بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشالمايدىغان ئىقتىدارسىزلىقمۇ؟ قانداق قىلغاندا بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىپ، بازارنىڭ پۇرسەتلەر بىلەن توشۇپ ياتقان قوينىدا يېڭى ئىش ئورنى مۆجىزىلىرىنى ياراتقىلى، ھەتتا نۇرغۇن كىشىگە ئىش ئورنى يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ؟

مەن بەزىدە دەرس بېرىۋاتقان، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇشۇ تېمىدا مۇڭدىشىپ قالىمەن.

— ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىش ئويىدا يۈرۈۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىدىم بىر كۈنى.

— دۆلەت مەمۇرلۇق ئىمتىھانىغا قاتنىشىمىز، ئوقۇتقۇچىلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ستۇدېنتلار.

— ئۇنداقتا ھەممىڭلار دۆلەتنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى

تەمە قىلدىڭەنسلەر ـ دە؟ — دېدىم مەن.

ستۇدېنتلار تۇشمۇ ـ تۇشتىن سۆزلەپ كەتتى، ھەتتا بەزىلىرى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگۈزۈپ قويۇپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن كارى بولمايۋاتقان ھۆكۈمەتتىن ئاغرىندى. ئۇلار گەرچە ھەر خىل خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىمىز دېيىشكەن بولسىمۇ، لېكىن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرمىدى دەپ دۆلەتتىن ئاغرىنىش كويىدا بولغانلىقى، ھەتتا، يەنىلا ئىمتىھان بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى غايىسىنى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئارقىلىق رېئاللاشتۇرۇشقا ئورۇنۇشلىرى، شۇنىلا ئەڭ ئۈنۈملۈك چىقىش يولى سۈپىتىدە تاللىۋېلىشلىرى، ئۇلارنىڭ تېخىچە پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى «داشقازان»غا تەلمۈرۈش خام خىيالىدىن قۇتۇلالمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

مەن تونۇيدىغان نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى خىزمەت مۇھىتىغا نىسبەتەن بەك كۆپ تەييارلىقى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆگىنىپ قويۇپلا ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە قىلچە شەخسىي پىلانسىز ھالدا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىغا ماشىنا ئادەمگە ئوخشاش بويسۇنۇپ كېتىپ باراتتى. ھەتتا تالاي ستۇدېنتنىڭ كاللىسىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى خىزمەت رىقابىتىگە قانداق تەييارلىق قىلىمەن؟ كەلگۈسىدە مېنى قانداق تەقدىر كۈتۈپ تۇرىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئازراقمۇ تەييارلىقى يوق ئىدى. بۇ نۇقتىدا ئۇلار مەكتەپداشلىرى بولغان خەنزۇ ستۇدېنتلاردىن زور دەرىجىدە پەرق قىلاتتى. ئۇيغۇر ستۇدېنتلارنىڭ كۆپىنچىسىنى سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۇكىنىڭ يېتىشىغا قاراپ ئىش تۇتۇۋاتىدۇ دەپ سۈپەتلەشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

مۇشۇنداق خىياللار بىلەن تۇرغاندا، 2002 ـ يىلى خىزمەت بىلەن خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى جېڭجۇ شەھرىدە تۇرۇپ قالغان يېرىم يىلغا يېقىن ۋاقت ئىچىدە يولۇققان بەزى ئىشلار ئېسىمگە چۈشتى:

مەن شۇيەردە بىر نەچچە سورۇنغا قاتناشتىم. مەن شۇ سورۇنلارغا نىسبەتەن يېڭى بولغاچقا، ھەمىشە سورۇندىكىلەر بىر قاتار تونۇشتۇرۇلۇپ چىقىلاتتى ياكى ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ھەر قېتىم مەن ئۆزۈمنى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئىشلەيمەن، دەپ تونۇشتۇراتتىم. لېكىن خېنەنلىكلەر بولسا مەن پۈستانى يەردە داگۇڭ (مەدىكار، ئىشلەمچى) دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشاتتى. لېكىن ئەنە شۇنداق مەدىكارلىق قىلىمەن دېگۈچىلەرنىڭ كىيىنىشى شۇقەدەر رەتلىك، مەلۇماتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ چىقاتتى. بىر كۈنى بىر سورۇندا، جېڭجۇدىكى مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشلەيدىغان بىرسى ئۆزىنى مەن پۈستانى ئالىي مەكتەپتە داگۇڭ (مەدىكارلىق) قىلىمەن دەپ تونۇشتۇردى. مەن ئۇلارنىڭ مۇنداق دېيىشىدە مەلۇم سەۋەبلەر بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم ۋە شۇ سەۋەبنى بىلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتتۈم. بىر كۈنى يەنە بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەن تونۇيدىغان، ئالىي مەكتەپلەردە ئىشلەيدىغان زىيالىيلار ئىدى.

ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇرۇنقىدەكلا پۈستانى ئالىي مەكتەپتە مەدىكارلىق قىلىمەن، دەپ تونۇشتۇردى. لېكىن مەن دائىم مەكتەپنىڭ يېنىدىكى گېزىت بوتكىسىدا كۆرۈپ قالىدىغان بىر يىگىتنى بولسا ئۇلار ئالاھىدە ماختاپ خوجايىن دەپ تونۇشتۇردى. مەن بىر گېزىت بوتكىسى ئاچىدىغان ئادەمگە بىلدۈرۈلگەن ھۆرمەتتىن ھەيران قالدىم. نېمىشقا دېگەن سوئالىمغا مەلۇم ئالىي مەكتەپتە ئىشلەيدىغان خېلى نامى بار بىر زىيالىي مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— بۇ يەردە سېنى باشقىلار خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرسا، بۇندىن كېيىنكى تەقدىرىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغۇچىنىڭ ئىلتىپاتىغا باغلىق بولسا، ھەتتا سەن ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلىدىغان ئادەم بولساڭمۇ كىشىلەر سېنى مەدىكار دەپ ئاتايدۇ، مەنمۇ ئۆزۈمنى پالانى ئالىي مەكتەپتە مەدىكار دەپ تونۇشتۇرىمەن. ئويلاپ باق، سېنى ئۆستۈرۈش، خىزمەتتىن بوشىتىش، قانداق مائاش بېرىش، ھەتتا خىزمەتتىن ھەيدىۋېتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ قولىدا تۇرسا ئۆزۈڭنى مەدىكار دېمەي نېمە دەيسەن؟ سېنى مەدىكار دېمەي نېمە دەيدۇ؟ شۇڭا بىز بۇيەردە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىگەن ئەقىل ئىگىلىرىنى، ھەتتا ئۇ ئاياغ مايلىغۇچى بولسىمۇ، ھۆرمەتلەيمىز، چوڭ بىلىمىز. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشىنى ئۆزى باشقۇرىدۇ، ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن. بىزگە ئوخشاش بىزنى ياللىغۇچىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرمايدۇ.

بۇ گەپلەر ھەققەتەن ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيتتى. خېنەنلىكلەرنىڭ خىزمەت ئېڭى ھەققەتەن بىزدىن نەچچە ھەسسە ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى. بىز تېخى پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى خىزمەت ئېڭىدىن قۇتۇلالمىغاندۇق، «مەدىكار» بولۇشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغانلار بىزدە مۇتلەق كۆپ سانني ئىگىلەيتتى. شۇ سەۋەبتىن شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش كەيپىياتىدا ئالەمشۇمۇل پەرق پەيدا بولغانىدى. مەسىلەن: خېنەندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئالىي مەكتەپنى جەمئىيەتتىن قانداق ئورۇن ئېلىشنى بىۋاستە بېكىتىدىغان بوسۇغا، دەپ قارايتتى. ئالىي مەكتەپنى ئەڭ ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەنلەرنىڭ خىزمەت غايىسى باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلەش ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلەش بولاتتى. شۇڭا بەزى يىللىرى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىلىرىنى جەلپ قىلالماي بەزى جەلپ قىلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. نوپۇسى يۈز مىليونغا يېتىدىغان خېنەن ئۆلكىسىدە ھەممىلا يەردە لاغايلاپ يۈرىدىغان ئىشسىزلارنى كۆرۈش تەس ئىدى. «مەدىكار بولامسەن ياكى خوجايىن بولامسەن تاللاش ئۆزۈڭگە، ئۆز ئىقتىدارىڭغا باغلىق» دېگەن خىزمەت، ھايات پەلسەپىسى خېنەننى ناھايىتى پۇختا ۋە تېز تەرەققىي قىلدۇرۋاتقان بىر ماشىنىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئادەم كۆپ بولسىمۇ ئىشلەيمەن دەيدىغان ئىرادە بولسىلا ئىش تېپىلىش خېنەندەك ئادەم كۆپ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكى بوپقالغانىدى. بىزدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يۇككە ئايلىنىپ قېلىشقا باشلىغاندا، خېنەندە ئالىي

مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىلا ئەمەس ئەڭ ئاددەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغىمۇ جەمئىيەتنىڭ خېلى زور ئېھتىياجى بار ئىدى.

## 2

مەن بىر كۈنى بىلىم ئاشۇرغىلى كەلگەن ئوتتۇز نەچچە ئوقۇغۇچىغا (ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ كەم دېگەندىمۇ ئوتتۇز نەچچىدىن ئوقۇغۇچىسى بار) دەرس بېرىۋېتىپ ئۇلاردىن: «ھازىرلا خىزمەتتىكىلەردىن ئايرىلىپ قالساڭلار قانداق قىلىسىلەر؟ ھازىر ئىلمۋاتقان ماتاشىنكىلارنى جەمئىيەت قويىنىدىن تېپىپ خەجلەپ، كۈنۈڭلارنى ئېلىشقا كۆزۈڭلار يېتەمدۇ؟» دەپ سورىدىم. سىنىپ ئىچى جىمجىت كەتتى. تېخى ئىككى- ئۈچىيلەن: «ئۇنداق بولۇشتىن خۇدايىم ساقلار» دەپمۇ ئۆلگۈردى. مەن ئۇلارنىڭ كۆزىدىن بىر خىل قورقۇمسىراش ۋە بىچارىلىكنى ھېس قىلدىم. پەقەت ئوتتۇز نەچچە ئوقۇغۇچى ئىچىدىن بىر - ئىككىسىلا: «بىز جېنىمىزنى بېقىپ كېتەلىشىمىز مۇمكىن» دەپ بوش جاۋاب بەردى.

قىسقىسى، ئوتتۇز نەچچە ئادەم خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالىمىز دېگەن ئويدا بولۇپ باقمىغان، بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىشنى پىلانلاپ بولغاندەك قىلاتتى، ھەتتا كەلگۈسىدە يۈز بېرىپ قېلىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى ھەرخىل ئېھتىماللىققا نىسبەتەن ھېچقانداق تەييارلىقى يوق ئىدى.

— مىليونېر بولغۇڭلار يوقمۇ؟

— چەت ئەلگە ساياھەتكە چىقىپ باققۇڭلار يوقمۇ؟

— داچا سېتىۋالغۇڭلار يوقمۇ؟

...

ئارقا- ئارقىدىن سورىغان سوئاللىرىمغا ئۇلار خۇددى بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك جاۋابسىز ھالدا ماڭا چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. مۇشۇلارنىڭ تۇرقىدىن ئۇلارنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا چوڭ بولۇۋاتقان بالىلارنىڭ سىيماسى كۆزۈمگە كۆرۈنگەندەك بولدى، ئىچىم ئاچچىققا تولدى. چۈنكى ئۇستازىنىڭ ھازىرقى تۇرقىدىن شاگىرتنىڭ كەلگۈسى ئەھۋالىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس ئىدى.

مانا مۇشۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ ئېسىگە بۈيۈك ئىمپېراتور ناپالېئوننىڭ «گېنېرال بولۇشنى ئويلاپ باقمىغان ئەسكەر ياخشى ئەسكەر ئەمەس» دېگەن گېپى كېلەتتى.

## 3

جەمئىيىتىمىزدىمۇ «مەدىكار» بولۇپ، باشقىلارغا ئۆز تەقدىرىنى تاپشۇرۇپ قويۇپ چەكلىك مائاشىنىڭ بەندىسى بولۇپ ياشاشتىن نومۇس قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇلار ھەممە كىشى «تۆمۈر تاۋاق»تىن مېھرىنى ئۈزەلمەي يۈرگەندە ئۇنىڭدىن دادىللىق بىلەن ۋاز كېچىپ ۋە مۇستەقىل ئىگىلىك يارىتىش يولىغا قەدەم قويدى.

1991- يىلى جۇڭگودىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى — بېيجىڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن ئەركىن ھاشىم ئىسىملىك بىر يىگىت كىشىلەر ھەۋەس قىلغۇدەك جايغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. لېكىن بىر نەچچە يىل خىزمەت قىلىپ بېقىپ بازار ئىگىلىكىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن پۇرسەتنى يوشۇرۇپ ياتقانلىقىنى، ھازىرقى خىزمەت ئورنىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا يېتەرلىك ئىمكان بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزىدەكى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىقتىدارىنىمۇ ئاستا- ئاستا خورىتىۋېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى- دە، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ 1997- يىلى خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى ۋە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىنى سالدى. ناھايىتى ئاز مەبلەغ ۋە ناچار شارائىتتا بەش ئادەم بىلەن ئىش باشلىدى. ئاردىن ئون يىل ئۆتكەندە بۇ ياشنىڭ شۇ چاغدىكى قارارىنىڭ بەكمۇ توغرا بولغانلىقى ئىسپاتلاندى. مانا بۈگۈن ئۇ ئون يىل بۇرۇن تىككەن كۆچەت باراقسانلاپ مېۋە بېرىپ خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇلاردا تارماق دوختۇرخانىسى، 11785 كۋادرات مېتىر قورۇلۇش كۆلىمى، 220 كېسەل كارىۋىتى، 300 خىزمەتچىسى بار بىر كارخانىنىڭ — «بوغدا دوختۇرخانىسى»نىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى.

مۇھىمى، كىشىلەر «تۆمۈر تاۋاق»تىن ۋاز كېچەلمەي، ھەتتا ۋاز كېچىشنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەي يۈرگەندە ئۇ ھۆكۈمەت بەرگەن بىركىشىلىك خىزمەت ئورنىدىن ۋاز كېچىپ جەمئىيەتتە 300 كىشىلىك خىزمەت ئورنى ياراتتى. 300 ئادەم ئۇنىڭ قۇرغان ئىگىلىكىدىن نەپ ئېلىپ ئائىلىسىنى بېقىشقا باشلىدى، كەم دېگەندە 300 ئائىلە ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئېرىشتى. ئەلۋەتتە، بۇ دوختۇرخانا يارىتاتقان ئىجتىمائىي قىممەتلەرنى ساناپ كەلسەك گەپ تولا. ئۇ، جەمئىيەت ئۈچۈن دەل 300 كىشىلىك خىزمەت ئورنى يارىتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىنى يەڭگىللىتىپلا قالماي، خىزمەت كۈتۈپ تۇرغان يۈزلىگەن ئىختىساس ئىگىسىنىڭ خىزمەت قىلىش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

1990- يىلى شائىخەي خۇادۇڭ (شەرقىي جۇڭگو) پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئولوگىيە كەسپىنى پۈتتۈرگەن بىر يىگىت بەش يىل شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەنتەربىيە ئىدارىسىدا ئوزۇقلۇق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، 1995- يىلى ئۆز ئالدىغا ئىش باشلاپ، ئۆزى مەكىبىر جاپادا يىغقان ئېشىنچىسى بىلەن بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىغا بىر ئۇرۇق سالدى. ئاردىن ئون يىل ئۆتكەندە بۇ ئۇرۇق كۆكلەپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا زور تەسىرگە ئىگە ، دۆلەت ھالقىۋاتقان بىر مۇنتىزىم كارخانىغا ئايلاندى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ غايىسى، تىنىمسىز ئىزدىنىش روھى 600 كىشىلىك خىزمەت ئورنى ياراتتى. ئۇنىڭ كۆتۈرۈپ چىققان ماركىسى «ئارمان» شىنجاڭنىڭ بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىغىچىلا ئەمەس، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا تونۇلۇۋاتقان داڭلىق ماركىغا ئايلاندى. مانا بۇ ئۇرۇقنى سالغۇچى — ياش كارخانىچى ، ئوزۇقلۇق دوكتورى رادىل ئابلا ئىدى.

ئابدۇۋەلى ئىسىملىك يەنە بىر ياش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپلا ھۆكۈمەت بەرگەن خىزمەتكە قاراپ ئولتۇرماي، تالاي پۇرسەت تولۇپ ياتقان خوتەن تۇپرىقىغا بىر ئۇرۇق سالدى. بۇ ئۇرۇق ناھايىتى تېزلا كۆكلەپ چىقىپ، ئۇ 30 ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى چاپ- چاپ «كروران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى»، «كروران موسۇلمانچە يېمەك- ئىچمەك زاۋۇتى» ۋە شۇ نامىلىق شىركەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى، نۇرغۇن ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

مەن مۇشۇ ئۈچ مىسال يېتەرلىك، دەپ قارايمەن. بۇ ئۈچ كارخانىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن باشقا فۇنكسىيىلىرىنى،

جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىلىرىنى سانساق گەپ ئاۋۇپ كېتىدۇ. ئەڭ مۇھىم تۆھپە ئۇلار يول ئاچتى، ئۇلار ئاچقان يول نۇرغۇن كىشىگە يېڭىدىن ـ يېڭى يول بەردى، ئۈمىد ـ ئىشەنچ ئاتا قىلدى. نۇرغۇن ئىشسىزغا چىقىش يولى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ يولى، كاللىسى ھېلىمۇ پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن بىر ياخشى ئۈلگە ئىدى. توغرا، بۇ كارخانىلار نۇرغۇن ئەگرى ـ توقايلىقنى باشتىن كەچۈردى، قۇرۇق قول دېگۈدەك ئىش باشلىغاچقا نۇرغۇن توسالغۇغا دۇچ كەلدى. لېكىن ئۇلار بۇ توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ قالمايلا يەنە شانلىق نەتىجە ياراتتى. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ خەلقىمىز ئىش قىلماي گەپ تېپىش بىلەن خېلى مەشھۇر. بىز ئۇلار ھەققىدە ھەرخىل گەپلەرنى توقۇيمىز، ھەتتا سېستىماقچى بولىمىز. كاللىمىزغا ئۇ بىزنىڭ كارخانىمىز، ئۇ بىزنى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەيدىغان كارخانا، قوللىشىمىز، ئەپۇ قىلىشىمىز ۋە يول كۆرسىتىشىمىزگە موھتاج، دەپ قارىمايمىز. ھەتتا ئۇلارنى جەمئىيەتكە تېگىشلىك تۆھپە قوشمىدى، دەيدىغانلارمۇ بار. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلار ياراتقان ئىش ئورنى جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تۆھپە! چۈنكى بىر ئادەمگە ئازراق ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ قۇتقۇزغانغا قارىغاندا ئۇنىڭغا داۋاملىق ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىپ تۇرىدىغان ئەنە شۇنداق بىر مەنبەنى ھازىرلاپ بېرىش ھەقىقىي مەنىدىكى ياردەم ھېسابلىنىدۇ.

كوچىلاردىكى سانجاق ـ سانجاق ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى ماھىيەتتە بىردىن كارخانىنىڭ ئۆلى ئىدى. لېكىن نۇرغۇن كىشى مەن كارخانا قۇردۇم دەپ ئەمەس، ئاشخانا ئاچتىم دەپ ئاددىيلا تەپەككۇر قىلغاچقا ۋە شۇ ئاددىي تەپەككۇر ئەنئەنىسى بويىچە ئاددىيلا ئىش كۆرگەچكە بۇ ئاشخانىلار ئالغا باسماي ئاشخانا پېتى قېلىۋەردى. ئاشپەزلەر: مەن ئىقتىدارىمنى جارى قىلدۇرۇپ مۇشۇ ئورۇندا ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ كەسىپىمنىڭ قەنتىنى چاقىمەن دەپ ئويلىمىغاچقا ئەڭ ئادەتتىكى ئاشپەز پېتى قېلىۋەردى ۋە ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنىڭ ئاشپەز ئىشلىتىش مەسىلىسى ئۇلارنىڭ تىجارەت ئۇسۇلىدىكى ئەڭ ئاجىز ھالقا بوپقالدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر رايونىدا ئون يىل ئۆمۈر كۆرگەن بىرەر رېستوراننىڭ نامىنى تىلغا ئالغىلى بولمايدۇ. ئۈرۈمچىدە رېستورانلارنىڭ نامىنى ئالماشتۇرۇش ۋە پات ـ پات يېڭى رېستوران ئېچىش بىر مودا.

يول بويىدىكى بىر ساتىراشخانا ئۆزىنى ساتىراشخانا دەپلا قارىغاچقا ۋە تېخنىكا يېڭىلاش، تېخنىكا ئۆگىتىشكە سەل قارىغاچقا تەرەققىي قىلىپ ھۆسن تۈزەش مەركىزى ياكى مەكتەپكە ئايلىنالمىدى. موزدوزلار ئاياغ تىكىشتىن ئاياغ زاۋۇتى بارلىققا كەلتۈرۈشكە يۈزلىنەلمىدى. ھەتتا بەزى نورمال ئېچىۋاتقان كارخانىلار كارخانا باشقۇرۇشنى بىر ئىلىم دەپ قارىمايدۇ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى سىناپ باقمايدۇ. كارخانىنىڭ خوجايىنى ئۆلۈپ كەتسە كارخانا تەڭ تاقىلىپ قالىدىغان، كارخانا باشقۇرۇش ئىلمىگە ماھىر ئادەمنى يۇقىرى مائاش بېرىپ تەكلىپ قىلىشقا رازى بولماي رىقابەتچىلىرى تەرىپىدىن شاللىنىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بىزدە پات ـ پات ئۇچراپ قالىدۇ. ئىلىم بىلەن پۇل ئورگانىك ھالدا بىرلەشمىسە ھېچقانداق كارخانا ياكى تىجارەت ئۇزۇنغىچە پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. ئىلىم ئىگىسى نامرات، پۇل ئىگىسى بىلىمسىز قالىدىغان قىسمەت ئۇيغۇر كارخانىلىرى نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ جىددىي مەسىلە. مۇشۇ خىلدىكى بوشلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە بىھېساب ئىش ئورنى، تېپىلماس پۇرسەت، كاتتا بايلىقتۇر. مۇشۇ ساھەلەردىكى ئاجىزلىق، كەمچىلىك، بوشلۇقلارنىڭ كەينىگە ئىنتايىن زور پۇرسەت، ئىش ئورنى، بايلىق بۇلىقى كۆمۈلۈپ ياتىدۇ. گەپ ئۇنى بايقاشتا، قول سېلىپ ئىشلەشتە. ئەڭ مۇھىمى باشقىلارغا تايىنىۋېلىش، يۆلىنىۋېلىش پسىخكىسىدىن قۇتۇلۇشتا.

بەزىدە كوچىلاردا ئىش يوق دەپ لاغايلاپ ـ تېڭىرقاپ يۈرۈۋاتقان تالاي كىشىنى كۆرگىنىمدە ھەمدە ماتېرىياللاردىن ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تاپالمىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئوقۇغىنىمدا ئۇلار ھەقىقەتەن ئىشسىزمۇ ياكى ئىقتىدارسىزمۇ، دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئەلۋەتتە، مەن جەمئىيەت تۈزۈلمىسى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىشقا ئورۇنلىشىش فۇنكسىيىسىنىڭ ئىش ـ خىزمەت مۇھىتى يارىتىشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى ئىنكار قىلمايمەن. لېكىن، شەخسلەرنىڭ ئىجادىي كۈچى ئارقىلىق ئىش ـ خىزمەت مۇھىتى يارىتىشى ھۆكۈمەتنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپلا قالماستىن، ئىگىلىكنى تېخىمۇ ئەركىن، تېز جانلاندۇرىدۇ، ئىقتىسادنى ئاشۇرىدۇ، شەخسلەرنىڭ ئىجادىي كۈچىنى تېخىمۇ ئۇرغىتىدۇ، كىشىلەردىكى بېقىندىلىق، تايىنىش مۇناسىۋىتىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ، مۇستەقىل يېڭىلىق يارىتىش روھى كۈچلۈك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تېخىمۇ كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ. ئۆزى يەيدىغان نانىنىمۇ ئۆز ئىقتىدارى بىلەن تېپىپ يېيەلمەسلىك ھەقىقەتەنمۇ ئۇچىغا چىققان ئىقتىدارسىزلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. جەمئىيەتتە توپ ـ توپ لاغايلاپ يۈرگەن ئىشسىز بىلەن بازار ئىگىلىكى بارلىققا كەلتۈرگەن يوشۇرۇن پۇرسەتلەر ھەققىدە ئويلانغىنىمىزدا شۇنداق سوئاللارنى سورىماي تۇرالمايمىز: بىزنىڭ ئىشسىزلىقىمىزنىڭ تۈپ مەنبەسى زادى نېمە؟ بىزدە ئىش، پۇرسەت يوقمۇ ياكى ئىش قىلغۇدەك، ئىش تاپقۇدەك، يېڭى ـ يېڭى ئىش ـ ئىگىلىك ياراتقۇدەك كاللا، ئىقتىدار، تەپەككۇرمۇ؟

2006 ـ يىل 12 ـ نويابىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

ماۋزۇ سۈرىتىدە: قاچانمۇ پۇل تاپارمەن. ئادىل ئىسمائىل فوتوسى

---

ئاپتور: شائىر، يازغۇچى، يېتىلىۋاتقان ئىجتىمائىيەت تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭ ماارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات لېكتورى(M1)

بۇ سان 2007 ـ يىل 10 ـ فېۋرالدا تىزىشقا يوللاندى، 30 ـ مارتتا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن(M3)، بېكىتكۈچى قۇربان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)



ئەل سۆيگەن ئۇستاز دوكتور، «مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى بويىچە 10 مۇنەۋۋەر دوكتور ـــ رىياسەتچى»نىڭ بىرى ئايشەم هوشۇر خانىم

# فوتوگراف قەييۇم قادىر ئەسەرلىرىدىن



فوتوگراف قەييۇم قادىر ئەپەندى










《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008—6498
国内统一刊号：CN65—1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市胜利路193号
邮　　编：830001　电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22　定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2007-يىل 2-سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193-نومۇرلۇق قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-22 باھاسى: 5 يۈەن